مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈردىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ژۇرنال
3- ۋە 4- نۆۋەتلىك شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ژۇرنال

ISSN 1005-5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

## ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

# 新 疆 大 学 学 报

# JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

ISSN 1005-5878
13>
9 771005 587001

2010. 4

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال


باش مۇھەررىر
**ئابلىكىم ياسىن**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر
**ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**
**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**
بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى
**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**
**مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى**
«غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**ئابلىكىم ياسىن**
«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى»نىڭ مەسئۇلى
**مۇسا روزى**
«تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**
«ئەدەبىيات تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**
«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**



**2010 ـ يىللىق 4 ـ سان**
**(ئومۇمىي 124 ـ سان)**



بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى
خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: مادىيۇەن
ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبە ياقۇپ
رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلھايات ئامانۇللا
بەت لايىھىلىگۈچى: تۇرسۇنئاي باقى

### تەھرىر ھەيئەتلەر

ئابدۇكېرىم رەھمان بۇچى
ئابلىكىم ياسىن
ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان
ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر
ئابدۇقادىر جالالىدىن
ئابلىكىم ھەسەن
ئابدۇشۇكۇر مۇللەك يۇرچى
ئابدۇۋەلى هامۇت
ئادىل مۇھەممەت تۇران
ئابدۇبەسىر شۇكۇرى
ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن
ئاسىمە نىياز
پەخىردىن ھىسامىدىن
چىمەن نەجمىدىن
دىلمۇرات ئۆمەر
رازراق تۆمۈر
راھىلە داۋۇت ئەلچىن
شېرىن قۇربان
غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر
قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى
كۇرەش مەھمۇتجان رەئىسى
مۇختەر مەخسۇت
مۇھەببەت قاسىم
ئوسمان ئىسمايىل تارىم
ئۆمەر مەھمۇت

# بۇ ساندا

## غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى


«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ئات ۋە ئات مەدەنىيىتى ...... ئابدۇكېرىم رەخمان (1)

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ...... ئابلىكىم ياسىن (9)

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنلىرى بىلەن دۆلەت تۈزگەن قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە...... نۇرسۇنئىياز ساۋۇر (17)

شىنجاڭنىڭ 60 يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر، ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ تەدبىرلىرى توغرىسىدا ...... خېلىل مۇھەممەت (26)


## سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى


ستۇدېنتلارغا قارىتىلغان سەممىيەت تەربىيەسىنىڭ ئۇسۇلى ۋە يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش ...... ئەنۋەر ئېزىز (35)

تارىخىي كوچا مەھەللىلەرنى قوغداش، ئېچىش خىزمىتىنى ماس ھالدا ئېلىپ بېرىشنىڭ قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى ھەقىقىي نامايان قىلىشتىكى مۇھىملىقى توغرىسىدا...... مۇھەممەت زۇنۇن ئابدۇكېرىم، ۋاڭ جيەنبىن (42)

شەھەرلىشىش تەرەققىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان تەسىرى توغرىسىدا ...... گۈلزەپەر مۇھەممەت (50)


## تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى


سۆزنىڭ كۆچمە مەنىلىرىنىڭ شەكىللىنىش يوللىرى توغرىسىدا ...... يارى ئەبەيدۇللا (55)

ئالىي مەكتەپ ئىستىلىستىكا ئوقۇتۇشى ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىيالىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر توغرىسىدا ...... ئىسمەت قاسىم (60)

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىغا نەزەر...... زۇلپىيە ياسىن (68)

«قۇتادغۇبىلىك»تىكى كۆپ خىل مەدەنىيەت توغرىسىدا قىسقىچە بايان ...... ئەزىزە ئەبەيدۇللا (74)

بۇددا «جاتاكا» چۆچەكلىرى ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدا ...... ئەنۋەر مەتسەيدى (81)

ئابدۇرېھىم نىزارى داستان ئىجادىيىتىدىن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتۈشۈش ـ سىڭىشىش ھادىسىسىگە نەزەر ...... ئابدۇۋەلى ئابدۇكېرىم (92)


## ئەدەبىيات ۋە پسىخولوگىيە تەتقىقاتى


ئەدەبىياتتىكى مۇھىت ئېڭى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئەھمىيىتى...... ئابلاجان مۇھەممەد ئۇممىدىيار (99)

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە «ئاياللار ئەدەبىياتى»نىڭ ئىپادىلىرى...... ئايسىمە ئىدرىس، ئامانگۇل ئىمىن (105)

كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىمىز توغرىسىدا ئومۇمىي تەھلىل ...... ئەنۋەر رەھىم (113)


## كىتاب ـ ژۇرنال تەھرىرلىكى تەتقىقاتى


ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى قانداق يېزىش توغرىسىدا ...... شېرىن قۇربان (123)

كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ «كىرىش سۆز» ۋە «بەت بوسۇغىسى» ھەققىدە يۈزەكى مۇلاھىزە ...... راھىلە مەتنىياز (128)

كىتاب ـ ژۇرنال تەھرىرلىكىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ...... ئېلنۇر سابىر (132)

新疆大学学报
（哲学社会科学维文版）
2010年第4期
（总第124期）

# 目　　录

## 西域文化研究

《突厥语大词典》中的马和马文化 …… 阿布都克里木·热合曼（1）
回鹘文世俗文书的历史背景 …… 阿布里克木·亚森（9）
论少数民族习惯法与国家制定的法律的关系 …… 图尔逊尼亚孜·萨吾尔（17）
新疆60年经济社会发展的成就和存在的问题、推进发展的措施 …… 贺力里·穆罕默德（26）

## 政治，经济与管理学研究

对当代大学生诚信教育的方法与途径 …… 安尼瓦尔·艾则孜（35）
论保护历史街巷，配合进行开发，真正展现古城喀什历史特点的重要性 …… 穆罕默德·祖农·阿布都克里木，王建斌（42）
论城市化发展对传统文化的影响 …… 古丽则帕尔·穆罕默德（50）

## 语言与文化研究

论词的转义产生的途径 …… 亚热·艾拜都拉（55）
高校的修辞教学和教学材料中存在的问题 …… 依斯买提·哈斯木（60）
维吾尔族祖先粮食加工技术一瞥 …… 祖丽菲耶·亚森（68）
简析《福乐智慧》中的多种文化 …… 艾则孜·艾拜都拉（74）
佛教《本生经》故事与维吾尔民间口头文学 …… 安尼瓦尔·买提赛义德（81）
从阿布都热依木·尼扎里叙事长诗的创作看维吾尔书面文学与口头文学的相互渗透现象 …… 阿布都瓦力·阿布都克里木（92）

## 文学与教育学研究

文学中的环境意识和生态批评的意义 …… 阿布拉江·穆罕默德·玉米提亚尔（99）
新时代维吾尔诗坛上“女性文学”的表现 …… 阿斯麦·伊德里斯，阿曼古丽·依明（105）
电影电视评论通析 …… 安尼瓦尔·热依木（113）

## 书刊编辑研究

论学术论文摘要的写法 …… 西仁·库尔班（123）
浅议书刊前言和卷首语 …… 热米拉·买买提依敏（128）
书刊编辑工作中存在的一些问题 …… 伊丽努尔·萨比尔（133）

31 ـ بىللىق 4 ـ سان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 第 31 卷第 4 期
2010 ـ يىلى 12 ـ ئاي 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 2010 年 12 月

ماقالە نومۇرى: 08—001—04(2010)5878—1005

# «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ئات ۋە ئات مەدەنىيىتى

(مەھمۇد قەشقەرى تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئىلمىي يىغىن ئۈچۈن تەييارلانغان ماقالە)

ئابدۇكېرىم رەخمان
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك»تىكى ئات ۋە ئات مەدەنىيىتىگە دائىر مەزمۇنلار، يەنى ئاتلارنىڭ خاس ئىسمى، رەڭ ـ تۈسى، ئات جابدۇقلىرى، ئات مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار ماقال ـ تەمسىل، ھېكمەتلەر ئەتراپلىق بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە، ئاتنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۈچۈن مىسلىسىز كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىپلا قالماستىن، يەنە پەۋقۇلئاددە مەدەنىيەت ئاتا قىلغانلىقى، بۇ «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى»نىڭ ئەۋلادلار قەلبىدە قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق كويى، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى قوزغىتىپ، ئۇلارنى دائىـــم ئالغا ئىلگىرلەشكە ئۈندەپ كەلگەنلىكى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文全面论述《突厥语大词典》中有关马与马文化的内容，即马的专名、毛色、鞍辔，有关马文化的谚语和格言。与此同时，指出马不仅曾为我们的祖先出过空前的大力，而且造就了特别的文化。这"骑士的文化"在后代的心中激荡起英雄勇士的乐章和自豪的情愫，经常激励他们勇往直前。

**Abstract**: In this paper, the author discuses horse and the horse culture from all aspects in Divanu Lughat—it Türk (The Complete Turkish Dictionary), that is, proper names of horses, coat, saddle bridle, the proverbs and sayings relevant to the horse culture. At the same time, he points out that the horse not only contributed greatly to Uyghur ancestors, but also helped bring up a special culture. This "knight culture" surges heroism and sense of pride among the later generations, and often motivates them to go forward.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122 ماتېرىيال بەلگىسى: A

دۇنيا سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ قامۇسۇل ئەللامى، كۆپ مىللەتلىك بۈيۈك جۇڭخۇا ئائىلىسىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى مەھمۇد قەشقەرى تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقى دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن داغدۇغىلىـــق قۇتلۇقلىنىۋاتقان بۇ ئەھمىيەتلىك خاتىرە كۈندە، ئالىمنىڭ قان ـ تەرىدىن پۈتۈلگەن ئۆلـمەس مىراسى — «دىۋانۇ

---

• بۇ ماقالە 2009 ـ يىلى 23 ـ مارت تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
ئاپتور: ئابدۇكېرىم رەخمان (1940 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قەشقەردە تۇغۇلغان) پروفېسسور، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى، فولكلور ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

لۇغاتىت تۈرك» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ) نى ھۆرمەت ۋە ئىپتىخار ئىچىدە تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. چۈنكى، يۈكسەك بىر مىللىي روھ، مىللىي غورۇرنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىلھامى بىلەن پۈتۈلگەن بۇ ئەسەر «ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشى ئۈچۈنلا تۈزۈلگەن ئاددىي سېلىشتۇرما لۇغەت كىتابى ئەمەس، بەلكى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھاياتىنى، جۈملىدىن ئىلىم ـ پەن، سەنئەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ھاكىمىيەت ـ سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپە ـ ئەخلاق چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرىدىغان مۇكەممەل قامۇستۇر»①. بۇ قامۇس گەرچە بۈنىڭدىن 1000 يىللار مۇقەددەم پۈتۈلگەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە ئۆز قىممىتىنى يوقاتماي كېلىۋاتقان مۇقەددەس دەستۇر؛ چىن مەنىسى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى؛ ھەقىقىي مەسئۇلىيەتچان ئالىمغا خاس يۈكسەك ئىلمىي روھنىڭ شېرىن مېۋىسى؛ ئاتا ـ ئەجداتلىرىمىز يارىتقان ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنىڭ مۇبارەك يالدامىسى. بىز بۇ ئاددىي سۆپەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى «دىۋان» دا خاتىرلەنگەن تەخمىنەن يەتتە مىڭ بەش يۈزدىن ئارتۇق سۆزلەمنىڭ مەنە قاتلىمىدىن ئېنىق بايقايمىز. بىزنىڭچە ئاپتورنىڭ تۆۋەندىكى ئىلاۋىسى بۇ كىتابنىڭ بۈيۈك خاسىيىتىنى چۈشىنىشكە يېتەرلىك ئاساس بولالايدۇ.

«مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئىلەر②، ماقال ـ تەمسىللەر، بېيىت ـ قوشاقلار، رەجەزلەر③ ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزەپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم، ئۆگەنگۈچى ۋە ئىزدىگۈچىلەرنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن، بىر نەچچە يىللار مۇشەققەت چېكىپ، سۆزلەرنى جاي ـ جايىغا قويدۇم، تۇتۇقلىرىنى ئاچتىم، چىگىشلىرىنى يەشتىم...»④، «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم. بۇ يازغان ئەسىرىم تەلەپكە ئۇيغۇن بولسۇن، پايدىلانغۇچىلارغا قوللانما بولغۇدەك بىر قىممەتكە ئىگە بولسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بىرمۇنچە قائىدىلەرنى تۈزۈپ، يېڭى ـ يېڭى ئۆلچەملەرنى قويدۇم»⑤، «ئىلگىرلەشلەرنى خالىغۇچىلارغا شوتا قويۇپ بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم»⑥.

مانا بۇ بىر تەلەپچان ۋە مەسئۇلىيەتچان ئالىمنىڭ مەزكۇر «دىۋان» نى تۈزۈشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئاسى ۋە ئەھدى ـ پەرمانى. ئالىم كۆڭلىگە پۈككەن مۇشۇ يۈكسەك نىشانى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئىزدەندى، ئۇن نەچچە يىل يەرنى سېلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان بارلىق شەھەر ۋە سەھرالارنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتى. زامان ۋە ماكان نۇقتىسىدىن جاھالەتلىك XI ئەسىر مۇھىتىدا يۇرت ۋە مەھەللىلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان بوگۇنكىدەك داغدام يوللارمۇ، ئات ـ ئېشەكتىن باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرىمۇ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەل ـ يۇرت نامايىتى ئۇزۇن ۋە تارقاق بولۇپ، تاغ ـ باياۋان، دەشت ـ چۆللەرنى يالاڭ ئاياغ كېزىش، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقى بىلەن تومۇزنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرىش، ماڭدامدا دۇچ كېلىدىغان يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمى، ئوغرى ـ قاراقچىلارنىڭ ۋەھىمىسى، ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق ئازابى... قاتارلىق جانغا تېگىدىغان قاتمۇ ـ قات قىيىنچىلىقلارغا پەسەنت قىلماسلىق... تەك «مەھمۇد قەشقەرىچە روھ» نىڭ بۇ شېرىن مېۋىسى «يېڭىلىقلار بېرىشتە قىيامىغا، قىممەت ۋە گۈزەللىكتە پايانىغا»⑦ يەتكەن. دەرۋەقە، بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق يۈكسەك قىممىتى بىلەن ئۇن ئەسىردىن بۇيان ئىلگىرلەشنى خالىغۇچىلارغا توغرا نىشان كۆرسىتىپ، يۈكسىلىش تىلىكىدە بولغۇچىلارغا شوتا بولۇپ كەلمەكتە.

ئالىمنىڭ مىڭ يىللىق بۇ كاتتا مەرىكىسىگە ئاتاپ يازماقچى بولغان مەزكۇر تېمىنى تاللىشىمدا مۇنداق ئىككى ئامىل ماڭا ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى: بىرى، ئالىمنىڭ ئۇن نەچچە يىللىق جاپالىق ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيەسىدە ئات ئۇنىڭ ئاساسلىق قورالى ۋە ھەمراھى بولدى؛ يەنە بىرى، ئات قەدىمكى ئۇيغۇر مەنىۋىيىتىدە ئىنتايىن ئېتىبارلىق ئورۇندا تۇرغاچقا «دىۋان» دا ئات ۋە ئات مەدەنىيىتىگە ئائىت كەلىمىلەر خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلىگەن.

«دىۋان» دا ئات ۋە ئات مەدەنىيىتىگە ئائىت جەمئىي 108 سۆزلەم بولۇپ، ئەسەردىكى بۇ سۆزلەملەرنى مەزمۇن خاراكتېرىگە ئاساسەن ئۈچ تۈركۈمگە ئايرىش مۇمكىن:

ئاتلارنىڭ خاس ئىسمى، رەڭ ـ تۈسى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئائىت بايانلار، ئات جابدۇقلىرى ۋە ئاتلاردا كۆپ كۆرىلىدىغان بەزى كېسەللىكلەرنىڭ ناملىرى ھەققىدىكى بايانلار، ئات ۋە ئات مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلەر.

**1. ئاتلارنىڭ خاس ئىسمى، رەڭ ـ تۈسى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئائىت سۆزلەملەر**

(1) or at ئورۇل ئات، توق قىزىل بىلەن سېرىق رەڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئات. 1 ـ توم، 63 ـ بەت.

(2) oy at قارا تورۇق ئات. 1 ـ توم، 69 ـ بەت.

(3) katki at تۆشلۈك ئات، بېلى ئىنچىكە، تۆشى كەڭ ئات، 1 ـ توم، 560 ـ بەت.

(4) bulak̡ at بويى قىسقا، ئۆچىسى كەڭ ئات. 1 ـ توم، 492 ـ بەت.

(5) aoγur at قاشقا ئات. 1 ـ توم، 72 ـ بەت.

(6) θküx yilk̡i توسۇن يىلقا. 1 ـ توم، 84 ـ بەت.

(7) Ozuk at ئۈزار ئات، بەيگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا باشقا ئاتلاردىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئات. 1 ـ توم، 90 ـ بەت.

(8) arkyilk̡i يورغا يىلقا، ئويناق ئاتمۇ دېيىلىدۇ، «arikat» ئويناق ئات. 1 ـ توم، 95 ـ بەت.

(9) azoγir ـ ئايغىر. 1 ـ توم، 129 ـ بەت.

(10) ark̡un ئارغۇن، شالغۇت، ياۋا ئايغىر بىلەن ئۆي بايتىلىدىن تۇغۇلغان ئات. 1 ـ توم، 146 ـ بەت.

(11) qindan at جەدە ئات. 1 ـ توم، 569 ـ بەت.

(12) munduzyorqa at يورغىلاشتىن باشقا يۈرۈشى بولمىغان ئات. 1 ـ توم، 599 ـ بەت.

(13) buktal at ساغرىسى كەڭ ئات. 1 ـ توم، 628 ـ بەت.

(14) kisrak تۇغمىغان بايتال (قىسىر بايتال). 1 ـ توم، 619 ـ بەت.

(15) ulaq ئۇلاغ، بەگىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۈرىدىغان تېز پوچتىچىنىڭ بېكەتلەردە يەڭگۈشلەپ مىنىدىغان ئېتى. 1 ـ توم، 165 ـ بەت.

(16) k̡irat بوز ئات. 1 ـ توم، 425 ـ بەت.

(17) bul at ئاق پاچاق ئات، پېشانىسىدە قاشقىسى بار ئات، «اغر بل uo ar bul» دېيىلىدۇ. 1 ـ توم، 437 ـ بەت.

(18) sip ئىككى ياشقا ماڭغان تاي. 1 ـ توم، 418 ـ بەت.

(19) tusun توسۇن، مىنىلمىگەن تاي. 1 ـ توم، 523 ـ بەت.

(20) kulun قۇلۇن. 1 ـ توم، 525 ـ بەت.

(21) qilguot شىرغا ئات. 1 ـ توم، 560 ـ بەت.

(22) bi بىيە، بايتال. 3 ـ توم، 286 ـ بەت.

(23) quo/o'a at تىز يۈرەر پوچتىچىنىڭ يولدا ئالماشتۇرىدىغان ئېتى. 1 ـ توم، 553 ـ بەت.

(24) kukuz at پېشانىسىدە تەڭگىدەك ئېقى بار ئات، قاشقىا ئات. 1 ـ توم، 473 ـ بەت.

(25) yund ئات، يىلقا («يند اني يپار und ati yipar» ئات گۆشى ئىپار). 3 ـ توم، 7 ـ بەت.

(26) koyixagu at گەجگىسى يېغىر ئات. 1 ـ توم، 640 ـ بەت.

(27) k̡uk̡unluoγ kisrak̡ قولۇنلۇق بايتال. 1 ـ توم، 650 ـ بەت.

(28) takuzlik at قاشقا ئات. 1 ـ توم، 660 ـ بەت.

(29) kelargan at قوسىقى ئىسىلىدىغان ۋە يېتىۋالىدىغان ئات. 1 ـ توم، 678 ـ بەت.

(30) izinqu yilk̡i يۈك ئارتىلماي ئۆز ئىختىيارىچە قويۇپ بېرىلگەن يىلقا. 1 ـ توم، 180 ـ بەت.

(31) ik̡ilaq يۈگرەك ئات، شوخ ئات. 1 ـ توم، 200 ـ بەت.

(32) azioγlioγ at ئىزىق چىشلىق ئات. 1 ـ توم، 200 ـ بەت.

(33) ügürlag azoγiir بايتاللىرى بار ئايغىر. 1 ـ توم، 205 ـ بەت.

(34) tay تاي. 1 ـ توم، 77 ـ بەت.

(35) baxoγilyilk̡i ئاقباش يىلقا. 1 ـ توم، 628 ـ بەت.

(36) bgrul at ئىككى بېقىنى ئاق ئات. 1 ـ توم، 628 ـ بەت.

(37) taroγil تاغىل يىلقا، دۈمبىسى ئالا ـ تاغىل يىلقا. 1 ـ توم، 629 ـ بەت.

(38) kizoγul قىزىل بۇرۇل ئات. 1 ـ توم، 629 ـ بەت.

(39) tum kara at تۇم قارا ئات. 1 ـ توم، 440 ـ بەت.

(40) tumturuoγ at توم توروق ئات. 1 ـ توم، 440 ـ بەت.

(41) tutuk̡ at پىچىۋېتىلگەن ئات، ئاختا. 1 ـ توم، 492 ـ بەت.

(42) saxug at يېشىك ئات، بوش ئات. 1 ـ توم، 505 ـ بەت.

(43) kaval at يورغا ئات. 1 ـ توم، 515 ـ بەت.

(44) tulak yihlķi تۆلىگەن يىلقا. 1 ـ توم، 554 ـ بەت.

(45) saloγa at ئاغزى قاتتىق ئات. 1 ـ توم، 554 ـ بەت.

(46) kaxķa at قاشقا ئات، پېشانىسىدە ئېقى بولغان ئات. 1 ـ توم، 555 ـ بەت.

(47) tuoγzaoγat ئۇرۇش ۋاقتىدا خاقان تەرىپىدىن ئەسكەرلەرگە بېرىلىپ، ئۇرۇش تۈگىگەندە قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئات. 1 ـ توم، 603 ـ بەت.

(48) burqaklioγ at كۆكۈلىلىق ئات. 2 ـ توم، 403 ـ بەت.

(49) yaolzat قوڭۇر ئات، قارا تۈرۈق ئات. 3 ـ توم، 11 ـ بەت.

(50) yapitaķ at ياۋ داق ئات. 3 ـ توم، 64 ـ بەت.

(51) tix at قاشقا ئات، قاشقىسى كۆزىگىچە بارغان، قۇلاقلىرىغا يەتمىگەن، بۇرنىغىمۇ سوزۇلۇپ چۈشمىگەن ئات. 3 ـ توم، 173 ـ بەت.

(52) tioγ at قارا قىزىل بىلەن ئاچ قىزىل ئوتتۇرىسىدىكى ئات. 3 ـ توم، 176 ـ بەت.

(53) kogyilķi بېشى بوش قويۇۋېتىلگەن يىلقا. 3 ـ توم، 180 ـ بەت.

(54) ķuba at قۇلا ئات، رەڭگى سېرىق بىلەن ئاچ قىزىل ئوتتۇرىسىدىكى ئات. 3 ـ توم، 299 ـ بەت.

(55) sanragu at ماڭقا ئات، بۇرنىدىن ماڭقا ئېقىپ تۇرىدىغان ئات. 3 ـ توم، 528 ـ بەت.

يۇقىرىقى ناملار مەھمۇد قەشقەرى دەۋرىگىچە خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ قوللىنىلغان ئاتنىڭ تۈرىگە ئائىت خاس ئىسىملارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاز بىر قىسمى تىلىمىزدا ھازىرغىچە ئىستېمال قىلىنىپ كەلمەكتە. XI ئەسىردىن كېيىن ئىگىلىك شەكلىدىكى ئۆزگىرىش (چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن تېرىقچىلىق ئىگىلىكىگە كۆچۈش) ۋە ئات مەدەنىيىتى ھېرىسمەنلىكىنىڭ تەدرىجىي سۇسلىششى نەتىجىسىدە، يۇقىرىقى ناملارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدىن چۈشۈپ قالغان ياكى خاس ئىسىملار ئىزافەتلىك پېئىل شەكلىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن.

**2. ئات جابدۇقلىرى ۋە ئاتلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان بەزى كېسەللىكلەرنىڭ ناملىرى ھەققىدىكى بايانلار**

«دىۋان» دىكى ئات مەدەنىيىتىگە ئائىت يەنە بىر ئەھمىيەتلىك نۇقتا شۇكى، ئۇنىڭدا بىر قىسىم ئات جابدۇقلىرىنىڭ نامى ۋە ئاتلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان بەزى كېسەللىكلەرنىڭ ناملىرىمۇ تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن:

(1) θrk ئات ـ ئۇلاغنىڭ باشۋىغى، ئات چۇشىگى. 1 ـ توم، 60 ـ بەت.

(2) üstam ئىگەر ۋە كەمەرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى بېزەش ئۈچۈن ئۇلارغا بېكىتىلىدىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش زىننەت بويۇملىرى. 1 ـ توم، 145 ـ بەت.

(3) azarlik ئۈستىگە ئىگەر قويۇلىدىغان ياغاچ. 1 ـ توم، 205 ـ بەت.

(4) at azarlamak ئاتنى ئىگەرلىمەك. 1 ـ توم، 394 ـ بەت.

(5) tin tizgin يۈگەن ـ تىزگىن. 1 ـ توم، 441 ـ بەت.

(6) kolan تۆشلۈك، توشۋاغ. 1 ـ توم، 525 ـ بەت.

(7) kuban ئات ـ ئۇلاغ جابدۇقلىرى. 1 ـ توم، 525 ـ بەت.

(8) tulun يۈگەننىڭ ئوڭ ۋە سول چېكىلەكلىرىدىكى نەرسىلەر. 1 ـ توم، 522 ـ بەت.

(9) baoγ irqaķ ئۈچۈلۈق. 1 ـ توم، 653 ـ بەت.

(10) tuxaoγ تۇشاق ـ چۇشەك، ئاتنىڭ ئالدى پۇتىنى چۇشەپ قويىدىغان چۇشەك. 1 ـ توم، 536 ـ بەت.

(11) ķamqi قامچا، ئات، كالا ۋە تۆگە قامچىسى. 1 ـ توم، 545 ـ بەت.

(12) kismaķ ئۈزەڭگۈۋاغ، ئۈزەڭگىنىڭ ئىككى يېنىدىكى قېيىش ئۈزەڭگە، مۇشۇ قېيىشلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. 1 ـ توم، 619 ـ بەت

(13) monquk ئاتنىڭ بويىنىغا ئېسىلىدىغان قىممەتلىك تاش، ئارسلان تىرنىقى ياكى تۇمارغا ئوخشاش نەرسىلەر. 1 ـ توم، 621 ـ بەت

(14) monquk ئىگەرگە ئارتىلىدىغان خۇرجۇن، تورۋا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر. 1 ـ توم، 621 ـ بەت.

(15) burqak ئادەمنىڭ ماڭلاي چېچى، ئاتنىڭ كوكۇلىسى. 1 ـ توم، 621 ـ بەت.

(16) tarlik تەرلىك، تەرنى سۈمۈرۈش ئۈچۈن ئىگەرنىڭ ئاستىغا سېلىنىدىغان كىگىز. 1 ـ توم، 622 ـ بەت.

(17) kozluk كۆزلۈك ـ ئات قۇيرۇقىدىن توقۇلغان بىر خىل تور بولۇپ، كۆز ئاغرىغاندا ياكى قاماشقاندا كوزگە تارتىۋېلىنىدۇ. 1 ـ توم، 625 ـ بەت.

(18) yip ئات باغلايدىغان ئۇزۇن ئارغامچا. 3 ـ توم، 1 ـ بەت.

(19) yular جولار، نوقتا. 3 ـ توم، 10 ـ بەت.

(20) yaliƣ ياىىل ـ ياي، ئاتنىڭ يايلىسى. 3 ـ توم، 15 ـ بەت.

(21) yaliƣ ئىگەرنىڭ ئالدىنقى ۋە ئارقا قاشلىرى. 3 ـ توم، 16 ـ بەت.

(22) yalu يەلى، قولۇنلارنى باغلايدىغان ئارقان، يايلاقتا بىيە سىغىلىدىغان چاغدا قولۇنلار ئاشۇنداق ئارقانغا باغلاپ قويۇلىدۇ، بىيىلەر سىغىلىش ئۇچۇن ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ. 3 ـ توم، 32 ـ بەت.

(23) kuwuqyügün كىچىك يۈگەن. 3 ـ توم، 224 ـ بەت.

(24) qildək ئاتنىڭ كۆكسىگە چىقىدىغان بىر خىل چىقان، ئۇنىڭدىن سېرىق سۇ بىلەن يېرىڭ ئاقىدۇ، داغلىسا ساقىيىدۇ. 1 ـ توم، 623 ـ بەت.

(25) kisraķ igandi بايتال بوغاز بولدى. 1 ـ توم، 274 ـ بەت.

(26) at kamlandi ئات ئاغرىدى. 2 ـ توم، 370 ـ بەت.

(27) qilday ئاتنىڭ كوكرىكىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل يارا، داغلاپ ساقايتىلىدۇ. 3 ـ توم، 330 ـ بەت.

(28) toƣril قىزا، ئىچىگە دورا ـ دەرمەكلىك گۆش تىقىلغان ئۈچەي. 1 ـ توم، 629 ـ بەت.

(29) kimiz قىمىز. تولۇمدا ئېچىتىپ ئىچىلىدىغان يىلقا سۈتى. 1 ـ توم، 474 ـ بەت.

(30) toķim سويۇلىدىغان ئات، سوقۇم. 1 ـ توم، 515 ـ بەت.

(31) uluk ئاتنىڭ ئۈچىسى. 1 ـ توم، 92 ـ بەت.

(32) putiķ ئاتنىڭ شىراق تېرىسىدىن قىلىنغان تولۇم. 1 ـ توم، 488 ـ بەت.

(33) kasuķ تورسۇق، ئات تېرىسىدىن قىلىنغان تۇلۇم. 1 ـ توم، 497 ـ بەت.

(34) daƣ ئات ۋە باشقا مالالارغا بېسىلىدىغان تامغا. 2 ـ توم، 209 ـ بەت.

### 3. ئات ۋە ئات مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلەر

△ قۇش قاناتىن، ئەر ئاتىن (قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن). 1 ـ توم، 48 ـ بەت.

△ ئۇلاغ ياغرى ئوغۇلقا قالىر (ئۇچار يېغىرى ئوغۇلغا قالار)، چۈنكى ئاتنىڭ ئۇچىسىدىكى يېغىر ئاسان ساقايماس. 1 ـ توم، 92 ـ بەت.

△ كىشى ئالاسى ئىچتىن، يىلقى ئالاسى تاشتىن (ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا). 1 ـ توم، 123 ـ بەت.

△ ئارپاسىز ئات ئاشۇماس (ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس). 1 ـ توم، 167 ـ بەت.

△ ئالىپ ئەرىگ ياۋرىتما، ئىقلاچ ئارقاسىن ياغرىتما باتۇرلارنى خور قىلما، ئىقلاچ ئارقاسىن ياغرىتما. (باتۇرلارنى خور قىلما، يۈگرۈك ئاتنى يېغىر). 1 ـ توم، 187 ـ بەت.

△ ئەندىز بولسا ئات ئۆلمەس (ئەندىز ـ بىر خىل دورىلىق ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى). 1 ـ توم، 156 ـ بەت.

△ ئىنزلىك بولسا ئەر ئۆل دىماس، ئىچلىك بولسا ئات ياغرىماس (چورۇق بولسا ئادەم هارماس، ئىچلىك بولسا ئات يېغىر بولماس)، 1 ـ توم، 141 ـ بەت.

△ تاي ئاتانسا ئات تىنۇر، ئوغۇل ئەرەنسە ئاتا تىنور [تاي ئات بولسا ئات تىنۇر، ئوغۇل ئەر بولسا ئاتا (تىنور)]. 1 ـ توم، 227 ـ بەت.

△ ئىت ئىسرماس، ئات تەپمەس تەمە (ئىت چىشلىمەس، ئات تەپمەس دېمە). 1 ـ توم، 240 ـ بەت.

△ ئات ئەتى ئىپار (ئات گۆشى ئىپار). 1 ـ توم، 258 ـ بەت.

△ ئىت چاقىرى ئاتقا تەگمر، ئات چاقىرى ئىتقا تەگمەس (چېقىر كوز ئىت ئاتقا تەلڭ كېلەر، چېقىر كۆز ئات ئىتقىمۇ تەلڭ كېلەلمەس). 1 ـ توم، 470 ـ بەت.

△ قالىن قۇلان چۇقفاسىز بولماس (قولان پادىسى يول باشلىغۇچىسىز بولماس). 1 ـ توم، 554 ـ بەت.

△ قىز بىرلە كۆرۈشمە، قىسراق بىرلە يارىشما (قىز بىلەن چېلىشما، تۇغىدىغان بايتال بىلەن چېپىشما). 1 ـ توم، 619 ـ بەت.

△ ئارسلان كۆكرەسە، ئات ئازاقى تۇشالىرى (ئارسلان ھۆركىرىسە، ئات ئايىغى كالىۋالىشار). 2 ـ توم، 207 ـ بەت.

△ يۇند باشتىن يۇلارلاپ كەتمەلدى (ئاتنىڭ بېشىنى نوختىلاپ يە). 3 ـ توم، 10 ـ بەت.

△ قولان قۇدۇقتا چۈشسە، قۇر باقا ئايغىر بولۇر (قۇلان قۇدۇقتا چۈشسە، پاقا ئايغىر بولۇر). 3 ـ توم، 169 ـ بەت.

△ تاز ئات تاقارچى بولماس (چىپار ئات يۈك كۆتۈرمەلمەس). 3 ـ توم، 204 ـ بەت.

△ كىشى سۆزلەشۇ، يىلقى يىدلاشۇ (كىشى سۆزلىشىپ بىر ـ بىرىنى چۈشەنگەندەك، يىلقىلارمۇ بىر ـ بىرىنىڭ ھىدىنى پۇراپ چۈشىنىدۇ). 3 ـ توم، 142 ـ بەت.

△ كەزوكلۈگ ئۆلمەس، كوفەچلىگ كۆرىمەس (يېپىنچىلىق ھۆل بولماس، ئېغىز دۇرۇقلۇق [ئات] چاپچىيالماس). 3 ـ توم، 350 ـ بەت.

شۇنى ئىزاھلاپ قويۇش كېرەككى، «دىۋان» مەخسۇس زوئولوگىيەلىك ياكى بىئولوگىيەلىك ئاتالغۇلارنى لۇغەت تەرزىدە بايان قىلىشنى نىشانلىغان ئەسەر ئەمەس، بەلكى ئۇ مۇكەممەل بىر قامۇس سۈپىتىدە، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ پۈتكۈل ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئائىت سۆزلەرنى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئۇسلۇبىدا شەرھلەش ئارقىلىق «تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىش»⑧ مەقسىتىدە تۈزۈلگەن دەستۇردۇر. شۇڭا «دىۋان»دىن سۈزۈپ ئېلىنغان يۇقىرىقى سۆزلەملەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر تىلىدىكى ئات ۋە ئات مەدەنىيىتىگە ئائىت كەلىمىلەرنىڭ پەقەت بىر قىسمى دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن، ئەمما شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، «دىۋان»نىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ئىچىدە ئاتنى ئۆزەك قىلغان مەزمۇنلارنىڭ خېلى چوڭ نىسبەتنى ئىگىلىگەنلىكى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىپ، ئۇنىڭ جوڭقۇر قاتلاملىق مەدەنىيەت ئاساسى ۋە مەنىۋى يىلتىزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇمكى، ئات ئەڭ دەسلەپ «يايلاق مەدەنىيىتى»نىڭ سەركەردىلىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تەرىپىدىن قولغا كۆندۈرۈلگەن. بۇ دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان قاراش. شىياڭ يىجىي ئەپەندىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» (« 中亚马肯上的文化 ») ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنىشىچە، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 10 مىڭ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە باشلانغان ئاتقا مىنىش تېخنىكىسى كۆچمەن يارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئىگىلىكنىڭ تەڭلا مەۋجۇت بولغانلىقىدەك پاكىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى⑨.

بۇ قاراشنى رايونىمىزدا بايقالغان نۇرغۇنلىغان «قىيا تاش سۈرەتلىرى» تولۇق ئىسپاتلايدۇ. بۇ قىيا تاش سۈرەتلىرىدە گەۋدىلەنگەن ئات ئوبرازلىرىدىن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا ئاتنىڭ ھەقىقەتەن ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەنلىكىنى بايقىغىلى بولىدۇ. ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا سىبىرىيەنىڭ جەنۇبىدىن ھىمالايا تاغلىرىغىچە، ئورال دېڭىزىدىن بالقاش كۆلىگىچە بولغان بۇ كەڭ مۇنبەت تۇپراقنى پائالىيەت سەھنىسى قىلغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئاتنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭغا تېۋىنىش جەھەتتە تارىخىي ئىزچىللىقنى ساقلاپ كەلدى. رايونىمىزدىن بايقالغان كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئىزلىرىدا بۇ نۇقتا ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن. مەسىلەن، دۈنخۇاڭ بۇددا مىڭئۆيىنىڭ 055 ـ نومۇرلۇق غارىغا بىر كۆك بۆرە، ھەيۋەتلىك بىر كالا ۋە چاپچىپ تۇرغان بىر ئىلاھىي سۈپەت ئارغىماقنىڭ گىرەلەشكەن سۈرىتى سىزىلغان. بۇ سۈرەت ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنيا قارىشىدا ئاتنىڭمۇ كۆك بۆرىگە ئوخشاش ئاساسلىق توتېم ئوبيېكتى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخىي قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە»دىمۇ يولباشلىغۇچى كۆك يايلىلىق بۆرىدىن باشقا ئوغۇز خاقاننىڭ ئالا چىپار ئايغىرى ئىلاھىي سۈپەتتە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «دىۋان ئارقىلىق مەلۇم بولغان قەدىمكى تارىخىي ئېپوسلاردىن «ئالىپ ئەرتوڭا»، «شۇ خاقان» ھەمدە قىرغىزلارنىڭ «ماناس» قاتارلىق ئېپوسلاردىمۇ ئاتنى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭغا تېۋىنىش قاراشلىرى روشەن ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمدىن تا بۈگۈنگىچە «دۇلدۇل»، «تولپار» توغرىسىدا ئاجايىپ قىزىقارلىق ئەپسانە ـ رىۋايەت ۋە ھېكايەتلەر بار. ھەممىگە قادىر ۋە قابىل بولغان بۇ خىيالىي «دۇلدۇل»لار تەبىئىيكى، ئاتنىڭ ئىلاھىي ئوبرازىدۇر.

ئات مۇقەددەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ماددىي پاكىتلارمۇ ئاز ئەمەس. 1929 ـ يىلى خوتەننىڭ شىمالىدىكى «ئاق سىپىل» ۋە «يوتقان» خارابىلىقىدىن قېزىۋېلىنغان كۆپلىگەن بۇيۇملار ئارىسىدا مىلادىيە I ئەسىردىن I ئەسىر ئارىلىقىغا تەۋە يەرلىك مىس پۇللار تېپىلدى. خوتەن پادىشاھى قۇيدۇرغان بۇ مىس پۇلنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، چۆرىسىگە ئۇدۇن يېزىقى يېزىلغان⑩. 1977 ـ يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئاقچى ناھىيەسىدىكى قۇلانسارىق مازىرىدىن ئات سۈرەتلىك بولاپكا تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى I ~ II ئەسىرلەرگە تەۋە⑪. بۇنىڭدىن باشقا، تۇرپاندىكى ئايدىڭكۆل، پىچاندىكى سۇ بېشى ۋە توقسۇن ناھىيەسىنىڭ

شەرقىي جەنۇبىدىكى قەبرىلەردىنمۇ جۈپ ئات سۈرىتى ناھايىتى كۆركەم قىلىپ ئويۇلغان ياغاچ ۋە بىرونزا بېزەكلەر تېپىلدى[12]. ھەتتا رايونىمىزدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار ئىچىدە ئادەمنىڭ بېشى بىلەن ئاتنىڭ بېشى بىرىكتۈرۈپ ياسالغان ئات ھەيكەللىرى، ئاق تۇلپار ئۈستىدە چەۋگەن توپ ئويناۋاتقان جەۋەندازنىڭ ياغاچ ھەيكەللىرىمۇ بولۇپ، ئۇلار خېلى نەپىس ئىشلەنگەن.

بۇنداق ماددىي ۋە تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقلىرى شىنجاڭدا ناھايىتى كۆپ، ئۇلار قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئات ھەققىدىكى مەنىۋى قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. قەدىمكى «يايلاق مەدەنىيىتى» مۇھىتىدا ئاتنىڭ رولى غايەت زور بولغاچقا، ئاتنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ پۈتكۈل ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ، ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان. شۇ ۋەجىدىن تەڭرىقۇت ياكى سەركەردىلەر ئۆلسە، ئۇلارغا قانات بولغان ئېتىنىمۇ بىللە دەپنە قىلىدىغان ئادەت ئومۇملاشقان. خوتەندىكى سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئىككى ئاق ئاتنىڭ سۆڭىكى تېپىلغان بولۇپ، ھەر ئىككى ئاتنىڭ بېشىغا قوشنىڭ پېيى قىستۇرۇلغان. ئاتلار ئىگەر - توقۇم توقۇلغان ھالەتتە كۆمۈلگەن[13]. يەنە چەرچەن ناھىيەسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئات تېرىسى، ئاتنىڭ باش سۆڭىكى ۋە ئات جابدۇقلىرى قاتارلىقلار تېپىلدى ۋە بۇنىڭ 2960 يىل ئىلگىرىكى نەرسىلەر ئىكەنلىكى بېكىتىلدى. ئۇيغۇر ۋە باشقا قەدىمكى ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئانىمىزملىق چۈشەنچىلىرىدە ئاق رەڭ بەخت، ئامەت، ياخشىلىق، پاكلىق، ئالىيجاناپلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. بۇ قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە، ئاق رەڭنى ئۇلۇغلاش قارىشى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا روشەن ئەكس ئەتكەن. بۇ قاراش ئات مەدەنىيىتىمىزدىمۇ ئىپادىلىنىپ، ئاق ئات غەلىبە ئىلاھى، كۈچ - قۇدرەت شاھىنشاھى سۈپىتىدە يۈكسەكلەشتۈرۈلگەن. شۇ سەۋەبتىن قەدىمكى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» دەۋرىدىكى ھەربىي يۈرۈشلەردە سەپنىڭ ئالدىدا بىر ياۋىداق ئاق ئاتنى غالىبىيەت ئىلاھى تىمسالىدا مەخسۇس بىر ئادەم يېتىلەپ مېڭىشتەك ئادەت ئومۇملاشقان. جەڭگە ئاتلىنىشتا توغرا كەلگەندە ئاق ئات ئېتىقادى تۈپەيلىدىن غەرب تەرەپكە ئاق ئاتلىق ئەڭ باتۇر قوشۇننى ئورۇنلاشتۇرغان. بۇنداق مەنىۋى ئىشەنچىنىڭ يىلتىزى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنى ئۆزەك قىلغان شامانىزم ئەقىدىسىگە باغلىنىدۇ. مەلۇمكى، شامان ئەقىدىسىدە تۆت تۈرلۈك رەڭ ئارقىلىق تۆت تەرەپ بەلگىلىنەتتى.

كۆك رەڭ ← شەرق ← كۆك ئاتلىق قوشۇن، قىزىل رەڭ ← جەنۇب ← قىزىل (تورۇق) ئاتلىق قوشۇن، قارا رەڭ ← شىمال ← قارا ئاتلىق قوشۇن، ئاق رەڭ ← غەرب ← ئاق ئاتلىق قوشۇن.

ئومۇمەن، ئۇرۇش سەپلىرى يۇقىرىقى رەڭ ۋە تەرەپ سىخېمىسىغا ماس ھالەتتە تۈزۈلەتتى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆپ ئىلاھلىق تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قارىشىدا پۈتكۈل تەڭرىلەر ئىچىدە ھەممىدىن بۈيۈك، ھەممىدىن قۇدرەتلىك باش تەڭرى — «كۆك تەڭرى»سى بولغاچقا، ئۇلار كۈن چىقىش (شەرق) تەرەپنى ئۇلۇغلىغان ھەمدە بۇ قاراش «كۆك تەڭرى» ئېتىقادىغا مەركەزلىشىپ، شەرقنى كۆك رەڭ بىلەن ئىپادىلەش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ قاراشنىڭ ئىزنالىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئادەتتە كۈن شەرقتىن چىقىپ، غەربكە پاتىدۇ، كۈن پاتقاندىن كېيىن جاھان قاراڭغۇلىشىدۇ، شۇڭا كۈن پېتىش (غەرب) تەرەپتىن ھەمىشە بالا - قازا كېلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شامان ئەقىدىسىدىمۇ قاراڭغۇلۇق يامانلىقنىڭ، خەۋپ - خەتەرنىڭ بېشارىتى دەپ قارىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇشۇ ئىپتىدائىي چۈشەنچىسى ئاساسىدا، ھەرقانداق بالا - قازانى يېڭەلەيدىغان «غالىبىيەت ئىلاھى»نىڭ سىمۋولى بولمىش ئاق ئاتلىق قوشۇن غەرب (كۈن پېتىش) تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئاق ئاتنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دۇنيا قاراشلىرىنىڭ نېگىزى بولغان «يورۇقلۇق» (ئاق رەڭ) چۈشەنچىلىرىنىڭ كونكرېت بەلگىسى سۈپىتىدە قىيا تاش سۈرەتلىرىدە، مىڭئۆي سىزمىلىرىدا، ئارخېئولوگىيەلىك يادىكارلىقلارىمىزدا ھەتتا يازما مەنبەلەردە ناھايىتى چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان.

مىلادىيە IX - ئەسىردە قوچۇ (تۇرپان) دا قەدىمكى تۈرك - رونىك يېزىقى (قەدىمكى ئورخۇن ئۇيغۇر يېزىقى) دا پۈتۈلگەن قىممەتلىك مىراس - «ئىرق بىتىگ» (پالنامە) دە جەمئىي 67 چۈش تەبىرى بار، ئۇنىڭ ئىچىدە 17 تەبىر ئات بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بولۇپمۇ [5] 7 -، 8 -، 9 - ۋە [19] 29 - چۈش تەبىرلىرىدە ئاق ئات ئوبرازى بىۋاستە ئىلاھ سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن[14]. «ئىرق بىتىگ» دە ئات ھەققىدىكى تەبىرلەرنىڭ شۇنچە چوڭ سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىز بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقىدەك چوڭقۇر مەنىۋى يىلتىزى بار. شۇڭلاشقا، ئات ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى يوقاتقان بۈگۈنكى زامانىۋى جەمئىيەتتىمۇ «ئاق بوز ئاتىم، كۆك بوز ئاتىم يايلىقىنى ئۈزات. . .» دېگەن خەلق ناخشىسى ھەمىشە قالبىمىزدە جاراڭلايدۇ.

دېمەك، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۈچۈن ئات مىسلىسىز كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىپلا قالماي، يەنە پەۋقۇلئاددە

مەدەنىيەتمۇ ئاتا قىلدى. ھاياتلىق تىرىكچىلىكى ئۈچۈن سۈنماس قانات بولدى؛ ھايات ـ ماماتلىق جەڭلەردە ھەل قىلغۇچ «غالىبىيەت تۇغى» بولدى؛ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بەخت، ئامەت ھەققىدىكى ئىزگۈ ـ تىلەكلىرىگە ھامىي بولدى؛ قەھرىمانلىق ۋە باتۇرلۇق كۆيى مۇجەسسەم بولغان قەدىمكى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» دەۋرىنىڭ سەركەردىسى سۈپىتىدە، ئەۋلادلار قەلبىدە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى قوزغاتقۇچى يۈكسەك مەبۇد بولدى. قىسقىسى، نەزەرىمىزنى ئاتلىقلىلار سەلتەنەت سۈرگەن يىراق ئۆتمۈشكە ئاغدۇرساق، ئات تۇۋۇقىدىن چاچرىغان ئوت ئۇچقۇنلىرىنىڭ گوياكى ھازىرقى زاماننىڭ يادرو قوراللىرىدىنمۇ يۈكسەك ئېتىبارغا ۋە قىممەتكە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرىمىز، «ئەر قانىتى ـ ئات» دېگەن بۇ ھېكمەتنىڭ ھەققانىيلىقىنى ھېس قىلىمىز. مۇشۇنداق بىر ئالاھىدە مەدەنىيەت مۇھىتىدا ياشىغان بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ مۇبارەك ئەسىرىدە ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ماددىي ۋە مەنىۋى قاراشلىرىغا ئەتراپلىق ۋارىسلىق قىلىپ، ئات ۋە ئات مەدەنىيىتى ھەققىدە يوقىرىقىدەك قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى يېزىپ قالدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۇچۇرلار ئاتنىڭ رولى ئاجىزلىشىپ، ئات مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرى بارغانسېرى سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى زامان رېئاللىقىدا مەدەنىيەت تەتقىقاتىمىزنىڭ ئەھمىيەتلىك مەنبەلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزاھلار:

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ توم، كىرىش سۆز، 18 ـ، 4 ـ بەت.

② سەجىئە ـ قاپىيەلىك نەسر.

③ رەجەز ـ شېئىرىيەتتە ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرىلىرىدىن بىرى، بۇ يەردە، «قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن پارچىلار» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

④⑤⑥⑦⑧ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ توم، 7 ـ ، 8 ـ، 5 ـ بەتلەر.

⑨⑩⑪⑫⑬⑭ ئابدۇبەسىر شۈكۈرى: «پالنامە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 216 ـ، 231 ـ، 233 ـ، 237 ـ، 48 ـ، 50 ـ بەتلەر.

## پايدىلانمىلار

1. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توملار.

2. ئەلى ئابباس چىنار (تۈركىيە) : «ئات ۋە ئات مەدەنىيىتى» (AT VEATKULTURI) ، تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى تۈركچە نەشرى.

3. ئابدۇكېرىم رەخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى.

4. ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

6. غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

31 ـ بىللىق 4 ـ سان
2010 ـ يىلى 12 ـ ئاي

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维文版)

第 31 卷第 4 期
2010 年 12 月

ماقالە نومۇرى: 1005—5878(2010)04—009--08

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ئابلىكىم ياسىن
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا يېزىلغان ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەرنىڭ يېزىلغان يىل دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

摘要：:本文中维吾尔族历史和社会事件相结合,详细的论述了用古代维吾尔文字写成的社会文献的年代。

**Abstract**: In this paper, the history and social events of Uyghur people are combined each other and discussed the decade of the social documents which was written in old Uyghur manuscript.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:        ماتېرىيال بەلگىسى: A

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە تاڭ، سۇڭ، يۈەن دەۋرلىرىدە كەڭ ئىشلەتكەن بىر خىل قەدىمكى يېزىق بولۇپ، سوغدى يېزىقىدىن ئۆزگەرگەن. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلىرىدىن بايقالغان بۇ يېزىقتا تەۋە ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپۈنچىسىدە ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي ھۆججەتلەر پۈتۈلگەن بولغاچقا، بىر مەزگىل ھەرقايسى ئەللەردە ئۇيغۇر يېزىقى قىزغىنلىقىنى قوزغىۋەتتى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەتقىقاتى ئارقىلىق رەتلىنىپ ئېلان قىلىنغان، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە ئەدەبىي ئەسەرلەر، دىنىي قامۇسلار، پالچىلىق، تەقۋىمچىلىك، دورىگەرلىك ۋە تېبابەت رېتسېپلىرىمۇ بار. يەنە تېخى 200 پارچە ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئىشلارغا دائىر ۋەسىقىمۇ بار. بۇ بىر تۈركۈم ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ۋەسىقىلەر خەزىنۇ تىل ـ يېزىقىدىكى ۋە باشقا چەت ئەل تىل ـ يېزىقىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكىنى تولدۇرغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ھەم تىل ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول تارىخىي ۋە تىل ماتېرىياللىق رول ئوينايدۇ.

---

• بۇ ماقالە 2010 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
بۇ ماقالە دۆلەتلىك پەن تەتقىقات تۈرى «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەتچىلىك ۋەسىقىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» (تۈر نومۇرى: 09XYY020 ) ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات تۈرى «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى چەت تىلدىن كىرگەن سۆزلەر» (تۈر نومۇرى: 08BYY043 ) نىڭ باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىسى.
ئاپتور: ئابلىكىم ياسىن (1966 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوكتور، پروفېسسور، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ پانىيلىق ۋەسىقىلىرىنىڭ تىلى ئەينى دەۋردىكى دىنىي ۋەسىقىلەرنىڭ تىلى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ ھەم باشقا دەۋردىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تىلى بىلەن بەلگىلىك پەرقلىنىدۇ. پانىيلىق ۋەسىقىلىرى بولسا بىر خىل ئۆزگىچە ژانىر. ئۇ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا چېتىلىدۇ. شۇڭا، دىنىي ژانىردىكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئېغىز تىلغا تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ. بىراق، پانىيلىق ۋەسىقىلىرىنىڭ مۇكەممەل شەكلى ۋە قېلىپى بولغان. شۇ سەۋەبتىن كۆپ تەرەپلەردە نەپىس بەدىئىي تىلنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان.

ۋەسىقىلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىدە قەدىمكى تىلنىڭ ئۆزگىچىلىكى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭدا يەنە تېخى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىنىڭ بىر خىل يۈزلىنىشىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلى ئۆتكۈنچى تەرەققىياتىنىڭ ئېنىق بەلگىسى ساقلىنىپ قالغان.

ئالىم كلاركنىڭ ئەسىردە XIII - XIV ئەسىرلەردە تۇرپاندا پۈتۈلگەن 169 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ پانىيلىق ۋەسىقىسىنى تىل ماتېرىيالى قىلىپ تۇرۇپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى پانىيلىق ۋەسىقىلىرىنىڭ تىلىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىغا نىسبەتەن بىر قەدەر ئىنچىكە، كونكرېت سۈرەتلەپ بېرىشكە ئۇرۇنۇش ئىستىكى ئىپادىلەنگەن.

مەيلى بۇ ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر تارىخىي ماتېرىيال قىلىنىپ تەتقىق قىلىنسۇن ياكى ئۇلارغا قارىتا تىلشۇناسلىق جەھەتتىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىلسۇن ئالدى بىلەن ئۇلارنى مۇئەييەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىككى جەھەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك: بىرى، ۋەسىقىنىڭ پۈتۈلگەن يىلىنى (ۋاقتىنى) ئېنىق بېكىتىش؛ يەنە بىرى، ۋەسىقىنىڭ پۈتۈلگەن رايوننى (ماكانىنى) ئېنىق بېكىتىش.

بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ پۈتۈلگەن ۋاقتى ئەڭ كۆپ بەس - مۇنازىرە قوزغاۋاتقان مەسىلىنىڭ بىرى. چۈنكى بارلىق ۋەسىقىلەر پەقەت ئون ئىككى مۇچەلنىڭ دەۋرىي قىلىنىشى بويىچە يىل بەلگىسى ھېسابىغا كىرگەن. شۇڭا ناھايىتى ئېنىق بولغان يىلى يوق. ئامېرىكا ئالىمى ل. ۋ. كلارك (L. V. Clalk) [1] نىڭ « XIII ئەسىردىن XIV ئەسىرگىچە بولغان شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى پانىيلىق ۋەسىقىلىرىدىكى يېتەكچى بايانلار» ناملىق ماقالىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەرنىڭ يىلىنى بېكىتىشتە ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ماقالىسىدە جىمىكى يىل ئالاھىدىلىكىنىڭ بەلگىلىرىنى، تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى، يېزىق ئۆزگىچىلىكلىرىنى ھەمدە ۋەسىقىلەرگە چېتىلىدىغان تارىخىي شەخس ۋە ۋەقەلەرنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقارغان: «ھوزۇرۇمدا تەكشۈرۈلگەن 141 پارچە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى پانىيلىق ۋەسىقىلىرى ئارىسىدا 110 پارچىسى مىلادىيە XIII - XIV ئەسىرگە تەۋە، 22 پارچىسىنىڭ ھېچقانداق يىل بەلگىسى يوق، لېكىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، بۇ 22 پارچە ھۆججەتنى XIII ئەسىردىن ئىلگىرىكى يىللارغا تەۋە دەپ بېكىتىشكىمۇ ئىمكان بېرىدىغان ھېچقانداق ئالاھىدىلىك يوق. بىراق ئىسپاتقا ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ 22 پارچە ۋەسىقىنى ھېچقانداق يىل ئالاھىدىلىكى يوق دەپ باشقا يىلى ئېنىق بولغان ۋەسىقىلەر ئارىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ»②. گېرمانىيەلىك داڭلىق ئالىم پ. زىمېنىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەرنىڭ يىلىنى بېكىتىشتىكى قاراشلىرى ل. ۋ. كلاركنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش③. بۇ كىشىمۇ تۇرپاندا بايقالغان پانىيلىق يازمىشلار XIII - XIV ئەسىرگە تەۋە دەپ قارايدۇ④.

تۇرپاندىن بايقالغان پانىيلىق ۋەسىقىلىرىنىڭ تېپىلغان رايونلىرىدىن سۆز باشلىغاندا ئالدى بىلەن مۇشۇ ۋەسىقىلەرنى بايقىغۇچى ياكى تاپقۇچىنىڭ تاپقان چاغدىكى خاتىرىسىگە ئېتىبار بېرىش كېرەك. ئۇ ۋەسىقىلەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىن بايقالغان. تېخىمۇ ئېنىقى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ۋەسىقىلەر تۆۋەندىكى بىرقانچە ئورۇندىن بايقالغان: ئىدىقۇت شەھىرى (高昌故城)، ئاستانە (阿斯塔那)، بېزەكلىك (白孜克里克)، بۇيلۇق (葡萄沟)، چىقتىم (七克台)، مورتۇق (大头沟)، سېڭگىم (胜金口)، تۇيوق (吐峪沟)، يارخوتو (يارغول 交河故城)، كۇچا (库车)، يەنە بىر بۆلىكى ئۈرۈمچىدىن بايقالغان.

ئومۇمەن، تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى پانىيلىق ۋەسىقىلىرى XIII - XIV ئەسىردە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى تۇرپان (كۇچانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئەتراپىدا پۈتۈلگەن. بۇ دەۋردە يۇقىرىقى جايلارنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىر قەدەر داۋالغۇش ھالىتىدە بولۇپ خېلىلا مۇرەككەپ، بۇ ۋەسىقىلەردە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (موڭغۇللارغا قوشۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلار)، يۈەن سۇلالىسى دەۋرى ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى مەزمۇن قىلىنغان. خەنزۇچە تارىخنامىلەردە بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلار ئادەتتە «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار»، يەنى 畏吾尔 ياكى 回鹘 دەپ قەيت قىلىنغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى پانىيلىق ۋەسىقىلىرىدە XIII - XIV ئەسىردىكى تۇرپان ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ كۆپ تەرەپلىرى ئەكس ئەتكەن. بۇ ۋەسىقىلەر بەزى شەخسلەر ئارىسىدىكى ھەر خىل تىلخەت، كېلىشىم ۋە ۋەسىيەتنامىلەردىن ئىبارەت. بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولغاچقا، ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ كۆپ ساھەلىرى ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەسىقىلەر ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى يەر - زېمىنغا ئىگە بولۇش شەكلىنى، يەر - زېمىن ۋە ئۈزۈملۈكلەرنىڭ سېتىش - سېتىلىش ۋە ئىجارىگە بېرىش - بېرىلىش ئەھۋاللىرىنى، يەر - زېمىننىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ بېرىلىشى ۋە تارتىۋېلىنىشى،

قول – كۆلۈك⑤، يانچى، دېھقان قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن باشقا، باج يىغىش مەسىلىسى، ئاشلىق، كۆمۈش، كۈنجۈت، بوز⑥ گەزلىمىلەر ۋە باشقا ماللارنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى، ھەمدە ئېكىنچىلىك، باقمىچىلىق ۋە بۇ ساھەدىكى ئادەم ياللاش مەسىلىلىرىنىمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئەينى دەۋردىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى چۈشىنىش ھەمدە مۇشۇ ۋەسىقىلەر توغرىسىدا توغرا قاراشقا ئىگە بولۇشىمىزغىمۇ ياردىمى بار (بولۇپمۇ ۋەسىقىلەردىكى بىرمۇنچە ئاتالغۇلار بىزنىڭ توغرا قاراشتا بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ). تۆۋەندە يۇقىرى سوئاللىرى دەۋرىدىكى تۇرپان ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ بەزى تەرەپلىرىگە ئائىدىي مۇھاكىمىلىك بايانلارنى يۈرگۈزىمىز.

1. XIII – XIV ئەسىردىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى

ئۇيغۇرلار ئېلىمىزدىكى تارىخى ئۇزۇن ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ۋېي، جىن، سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە 回纥 ، 袁纥 ، 回鹘 دەپ قەيت قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋۋالقى ئەجداد گەۋدىسىدۇر. يۈەن دەۋرىدىكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 畏兀尔 ، 畏吾尔 دېيىلگەن سۆزلەر بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى uyghur دەپ ئاتىغاندىكى بىر خىل تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن سۆزنىڭ ھەر خىل تەرجىمىسىدۇر.

ئۇيغۇرلار خەنزۇچە مەنبەلەردە 回鹘 دېيىلگەندە، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى بىلدۈرگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىن يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى بارا – بارا كۈچەيگەن. 744 – يىللىرى ئۇيغۇرلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلارنى ئىگىلەپ، ئۇ يەردىكى ھەرقايسى چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرگەن. مۇشۇ دەۋردىن باشلاپلا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى جەمەتلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى شەھەر – بالىق تۇرمۇشى، مەدەنىيەت ۋە دىنلارغا بەكمۇ قىزىققان. مەسىلەن، بۆگۈ قاغان (牟羽可汗) 762 – يىلى قىبىنئاتىسى شىگۈخەس (什固怀思) بىلەن مەسلىھەتلىشىپ لەشكەر چىقىرىپ، تاڭ سۇلالىسى تەۋەسىدىكى ئاتلاغسان – سوقان ھەرىكىتىنى بېسىقتۇرۇشقا قاتناشقان. نەتىجىدە ئىلگىرى كېيىن توققۇز يىل داۋام ئەتكەن ئاتلاغسان – سوقان⑦ توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلۇپ، مۇيۇ بولسا لوياڭ (لوياڭنىڭ شەرقىي شىمالى) دىن تەييۈەنگە ئۆتۈپ، ئۆز يايلىقىغا قايتقان. بۇ جەرياندا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئىش يۈز بەرگەن. يەنى ئۇ قاغان لوياڭدا دىن تارقىتىۋاتقان تۆت نەپەر مانىي دىنى كاھىنىنى ئۆز يايلىقىغا ئېلىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مانىي دىنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلانغان⑧.

791 – يىلى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى تاغۇتلارنىڭ قولىدىن قۇز ئوردىنى تارتىۋالدى. قوز ئوردا تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى قۇربىغاردا يۈت تىرەپ تۇرىدىغان جايغا رەسمىي ئىگە بولدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر قوشۇنلىرى يەنە بىر قېتىم يۈرۈش قىلىپ كۇسەن (بۈگۈنكى كۇچا) نى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان تاغۇت قوشۇنىنى مەغلۇب قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ، كۇسەندىكى ئىككى قېتىملىق غەلىبىلىك ئۇرۇشتىن كېيىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ئىككى ئىستراتېگىيەلىك جاي قوز ئوردا بىلەن كۇچا ئۇيغۇرلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى. مانى دىنىغا تەۋە «مانىغا مەدھىيە» دېگەن شېئىرىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۆكۈخان (可义保汗) دەۋرىدە (821–808) كۈنپېتىش ئايماق (قوچۇ) ئاللىبۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ بولغان. مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (840 – يىلىنىڭ ئالدى – كەينىدە) چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىدە ئىچكى نىزا، تەبىئىي ئاپەتلەر تۇپەيلىدىن پۇقرالارنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈشى، سىرتقى جەھەتتىن كۈچلۈك قوشنىسى قىرغىزلار (黑吉戛斯) نىڭ ھۇجۇمى بىلەن قاغانلىقتا يىمىرىلىش پەيدا بولۇپ، كوللېكتىپ غەربكە كۆچۈش كېلىپ چىقتى.

غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۈچ تارماققا بۆلۈندى. بىر تارمىقى خېشى كارىدورىغا كېلىپ، گەنجو ئۇيغۇرلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەرقايسى بۆلەكلەر بويىچە سىياسىي ھاكىمىيەت قۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ گەنجۇدىكى (ھازىرقى گەنسۇدىكى جاڭيېدا) ھاكىمىيىتى 1028 – يىلىغىچە داۋاملاشتى. شاجۇ (دەشتئاتا – دۇنخۇاڭ) ئەتراپلىرىدىكى سىياسىي ھاكىمىيىتى 1035 – يىلىغىچە داۋاملىشىپ، كېيىن غەربىي شىيالىقلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى. يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار ھۆكۈمران جەمەت (阿铁部) نىڭ رەھبەرلىكىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى بوستانلىقلارغا، ئاساسلىقى تۇرپان بوستانلىقىغا كۆچۈپ كېلىپ بۇ يەردە قوچۇ ئىدىقۇتلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتى مىلادىيە 850 — يىلىدىن 1250 – يىلىغىچە بولۇپ، خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئۇلار كۈنپېتىش ئايماق ئۇيغۇرلىرى (西州回鹘) ياكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى (高昌回鹘) دەپ قەيت قىلىنغان. غەربكە كۆچكەن ئۈچىنچى تۈركۈم ئۇيغۇرلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە كۆچۈپ كېلىپ ئۆزلىرىدىن بۇرۇن بۇ رايونغا كۆچۈپ كەلگەن قارلۇق قەبىلىسى بىلەن بىرلەشتى. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى پائالىيەتلىرى ھازىرقى پامىر ئېگىزلىكى (帕米尔高原) دەپ ئاتىلىۋاتقان كۆكئارت (葱岭) نىڭ غەربىدە بولغاچقا، خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار (葱岭西州回鹘) دەپ قەيت قىلىنغان. ئۇلار X – XI ئەسىرلەردە قۇدرەتلىك قاراخانىيلار خانلىقىنى بەرپا قىلغان⑨.

چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار تۇرپان ھۇدۇدلۇقىغا كىرىشتىن ئىلگىرى، بۇ ھۇدۇدلۇقتا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خان جەمەتى كيۇ ئۇرۇقى جەمەتى بولۇپ، بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلاتتى. ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاھالىلىرى

بولسا خەنزۇ، توخرى، سوغدىلار ئىدى. ئۇيغۇرلار قوچۇغا كەلگەندىن كېيىن بۇ يەردە بۇددىستلاردىن باشقا يەنە مانى مۇردلىرى ۋە زورو ئاستىر مۇخلىسلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇيغۇرلار بۇددىزمغا ۋە باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىشتا سەۋرچانلىق پوزىتسىيەسىدە بولدى. شۇڭا، بۇ دىنلار قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىنىڭ تەۋەلىكىدە بىر قەدەر تەرەققىي قىلدى.

قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارلىرى «ئىدىقۇت» (亦都护) دەپ ئاتالغان بولۇپ، «قۇتقا ئىگە بولۇغچى» ھۆكۈمدار دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. دەسلەپكى ھۆكۈمدارلىرى يەنە «قاغان، ئىلىگخان، تەڭرىخان، ئارسلانخان» دېگەن ناملارغا ئائىل بولغان⑩.

بۇ بوستانلىقلاردا (يەنى تۇرپان ئەتراپىدا) ئولتۇراقلىشىشتا باشلىغان ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى ئېكىنچىلىكنى يەنى دېھقانچىلىقنى ئېگىز قىلغاندىن سىرت يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار سودىگەرلىكمۇ قىلغان. چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت تۇرمۇش شەكلىدىن دېھقانچىلىق ۋە شەھەر ـ بازارلىق تۇرمۇشقا ئۆتۈش بىلەن ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتلىك تۇرمۇش شەكلىنى باشلىغان. ۋەھالەنكى ھۆكۈمدارلار ئارىسىدا يەنىلا بەلگىلىك دەرىجىدە چارۋىچىلىق ئەنئەنىسىنىڭ ئاسارىتى ساقلانغان. ھەر يىلى پىژغىرىم ئىسسىق پەسلىدە ئۇلار تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى بەشبەلىقتىكى يازلىق ئوردىسىغا بېرىپ يازنى ئۆتكۈزگەچ يىلقىلىرىنى باققان.

1132 ـ يىلى يۇللۇغ تاشىن ئېسىل (叶密立) دە ئورنىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، يەنە زېمىنىنى كېڭەيتىشكە باشلىغان ۋە لەشكەرلىرىنى باشلاپ قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىنىڭ زېمىنىگە كىرگەن. قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى غەربىي لياۋ قىتانلىرىغا بويسۇنغان. شۇنىڭ بىلەن قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى غەربىي لياۋ قىتانلىرىنىڭ دائىرىسىگە كىردى. يۇللۇغ تاشىن قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋەتمەي، ئۇلارنىڭ بۇ رايونغا (تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا) بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويدى. غەربىي لياۋ قىتانلىرى «قاراخان» (监少) دەپ ئاتىلىدىغان ۋەكىلىنى ئەۋەتىپ، نازارەت قىلدى. بەلگىلىك مىقداردىكى ئولپان بىلەن مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى.

XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل يايلىقىدا يېڭىدىن بىر چارۋىچى ئۇلۇس — موڭغۇللار باش كۆتۈردى. بۇ چارۋىچى ئۇلۇس مىسلىسىز ئۇرۇشقاقلىقى بىلەن جاھاننى زىلزىلىگە سالدى. بۇ چاغدا قاراخانىيلار خانلىقى ئاللىبۇرۇن غەربىي لياۋ قىتانلىرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ئىدى. موڭغۇللارنىڭ يۈەن دەۋرىدىكى 《畏吾尔》 (ئۇيغۇر) دېگەن ئۇقۇمدا پەقەت بۈگۈنكى تەڭرىتېغىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى كۆزدە تۇتۇلاتتى. ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق رايونلىرى بەش شەھەرنى مەركەز قىلغان ئىدى. بۇ بەش شەھەر بەشبالىق (别失里)، قارا قوچۇ (火州)، جانبالىق (彰八里)، ياڭىبالىق (养吉八里)⑪ ۋە ئاگنى (唆里迷) يەنى بۈگۈنكى قارا شەھەردىن ئىبارەت ئىدى. ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈۋاتقان يەرلىرى كۆسەن ئەتراپىنى پاسىل قىلغان ئىدى. ئۇيغۇرلار ئەينى دەۋردىكى غەربىي شىمالدا مەدەنىيىتى ناھايىتى يۈكسەك بولغان مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئەتراپىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە قارىتا بىر قەدەر كۈچلۈكرەك تارتىش كۈچىنى نامايان قىلاتتى⑫. 1206 ـ يىلى تېمۇچىن موڭغۇللارنىڭ موڭغۇل يايلىقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى دۈشمىنى — نايمانلارنى يوقاتقاچقا، پۈتكۈل موڭغۇل يايلىقى چىڭگىزخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىلكىگە ئۆتتى. ئەينى يىللاردىكى تېمۇ چىن موڭغۇل يايلىقىدىكى ئونون (斡难) دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدا «قۇرۇلتاي» ئېچىپ ئۆزىنى «چىنگىزخان» دەپ ئاتىدى. مەملىكەتنى «يېكې موڭغۇل ئۇلۇسى» 也客蒙 (古元鲁思 يەنى «بۈيۈك موڭغۇل دۆلىتى» دەپ ئاتىدى.

يېڭىش غەلىبىلىرىدىن ھاياجانلانغان چارۋىچى قەبىلىلەر باي دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ھەۋەسلىك نەزەرى بىلەن قاراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن جىن (金) سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتىدىكى سارىغ ئۆگۈز (黄河) ۋادىلىرى، غەربىي شيا (西夏) ھاكىمىيىتىدىكى خېتاۋ (河套) رايونلىرى ھەمدە ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىدىكى بىرىنچى نىشانغا ئايلىنىپ قالدى.

غەربىي لياۋ قىتانلىرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى چۈرۈق دەۋرىدە، غەربىي لياۋ قىتانلىرىنىڭ قوچۇغا ئەۋەتكەن ئەمەلدارى «قاراخان» (监少) قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىنىڭ ئىدىقۇتىغا ۋە ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلىرىغا تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ، ھەددىدىن ئېشىپ، شالىسىنى چېچىپ يۈرگەچكە، قوچۇدىكى ئۇيغۇر ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنىڭ قاراخانغا بولغان دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسىنى قوزغاپ قويدى⑬. غەربىي لياۋ قىتانلىرىنىڭ ھاقارىتىگە، ئېزىشىگە ئۇچرىغان قوچۇ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارتتېكىن موڭغۇللارغا بويسۇنۇشنى، غەربىي لياۋنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنى قارار قىلدى. 1209 ـ يىلى ئىدىقۇت ئەمىر مەرۇپ قىلىپ غەربىي لياۋ قىتانلىرى ئەۋەتكەن شاۋكىملەرگە ھۇجۇم قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى ھەمدە غەربىي لياۋغا بېقىنىش مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى ۋە موڭغۇللارغا ئەگىشىشتە تەشەببۇسكار بولدى. موڭغۇللارغا ئەگىشىش جەريانى «چىڭگىزخاننىڭ زەپەر نامىسى» دە مۇنداق كونكرېت بايانلار بىلەن خاتىرىلەنگەن: «1209 ـ يىلىنىڭ باھارىدىلا ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىدىقۇتى چىڭگىزخاننىڭ ھەيۋىسى بىلەن قىتانلارنىڭ شاۋكېملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، موڭغۇللار بىلەن كېلىشىش ئارزۇسىدا بولدى. دەسلېپىدە ئەل بۇيرۇق ۋە دار بايدىن ئىبارەت ئىككى ئادەمنى موڭغۇللارنىڭ مەملىكىتىگە ئەۋەتتى. خان كاتتا زىياپەت بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۆز ھوزۇرىدىكى مەنسەپدارلاردىن لىنجىس (另吉思) ۋە ئالىنتۆمۈرگە ئىدىقۇت بارچۇق ئارتتېكىننىڭ پەرمانىنى جاكارلاتقۇزدى: ‹پەقىر بۈيۈك

خاقانلىقلارنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى ئاڭلاپ، قىتانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى ئۈزۈپ، يېقىندىلا ئەلچى ئەۋەتىپ كۆڭۈل ئىزھارىمىزنى بىلدۈردۇق. ئەسلىي ئۆزىمىز بېرىپ قەلبىمىزنى ئىزھار قىلماقچى ئىدۇق. ئويلىمىغان يەردىن سىلەرنىڭ بۈيۈك دۆلەت ئەلچىلىرى كىچىككىنە دۆلىتىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىشتى. بۇلۇتلار تاراپ، كۈن ئېچىلىپ، مۇزلۇق دېڭىزدىكى مۇزلار ئېرىگەندەك خۇشاللىنىپ، ئۆزۈمنى باسالمىدىم. بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق پۇقرالىرىمنى باشلاپ، سىلەرگە چاكار ھەم پەرزەنت بولاي، بارلىق كۈچۈمنى ئايىماي، . . . . 1211 ـ يىلى ئىدىقۇت بارچۇق ئارتتېكىن چىڭگىزخاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن كىرولان دەريا ساھىلىغا بېرىپ، چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشتى. چىڭگىزخان ئۇنىڭغا زور شان شەرەپ ئاتا قىلدى، چوڭ ئىنئام تارتۇق قىلدى ھەمدە قونچۇيي مەلىكىنى بارچۇقئارتتېكىنگە ياتلىق قىلدى. بارچۇق ئارتتېكىن قونچۇيغا ئۆيلىنىپلا قالماي جۇجى (术亦)، چاغاتاي (察合台) كۆكتاي (宽阔台) ۋە تۇلۇخاندىن كېيىنلا تۇرىدىغان چىڭگىزخاننىڭ بەشىنچى ئوغلىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن موڭغۇل ئىمپېرىيەسى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بويسۇندۇرۇش ـ بويسۇنۇش مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي شەكىللەندى. شۇنىڭدىن كېيىن قوچۇ ئۇيغۇرلىرى موڭغۇللارنىڭ كېڭەيمىچىلىكىدە مۇھىم رول ئويناپ، چىڭگىزخاننىڭ بىر ئەھمىيەتلىك كۈچىگە ئايلاندى» .

ئۇيغۇرلار موڭغۇللارغا بويسۇنغان، مەدەنىيەتلىك ئىككىنچى مىللەت. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى موڭغۇللارنىڭ يۈەن سۇلالىسىدە تولىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇيغۇر ئىدىقۇتى موڭغۇللارغا بويسۇنغاندىن ئېتىبارەن موڭغۇل خانلىقى ئىلغار قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، موڭغۇل مەدەنىيىتىدە سۈپەت ئۆزگىرىشى پەيدا قىلىپ، خانلىقنى ئىقتىساسلىقلار بىلەن تولۇقلاشقا مۇشەررەپ بولدى. ئالدى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ يېزىق ئاساسىدا موڭغۇل يېزىقى (ئۇيغۇرچىل موڭغۇل سۆچۇڭ) نى بەرپا قىلدى. ئۇيغۇر يېزىقى يۈەن ئىمپېرىيەسىنىڭ تەسىر كۈچىدە ھاكىم مۇتلەق يېزىق سالاھىيىتى بىلەن ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا توسالغۇسىز ئىشلىتىلىپ، نوپۇزلۇق يېزىققا ئايلاندى. ئۇيغۇر تىلىمۇ ئۆزىدە كەمچىل سۆزلەملەرنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى.

يۈەن دەۋرىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي تارماقلارغا كىردى. بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باج يىغىش مۇئەسسەسەلىرىدە ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ناھايىتى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. ئەرەب تارىخچىسى ئىبىن ئەرەبشاھ (1388 — 1450) مۇنداق خاتىرىلىگەن: «چاغاتايلارنىڭ بىر خىل يېزىقى بار، ئۇ يېزىق موڭغۇللارنىڭ يېزىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆپچىلىككە بەكمۇ تونۇش. ئۇ يېزىق بىلەن مەنسەپكە بەلگىلەش پەرمانى، بۇيرۇق، ئالاقە خەتلىرى، قىسسە، ھېكايىلەر ھەمدە چىڭگىزخاننىڭ ئەمىر مەرۇپى پۈتۈلىدۇ. كىم بۇ يېزىققا پىششىق بولسا شۇ مۇھتاجلىقىنىڭ دەردىنى تارتمايدۇ. . . »⑭.

ئۇيغۇرلار موڭغۇللارغا ئىلىم ـ پەن ئۆگىتىپ، موڭغۇللارنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ياردەم بەردى. ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە رەڭدار كۆزلۈكلەر دەرىجىسىگە تىزىلىپ، موڭغۇللار بىلەن ئوخشاشلا ھۆكۈمدارلار قاتلىمىغا كىردى. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى چىڭگىزخاننىڭ خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ نەزەرىدە باشتىن ئاخىرى «قۇل ـ كۆلڭ» ھېسابلانغاچقا، سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلسا، ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپىدىن نېرى بولالمايتتى. جۇۋەينى «تارىخىي جەھانكۇشاي» دە قەيت قىلغان موڭغۇللار ئۈچۈن خارسلارنى ئېھتىيات بىلەن باشقۇرۇپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر (阔里吉思) نىڭ چاغاتايخاننىڭ جەمەتىنى رەنجىتىپ قويغانلىقتىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، ئىدىقۇت سارۇندى (撒仑地) نىڭ خان جەمەتى ئوردىسىدا تاجۇتەخت تالىشىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ.

1259 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مۆڭكۈخان كېسەل سەۋەبىدىن دىياۋيۈ (钓鱼) تېغىدا ۋاپات بولدى. شۇنىڭ بىلەن موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىق جەمەتىدە بىر قەپەس «سەن ئۆل! مەن ياشاي!» دېيىدىغان تەخت تالىشىش جېڭى باشلاندى. 1260 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قۇبلايخان تۇغلۇك كۆتۈرۈپ⑮ خان بولدى. شۇ يىلى جوڭتوڭ (中统) نىڭ بىرىنچى يىلى دەپ ئاتالدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇدۇللىغاندەك قىلىپ، ئۇنىڭ ئىنىسى ئارىغبۇقا (阿里尔哥) كىرولاندا قۇرۇلتاي ئېچىپ، يايلاقتىكى مۇتەئەسسىپ، ئەنئەنىچى، موڭغۇل تۆرە ـ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللىشىدا ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى. قۇبلاي بىلەن ئارىغبۇقا ئارىسىدا شىددەتلىك جەڭ باشلاندى. ئارىغبۇقا قالايمىقانچىلىقى ئۇيغۇر رايونلىرىغا قارىتا بالايى ـ ئاپەتنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ئۇرۇشتا ئارىغبۇقا بىلەن چاغاتايلاردىن ئالغۇ (阿鲁忽) بىرلەشتى. ئارىغبۇقا مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، ئالغۇ ئارىغبۇقادىن يۈز ئۆرۈپ، 1264 ـ يىلى قۇبلايخانغا تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر رايونلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى. 1266 ـ يىلى قۇبلايخان قوچقارنى يەنى سالۇنتېكىننىڭ ئوغلىنى ئىدىقۇتلۇققا تەيىنلىدى. ئىلگىرى، يەنى 1209 ـ يىلى بارچۇق ئارتتېكىن چىڭگىزخانغا بويسۇنغاندىن بېرى، ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرى (亦都护)، مەسىلەن: بارچۇق ئارتتېكىننىڭ ئوغلى كېسەز (怯失迈失) ھەمدە ئۇنىڭ ئىنىسى سالۇنتېكىن (撒论的斤) قاتارلىقلار كىرولاندىكى موڭغۇل خانلىقىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتى بىلەن مەمۇرىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بويسۇنۇش مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى. بەزى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كېلىشىم ـ ۋەسىقىلەردىكى خىلاپكارلارنىڭ جازالىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بۆلىكى بىزنى بۇ جەھەتتىكى دەلىللەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

كلارك ئەپەندى تەكشۈرگەن 65 تىزىم ۋەسىقىنىڭ 13 ـ قۇرىدىكى «ikiatanötünupögütäysüsinga» (ئۆگۈتەي جانابلىرىغا ئىككى ئاتان ئۆتۈنۈپ) دېگەن جۈملە ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ ئۆگۈتەيخان دەۋرىدە (1228 — 1241) موڭغۇل

خانلىرىغا بويسۇنۇش مۇناسىۋىتىدە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئارىغبۇقانىڭ پاتىپاراقچىلىقىدا ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرى قۇبلەي تەرەپتە تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە سادىق بولۇپ كەلگەن. كلارك تەكشۈرگەن 42 ـ، 45 ـ، 46 ـ، 58 ـ، 60 ـ، 87 ـ تىزىم نومۇرلىرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى كېلىشىمنامىلەردە كۆرۈلگەن پۇل ( 钞 chao ) ، جۇڭتوڭنىڭ بىباھا پۇللىرى (中统宝钞) دېگەن سۆزلەر يۈەن سۇلالىسىنىڭ پۇل بىرلىكلىرىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ يەردە يەنە بىر جەھەتتىن ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرىۋاتقانلىقىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

ئارىغبۇقانىڭ مالىمانچىلىقىدىن كېيىن قايدۇ بىلەن دۇۋا (笃哇) قۇبلايخاننىڭ چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسى بولۇشىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمدى ھەمدە تاش يېنىدا قۇبلايغا قارشى تۇردى. قايدۇ بولسا ئۆگدىتاينىڭ نەۋرىسى ئىدى. بۈيۈك موڭغۇل دۆلىتىنىڭ تاجۇتەختى تومىيلەر جەمەتى ئىلكىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئىزچىل تۇردە ئۆگدىتايلارنىڭ موڭغۇل دۆلىتىدىكى ئەسلىدىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش چۇشىنى كۆرۈۋاتاتتى. قايدۇنى قوللاۋاتقىنى چاغاتاينىڭ ئەۋلادى دۇۋا (笃哇) ئىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرى مەركىزىي ھاكىمىيەت تەرەپتە مۇستەھكەم تۇردى.

1275 ـ يىلى دۇۋا (笃哇) ئون ئىككى تۈمەنلىك زور قوشۇن بىلەن قارا قوچۇ شەھىرىنىڭ سېپىلىغا ئالتە ئايغا يەتكەن ھۇجۇمنى قوزغاپ بۇ ئەسكىرىي بازىنى ئىگىلەش كويىدا بولدى. قوچقار ئىدىقۇت مەركىزىي ھاكىمىيەتكە سادىق بولغاچقا، قوچۇنى مۇستەھكەم ساقلاپ «مەن ئۆزكەي[16] ۋەزىر ـ بۈيرۇقلاردىن[17] ئىككى ئاتامانلىق بولماسلىقنى ئىشتتىم. بۇنىڭدىن سوڭرە مەن ئۇشبۇ بالىغنى[18] ئۆيۈم، ـ دەپ بىلۇرمەن، ئۆلسەم بۇ بالىغ قەبرەم بولۇر، ئاداققىچە باش ئەگمەيمەن»[19] دەيدۇ. ئۇ شەھەر سېپىلى ئىچىدە ئاشلىق ۋە كىراچ قالمىغاندا ئۆز قىزىنى ئىنئام قىلىپ سۈلھىنى تەلەپ قىلىپ، قوچۇغا قارىتىلغان مۇھاسىرىنى بوشىتىشنى قولغا كەلتۈردى. ئىدىقۇت قوچقار تېكىننىڭ سادىقلىقى قۇبلاينى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن قۇبلاي ئۇنى تارتۇقلاپ، باغىق (巴合克) قونچۇينى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. يەنە ئون تۈمەن قارلىق (锭贩济) پۇلى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدىن ھال سورىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىدىقۇت ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى قامىل ( 哈米立 بۈگۈنكى قۇمۇل) غا يۆتكىدى. كېيىن قايدۇ يەنە لەشكەر باشلاپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. قوچقار ئۇرۇشتا ۋاپات بولدى. قامىلمۇ شۇندىن ئېتىبارەن خارابىلىششقا يۈزلەندى. قوچقارنىڭ ئوغلى ئۇرۇنتېكىن بىر قىسىم قالدۇق ئۇيغۇر لەشكەرلىرىنى باشلاپ، گەنسۇنىڭ يوڭچاڭ (永昌) غا ئورۇنلىشىپ[20] كېيىن ئەسلىي ئورنىغا كېلەلمىدى. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىدىن بەشبالىغ، قارا قوچۇ، قامىل قاتارلىق يەرلەر مۇھىم ئەسكىرىي ئورۇنلار بولغاچقا، غەربىي شىمالدىكى ئاسىيلىق قىلغان خان ۋە قۇبلايدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ جەڭگاھىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا دۇچار بولۇپ، ھاياتى، مال ـ مۈلكى غايەت زور زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىدى.

1280 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۈەن سۇلالىسى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئۇيغۇر رايونلىرىغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىش تەدبىرىنى قوللاندى. بەشبالىغ، كۈسەن (曲先) قاتارلىق يەرلەردە ھەربىي، مۈلكىي ئەمەلدارلارنىڭ «ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى»نى تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى ھەقسىز ئىشلىتىپ، ئاشلىق تاپشۇرغۇزدى. ئەسكىرىي قارارگاھ قۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆي ـ ۋاقىدىن ئايرىلىپ لەشكەر بولۇشقا قىستىدى. ھەمدە قۇز ئوردىدا تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇرۇپ ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي ۋە مۈلكى ئىشلار باش مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. يەنە «نازارەت مەھكىمىسى» (按察司) ، «ھەق تاپشۇرۇش مەھكىمىسى» (交钞提司) قۇرۇپ، موڭغۇللارنىڭ پۇلىنى تارقاتتى. ئۇيغۇرلا رايوننىڭ باج ۋە ئەسكىرىي ئىشلىرى موڭغۇللارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ سىياسىي كونتروللۇقى، ھەربىي ھاكىمىيىتى، ئىقتىسادىي ئېزىشىدە دوزاخ ئازابىنى تارتقاندەك تېپىرلىدى. ھەر تەرەپكە چېچىلىپ، ئائىلىسى ۋەيران بولۇپ، ئادەملىرى ھالاك بولدى. ئۆيىنى گۆرۈگە قويۇپ، يەر ـ زېمىن ۋە خوتۇن ـ بالا ۋاقىلىرىنى ساتىدىغان يامان كۈنگە قالدى[21]. بۇ ئەھۋاللارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تىلخەت ۋە ۋەسىقىلەردە كونكرېت ئىپادىسى بار. قوچقار تۇرپان ئويمانلىقىدىن ئايرىلىپ، قۇمۇلغا كۆچكەندىن باشلاپ، قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقى بىر پۈتۈن سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ ئەمەلىي گەۋدىسى بولۇش ھالىتىدىن مەھرۇم قالدى. كېيىن نۆرىن (纽林) بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى تەمۈر بۇقانىڭ «ئىدىقۇت» دېگەن نامى ئەسلىدىكى مەنىسىنى يوقىتىپ، پەقەت يۈەن سۇلالىسىنىڭ دائىمىي مەنسەپتىكى كېنەزى ئاممىنىڭ يېرىگە ئايلاندى.

1301 ـ يىلى كۆكتايلار قايدۇ ۋە ئالتۇنتاغ ئەتراپىدا موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. قايدۇ قايتىش سەپىرىدە ئۆلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى كۆكتاي بىلەن چاغاتايدىن ئىبارەت ئىككى خانلىقنىڭ بىرلەشمىسىنىڭ ئىچكى كۆچىدە روشەن سېلىشتۇرمىلىق تۈپكى ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى.

چاغاتايلاردىن دۇۋا (笃哇) بىرلەشمىنىڭ ھۆكۈمدارى بولدى. ماۋا قايدۇنىڭ باللىرى ئىچىدىن بىر قەدەر ئاسان باشقۇرغىلى بولىدىغان چاپار (八八察) نى تاللاپ كۆكتاينىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى، كۆكتايلارنى ئۆزىنىڭ ھامىيسىغا لىقىغا ئايلاندۇردى. دۇۋا بىلەن چاپار كېڭىشىپ يۈەن سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشنى قارا قىلىشتى. 1304 ـ يىلى قۇبلاينىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى (1307—1295) بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە چىڭگىزخاننىڭ ئەنئەنىۋى تەخت ۋارىسى ئىكەنلىكىدەك ۋەزىيەتنى ئېتىراپ قىلىشتى. ھەمدە يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇلارنىڭ غەربىي شىمالدىكى قانۇنىي ئىگىدارچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. يۈەن

چىڭگىزنىڭ مەكتۇپ قايتۇرۇپ ئىپادە بىلدۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۈچ تەرەپ ئاخىرى كېلىشىم ھاسىل قىلىشتى. نەتىجىدە يۈەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي شىمالدىكى خانلار ئارىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك قارشىلىشىشقا خاتىمە بېرىلدى.

ۋەھالەنكى، ئۇزاق ئۆتمەي ماۋا بىلەن چاپارنىڭ ئارىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولدى. 1304 ـ يىلى ماۋا لەشكەر تارتىپ چاپارنى تالاپەتكە ئۇچراتتى. شۇ قېتىملىق غەلىبىدىن كېيىن ماۋا ئېخىمۇ كەڭ زېمىنگە ئېرىشتى. ماۋا ئەجدادى چاغاتايدىن قالغان سۇيۇرغال زېمىننى قايتۇرۇۋېلىپلا قالماي، يۈەن سۇلالىسى كۈچلىرىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن سىقىپ چىقىرىش پۇرسىتىگىمۇ مۇشەرەپ بولدى. ئۇ يەنە قوچۇ ئىدىقۇتلۇقىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي گىرۋەكلىرىگە ئىگە بولىۋالدى㉒. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر رايونلىرى چاغاتاي خانلىقى تەرىپىدىن يۇتۇۋېتىلدى.

بىرقانچە پارچە ۋەسىقىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ چاغاتاي خانلىقىغا قوشۇلۇپ كېتىش ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيالى بولالايدۇ. بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى (Claek97№) نى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاننىڭ مۇرتۇق رايونىدىن بايقىغان. بۇ يەرلىك باغ ـ ۋارانلىق كىشىلەرنىڭ (incübarcilar) چاغاتاي خانىنىڭ ئەۋلادى بولغان تۇغلۇق تۆمۈر (otrlurtomür) گە يازغان «باجنى كەچۈرۈم قىلىش ئۆتۈنچى» بولۇپ چىققان، گەرچە بۇ ۋەسىقە بەكمۇ ئېغىر پەرسۇدە بولغان بولسىمۇ لېكىن، بىرقانچە چاغاتاي ھۆكۈمدارىنىڭ نام ـ شەرىپى قەيت قىلىنىشى بىلەن چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئىسىم chaghinda (ۋاقىت) ئۇسلۇبى ئۇچرايدۇ. بۇ «xxx نىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار

| چاغاتاي خانلار | هۆكۈمرانلىق دەۋرى | خەنزۇچە تەرجىمە ئىسمى |
|---|---|---|
| Taliqu | (1308—?) | 塔里忽 |
| Kebek | (1309—?) | 怯别汗 |
| Esenbuqa | (1309—1302) | 也先不花汗 |
| Kebek | (1309—1326) | 怯别汗 |
| Eljigday | (1326—?) | 燕只吉台汗 |
| Darmasirin (han) | 1326—1333) | 答儿麻失里汗 |
| Cangsi | (1334—1338) | 尚失汗 |
| Yisun Temur | (1338—1889) | 也孙贴木儿汗 |
| Muhammad | (1339—?) | 马黑马汗 |
| نائىبىنىق | (? --1347) | |
| TuƔluq Temur | (1347—1363 | 秃黑鲁·贴尔汗 |

مەزكۇر ۋەسىقە يۇقىرىقى خانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە تۇرپاننىڭ چاغاتاي خانلىقىغا تەۋەلىكىنى كۈچلۈك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. كلاركنىڭ يىلنى ھۆكۈم قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرچە پانىيلىق ھۆججەتلىرى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق يىللىرىغا توغرا كېلىدىكەن. ئۇ ۋەسىقىلەر 122، 86، 52، 41، 31، 28، 26، 13 ـ 10، 8 ـ Clark№، 102، 97، 78، 100، 99، 86، 80، 73، 74، 131، 130 نومۇرلۇقلاردۇر㉓.

1389 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈر خانىنىڭ ئوغلى خىزىرخاجە (1389—1399) چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى بولدى. ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچىلەر قىزغىن كۈتۈۋېلىندى ھەم تارتۇقلاندى. مىڭ تېزلا جاۋابەن ئەلچى ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئارىسىدا ئەلچىلەر ئۈزۈلمىدى. خىزىرخاجە پايتەختنى بەشبالىققا كۆچۈرگەچكە «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا «بەشبالىق مەملىكىتى» دەپ يېزىلدى. خىزىرخاجە بولسا بىر تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ قورال كۈچى بىلەن تۇرپان دائىرىسىدە ئىسلام دىنىنى كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ۋاقىتقىچە سىياسىي، جۇغراپىيەۋى ۋە دىنىي جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان ھالەتتە ئىككىگە بۆلۈنۈپ تۇرغان ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى باشلاندى. پۈتكۈل ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت، فىقھىلىرى بويىچە باشقۇرۇلدى.

XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىدىكى بەشبالىق، تۇرپان رايونلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى باشلاندى. ۋەھالەنكى پۈتكۈل تۇرپان رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇسۇلمانلىشىش جەريانى تەدرىجىي يۈز بەرگەن. ھەتتا XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تۇرپاندا يەنىلا بۇددىزم ئېتىقادىدىكى ئاھالىلەر بار ئىدى. مەسىلەن: مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چېن چېڭنىڭ «قۇرىغاردىكى ھەرقايسى ئەللەر تەزكىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق

يېزىلغان: «تۇرپان. . . ئاھالىسى بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىدۇ. كۆپلىگەن بۇددا ساقراملىرى بار»㉔. XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يىللىرىدىلا ئىسلام دىنى بۇ رايوندا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، تۇرپاننىڭ ئاھالىسى ئاستا - ئاستا پۈتۈنلەي ئىسلام دىنىغا كىرگەن. XVI ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە قۇمۇلدىكى ئىككى ئىناىچىخان ئارقا - ئارقىدىن مۇسۇلمان بولغان. شۇ ئاساستا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىش ۋەزىيىتى ئاساسەن شەكىللەنگەن.

گەرچە تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پانىيلىق ۋەسىقىلەردە بىر قىسىم ئەرەبچە، پارسچىدىن كىرگەن سۆزلەر ئۇچرىسىمۇ، لېكىن بۇ ۋەسىقىلەرنى ئىسلام دىنىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ پۈتۈلگەن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا دەلىل ياكى ئىزنا يوق. داڭلىق ئالىم ماركېل. ئېردال بەش پارچە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىگە ئائىت ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋە بىر پارچە ئەرەبچى يېزىقتىكى (تىلى ئۇيغۇرچە) توختام كېلىشىم ۋەسىقىسىنى ئېلان قىلدى. ياركەندتىن تېپىلغان بۇ ۋەسىقىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىز تۇرپان پانىيلىق ۋەسىقىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى، قانۇن ئىبارىلىرى، يىل ھېسابىنىڭ ئىپادىلىنىشىدە ۋە نىشان، تامغىنىڭ ئىشلىتىلىشىدە ماھىيەتلىك پەرقىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ئىسلام دىنىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ياركەندتىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردە ئاللاھقا ئوقۇلغان ھەمدۇ - سانا ۋە ھىجرىيە تەقۋىمى بار، نىشان بىلەن تامغا يوق، ھەممە قانۇن ئىبارىلىرى دېگۈدەك ئەرەبچە، پارسچىدىن كىرگەن سۆزلەر. شۇڭا، بىز تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پانىيلىق ۋەسىقىلىرىنى تۇرپان رايونى پۈتۈن سۈرۈك ئىسلامغا كىرىشتىن بۇرۇن پۈتۈلگەن دەپ بېكىتەلەيمىز.

## ئىزاھلار:

① ل. ۋ. كلارك: ئا. ق. ش ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور، ئا. ق. ش نىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد تۈركولوگى. 1990 - يىللاردا ئۈرۈمچى، تۇرپانغا كەلگەن ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلمىي دوكلات بەرگەن.

②㉓ ل. ۋ. كلاركنىڭ 1975 - يىلى ئېلان قىلغان«Introduction to the Uyghur Civil Documents of Xinjang (13th—14th CC)» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىنغان مەجمۇئەنىڭ 195 -، 179 — 180 - بېتىگە قارالسۇن.

③ زىيېمې: 1981 - يىلى، «Research on Uigur Documents Since 1975» 55 - 61 - بەت.

④ مۇناسىۋەتلىك ۋەسىقىلەرنىڭ يىلىنى بېكىتىش جەھەتتىكى تەتقىقات ئەھۋالى ئۈچۈن پروفېسسور ئابلىكىم ياسىننىڭ « 吐鲁番回鹘文世俗文书语言结构研究 » (1998 - يىلى) ناملىق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنىڭ بىرىنچى بابىغا قارالسۇن.

⑤ قۇل: - ئەركىنلىكى يوق ئوغۇل، ئەرنى، كۈڭ - ئەركىنلىكى يوق قىز، ئايالنى بىلدۈرىدۇ.

⑥ بوز: - ھاراق شارابىنىڭ قەدىمكى تۇرپان ئۇيغۇر تېكىستلىرىدىكى ئاتىلىشى، ئۈزۈم ھارىقى، ئۇ سۆز «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىمۇ خاتىرىلەنگەن.

⑦ ئاتلاغسان - سوقان: 1980 - يىللىرىدىكى ئۇيغۇرچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۆتلۈك - سۆيگۈن دېيىلگەن، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرىدا ۋە 2003 - يىلى 11 - ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان خۋاتوننىڭ «XIV - XV ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىنىڭ تەرجىمىسىدە «ئاتلاغسان - سوقان» دەپ ئېلىش تەكىتلەندى ھەم شۇنداق ئېلىندى.

⑧⑨⑪⑭㉒㉔ 更世民：1983 年，《维吾尔古代文化和文献概论》，新疆人们出版社，第 16，48，105，261，281 页.

⑩ 冯.加班：（德国），：邹如山汉译本：1989 年，《高昌回鹘王国的生活》吐鲁番市地方志编辑室，第 44 — 45 页.

⑫ XII، XIV ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ۋەسىقىلەردە «بالىق» بىلەن «بالىغ» پەرقلىنىپ، «بالىق» — «بېلىق»نى، «بالىغ» — «شەھەر»، «قەلئە»نى بىلدۈرگەن.

⑬ «تارىخى جەھانكۇشاي»، بىرىنچى جىلد، 49 - بەت.

⑮ تۆگلۈك كۆتۈرۈش: - چارۋىچى تۈركىي مىللەتلەردە بوز ئۆيىنى (كىگىز ئۆينى) ئايرىم قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سۆز، كۆچمە مەنادا «ئايرىم بولماق».

⑯ ئۆزكەي: - سادىق، دېگەن مەنىدە.

⑰ بۇيرۇق: - ۋەزىر دېگەن مەنىدە.

⑱ بالىغ: - شەھەر، - دېگەن مەنادا.

⑲ «قوچۇ خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۇ تېشى»غا قارالسۇن.

⑳ 明宋濂：2005 年，《元史》，中华书局点校本出版社. 第 122 卷.

㉑ 张炼：1988 年，《论述蒙元时期的维吾尔》，《西北民族》第一期，第 61 页.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

31 - يىللىق 4 - سان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 第31卷第4期
2010 - يىلى 12 - ئاي 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 2010年12月

ماقالە نومۇرى: 1005—5878(2010)04—017—09

# ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنلىرى بىلەن دۆلەت تۈزگەن قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە*

تۇرسۇننىياز ساۋۇر
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئادەت قانۇنى خېلىدىن بېرى تالاش - تارتىش بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇقۇم، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ بۇ توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى، تەبىرلىرى ئوخشىمايدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا، ئادەت قانۇنى تارىختا شەكىللەنگەن، مۇئەييەن دائىرىدە ئورتاق چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغان، ئەل ئارىسىدىكى ئادەت قائىدىلىرى ئاساسىدا ئومۇملاشقان قائىدىلەر بولۇپ، ئۇ دۆلەت ئېتىراپ قىلغان، دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچىنىڭ كاپالىتىگە ئىگە قائىدىلەرنىمۇ، داۋاملىق ئادەت كۈچى شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان قائىدىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنى تەتقىق قىلىش — جەمئىيەتنىڭ تەرتىپلىك ئىدارە قىلىنىشىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەرنىڭ ئادەتلىرى ۋە پسىخىكىسىنى توغرا ئىگىلەپ، دۆلەت قانۇنىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

**摘要：**习惯法是争论已久的一个概念，国内外的学者们对它的理解和界定不完全一致。概括地说，习惯法是历史上形成的、在一定的范围内具有共同的限制力、在民间习惯规则基础上流传的规约，它既包括国家承认的、得到国家暴力保障的规则，也包括以习惯延续力量的形式存在的规则。研究习惯法对于加强社会的有序管理、正确把握民族习惯和心理、增强国家法律的效力均有正面意义。

**Abstract:** Customary law is a concept that has long been debated. There exists no exactly the same understanding and definition about the law at home and abroad. In a nutshell, customary law, formed in the past history, having common restraint power within certain ranges, is a term on the basis of customary rules. It includes not only rules and regulations of national recognition and getting the guarantee of the nation, but also includes to continued strength in the form of customary rules. Studying the customary law has positive significance in strengthening the order of social management, grasping correctly the national habits and psychology, and enhancing the effectiveness of national laws.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D(9)6 ماتېرىيال بەلگىسى A

* بۇ ماقالە 2008 - يىلى 9 - ئايدا تاپشۇرۇۋېلىندى.
ئاپتور: تۇرسۇننىياز ساۋۇر (1961 - يىلى 11 - ئايدا لوپ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان)، دوتسېنت، قانۇن ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

# 1. ئادەت قانۇنى توغرىسىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلار

قەدىمكى گرېتسىيە پەيلاسوپى پلاتون ئۆزىنىڭ «قانۇن ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە: «قەدىمكى زاماندا، ئىنسانلار ئارىسىدا قانۇن چىقارغۇچىلار بولمىغان، ئەينى چاغدا بۇنداق نەرسىلەر تۈپتىن مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئەڭ دەسلەپ يېزىقمۇ بولمىغان، ئىنسانلار ئۆز ئادەتلىرى ۋە ئۆزلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانۇنلىرى، دەپ تونىغان قائىدىلەر ئاساسىدا! تۇرمۇش كەچۈرگەن»① دەپ يازغان ئىدى. ئەنگلىيەنىڭ يېقىنقى زامان قانۇن تارىخى ئالىمى مېيىننىڭ قارىشىچە: «كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلار ئەمدىلا ئاپىرىدە بولغان دەۋرلەردە، ھەرقانداق تۈردىكى قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ بولۇشىنى، ھەتتا ئېنىقراق بولغان قانۇن چىقارغۇچىلارنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئادەت تېخى قانۇن دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولۇپ، ئۇ پەقەت بىر خىل ئادەتتىنلا ئىبارەت ئىدى»②. مەشھۇر مۇتەپەككۇر روسسو ئۆزىنىڭ «ئىجتىمائىي پۈتۈم ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە، ئەل ئارىسىدىكى ئادەت قانۇنلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن ئىدى: «بۇ ئۈچ خىل قانۇن (سىياسىي قانۇن، ھەق تەلەپ قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنلىرى) دىن باشقا يەنە تۆتىنچى خىل، بەلكى ھەممىسى ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بىر خىلنى قوشۇش كېرەك. بۇ خىل قانۇن ھەم مەرمەر تاشلارغا ئويۇلمىغان، ھەم مىس داڭقانلارغا پۈتۈلمىگەن، بەلكى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئويۇلغان، ئۇ دۆلەتنىڭ ھەقىقىي ئاساسىي قانۇنىنى شەكىللەندۈرگەن، ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىپ تۇرغان، باشقا قانۇنلار سۇسلاشقان ياكى يوقالغاندا، ئۇ ئەشۇ قانۇنلارنى تىرىلدۈرىدۇ ياكى ئەشۇ قانۇنىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ؛ ئۇ بىر مىللەتنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى ساقلاپ قالغان، يەنە كېلىپ ئاڭسىز ھالدا ئادەتنىڭ كۈچىنى نوپۇز كۈچىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن. بىزنىڭ دېۋاتقىنىمىز ئۆرپ ـ ئادەت قائىدىلىرى، بولۇپمۇ جامائەت پىكرىدىن ئىبارەت»③.
كائىرسىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئادەت قانۇنىنى دۆلەت تۈزگەن قانۇن بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى قانۇنىنىڭ ئىككى ئاساسىي شەكلىدىن بىرى دەپ قارىغان، ھەمدە ئادەت قانۇنىنى «ئومۇمىيۈزلۈك رىئايە قىلىنىدىغان قائىدىلەردىن كېلىپ چىققان، كىشىلەر ھەرگىزمۇ ئاڭلىق ھالدا قانۇننى ئىجاد قىلىشنى مەقسەت قىلمىغان، لېكىن ئۇلار چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغان ئۆلچەملەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەرىكەت، ھەرگىزمۇ خالىغانچە تاللاپ قىلىنىدىغان ئىش ئەمەس، دەپ قارىغان»④ دەپ ھېسابلىغان.

گېرمانىيە ئالىمى ماكس. ۋېبېر «ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت» دېگەن ئەسىرىدە ئادەتنىڭ قانۇنىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئەھمىيىتىنى ھەمدە ئادەت قائىدىلىرى، ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن قانۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇجمەل بولغان ئۆتكۈنچى چەك ـ چېگرانى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، ئادەت قانۇنىنىڭ تەدبىقلىنىشى كىشىلەرنىڭ «مۇئەييەن بىر مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا (تۈزۈلگەن قائىدىلەرگە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىگە پىششىق بولغان ئادەت) قائىدىلەرگە تايىنىشىدا ئىپادىلىنىدۇ، بۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسىدا مۇقەددەس بولغان بىر خىل زورلۇق ماشىنىسى مەۋجۇت بولىدۇ»⑤ دەپ قارايدۇ. ئەنگلىيەلىك قانۇنشۇناس خايېك: «ئىچكى جەھەتتىكى تەرتىپ ساپلا ئابستراكت مۇناسىۋەتلەر (مۇناسىۋەت ئەندىزىلىرى) ئاساسىغا ئورنىتىلىدۇ، ھالبۇكى بۇ خىل مۇناسىۋەت ئەندىزىسى ئاساسەن ئادەت قانۇنى ۋە قائىدىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ.
ھەرىكەت قائىدىلىرى تەرتىپنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا تولىمۇ زۆرۈردۇر. كىشىلەر ئۆز پائالىيىتى جەريانىدا تولۇق بىلىپ كېتەلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار ۋە مۇرەككەپ مۇھىتقا دۇچ كەلگەندە، ئادەت قانۇنى بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتىكى ئابستراكت بىلىمگە تايىنىپ تەسەۋۋۇرىدىكى ئەندىزىنى بەرپا قىلىپ، تاشقى مۇھىتقا ماسلىشىدۇ ۋە ئۇنى چۈشىنىدۇ.
ئادەت قانۇنىنىڭ ھەرىكەت جەريانىدا رىئايە قىلىنىشى ئۇنى قوبۇل قىلىدىغانلار تۈپى كۈچلۈك بولۇپ، تېخىمۇ چوڭ مەۋجۇت بولۇش پۇرسىتى بولغانلىقىدىن ئىبارەت.
ئادەت قانۇنىدىن ئىبارەت بۇنداق ئىچكى قىسمىدىكى قائىدىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتى بار»⑥ دەپ قارايدۇ. فىرانسىيەلىك مەشھۇر قانۇنشۇناس ئېيرىس «جانلىق قانۇن» بولغان «جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەرتىپى» نى، يەنى ئادەت قانۇن ـ قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. فىرانسىيەلىك يەنە بىر قانۇنشۇناس بولئۇر مۇنداق تەكىتلەيدۇ: «كەڭ مەنىدىن، ئادەت قانۇنى ئاستىرىتتىن يېڭى قانۇنلارنى تۈزۈپ تۇرىدۇ، خۇددى ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋاناتنىڭ تېخى دۇنياغا كەلمەي تۇرۇپلا ھاياتىي كۈچى بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇ قانۇن قائىدىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىدۇر، ئۇنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى چەكسىز بولۇپ، قانۇنىنىڭ

بىردىن بىر مەنبەئىي دېيىش»⑦ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

ئامېرىكىنىڭ «برايىك قانۇن لۇغىتى» دە «ئادەت قانۇنى»غا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «مۇئەييەن ھەرىكەتنىڭ قانۇن تەلىپى ۋە مەجبۇرىيەت قائىدىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قوبۇل قىلىنغان ئادەتلەردىن ھاسىل بولغان قانۇن دەل ئادەت قانۇنىدۇر. ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈم ئىچىدىكى بەزى مۇھىم ۋە ماھىيەتلىك بولغان ئۇسۇل ۋە ئەقىدىلەرگە قانۇن سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنغاندا ئادەت قانۇنى بولىدۇ»⑧. «ئوكسفورد قانۇن چوڭ لۇغىتى» دە كۆرسىتىلىشىچە، «بەزى ئادەت، رەسىم ـ قائىدىلەر ۋە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللار خېلى بىر قىسىم رايونلاردا بېكىتىلگەن، كىشىلەر تەرىپىدىن بىر دەك ئېتىراپ قىلىنغان ھەمدە چەكلەش كۈچىگە ئىگە دەپ قارالغان، خۇددى يازما قانۇن قائىدىلىرى ئۈستىگە بەرپا قىلىنغانغا ئوخشاش بولغاندا، ئۇلار مۇقەررەر ھالدا ئادەت قانۇنى، دەپ ئاتىلىدۇ»⑨.

دۆلىتىمىزدە «ئادەت قانۇنى» دىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم ئەڭ دەسلەپ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبىنى ئېنىقلاش جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇزۇندىن بېرى، دۆلىتىمىزدە ئومۇمىيۈزلۈك ئادەت قانۇنىغا قارىتا دۆلەت نۇقتىسىدىن تەبىر بېرىلىپ كەلدى. ئالايلۇق، دۆلىتىمىزدىكى ئاتاقلىق قانۇنشۇناس سۈن گوخۇانىڭ قارىشىچە، ئادەت قانۇنى «دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ھەمدە دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچىنىڭ كاپالىتىگە ئىگە قىلىنغان مۇتلەق ئەھمىيەتلىك قانۇن»⑩نى كۆرسىتىدۇ. «جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى — قانۇنشۇناسلىق»تا: «ئادەت قانۇنى دېگىنىمىز، دۆلەت ئېتىراپ قىلغان ھەمدە دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچى ئارقىلىق يولغا قويۇلىدىغان ئادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. . . . دۆلەت بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى ئىپتىدائىي ئادەتلەر قانۇن خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەس ئىدى»⑪ دەپ يېزىلغان. بىر قەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئومۇملاشتۇرساق، شۇنداق بىر ئورتاقلىقنى بايقايمىزكى، ئادەت قانۇنى دۆلەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، سىنىپىي جەمئىيەتكە خاس بولغان، دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ھەمدە دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچىنىڭ كاپالىتى بىلەن يولغا قويۇلىدىغان ئادەتلەردىن ئىبارەت. بۇ خىل قاراش دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەر ئۇزۇندىن بېرى ئەمەل قىلىپ كەلگەن قانۇننىڭ بىر مەنبەچىلىكى نۇقتىئىنەزەرىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان، دۆلىتىمىز ئالىملىرى ئادەت قانۇنى ئۈستىدە يېڭى ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. لياڭ جىپىڭ ئەپەندى ئادەت قانۇنىغا مۇنداق تەبىر بەردى: «ئادەت قانۇنى شۇنداق بىر يەرلىك خاراكتېرلىك قائىدىكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ، ئۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتنى تەقسىم قىلىشقا قوللىنىلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەرتىپكە سالىدۇ ۋە ھەل قىلىدۇ ھەمدە بىر يۈرۈش مۇناسىۋەت تورلىرى ئىچىدە يولغا قويۇلىدۇ»⑫. گاۋچىسەي ئادەت قانۇنىغا تەبىر بەرگەندە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق ھېسابلىدى: «ئادەت قانۇنى دۆلەت تۈزگەن قانۇندىن مۇستەقىل تۇرىدىغان، مۇئەييەن ئىجتىمائىي نوپۇز ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتقا تايىنىدىغان، مۇئەييەن مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە بولغان ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر»⑬. يۈرۈڭگىن ئادەت قانۇنىغا تەبىر بەرگىنىدە: «ئادەت قانۇنى مۇئەييەن ئىجتىمائىي تەشكىلات ياكى توپ ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ساقلايدىغان ۋە تەرتىپكە سالىدىغان ئادەت خاراكتېرلىك چەكلەش كۈچىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، شۇ تەشكىلات ياكى توپنىڭ ئەزالىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنى قوغداش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ كېلىشىپ بېكىتكەن، مۇئەييەن تېررىتورىيەدە تەدبىقلىنىدىغان، مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە ھەرىكەت قائىدىسىدۇر»⑭ دەپ قارىدى.

بىز گاۋچىسەينىڭ ئادەت قانۇنى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى مۇۋاپىق دەپ قارايمىز. ئادەت قانۇنى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن، مۇئەييەن بىر رايون ياكى كىشىلەر توپى ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغان، ئادەتلەرنى ئاساس قىلىپ تەرەققىي قىلغان، شۇ رايون ياكى كىشىلەر توپىغا نىسبەتەن چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغان ئەل ئارىسىدىكى قائىدىلەردىن ئىبارەت. ئۇ پەقەت دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ھەمدە دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچىنىڭ كاپالىتىگە ئىگە قىلىنغان ئادەت قائىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۆپلىگەن مۇئەييەن ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە ئىجتىمائىي نوپۇزنىڭ كۈچىگە تايىنىپ يولغا قويۇلغان ئادەت قائىدىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بەلكىم ئىككىنچى خىل قىسمى كۆپرەك سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

## 2. ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى

دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنلىرى دۆلىتىمىز ئادەت قانۇنى سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، دۆلىتىمىز ئادەت قانۇنى سىستېمىسى ئىچىدىكى مەزمۇنى مول، تۈرى كۆپ، تەسىرى كۈچلۈك بىر بۆلەكتۇر. ئۇلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا زور تەسىر كۆرسىتىپ تۇرماقتا. دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ياشاش مۇھىتى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئۆرپ - ئادىتى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى، تارىخىي ئەنئەنىسى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ئادەت قائىدىلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ ۋە ئىچكى قىسمىدىكى تەرتىپنى ساقلاپ، مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ياپونىيە ئالىمى شياۋلىن جىڭدىيەنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى بويىچە «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنى قەدىمكى زاماننىڭ ئاخىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر، بولۇپمۇ مىللىي رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق شەكىللەنگەن، مىللىيلىق ۋە تېررىتورىيەلىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان كىشىلەر ھەرىكەت قائىدىسىدىن ئىبارەت»[15]. ئەمما ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا تا ھازىرغىچە ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تونۇشى بىردەك ئەمەس. ئوخشىمىغان قاراشلارنى نۆۋەتتىكىدەك ئومۇملاشتۇرۇشقا بولىدۇ[16].

1. ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا دائىر ئادەت قانۇنلىرى. مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي باشقۇرۇشقا دائىر ئادەت قانۇنلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىجتىمائىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش ئۇسۇلى، ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرى، ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتى، خىزمەت مەسئۇلىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمى قاتارلىقلارنى ئېتىراپ قىلغان. مەسىلەن: لاخۇ مىللىتىنىڭ «كاشې» تۈزۈمى؛ جۇاڭزۇ مىللىتىنىڭ «تۇرا ئاقساقىلى» قائىدىسى؛ تەيزۇ مىللىتىنىڭ «كەنت ئويۇشمىسى» قائىدىسى؛ ياۋزۇ مىللىتىنىڭ «ياۋ ئاقساقاللىرى» قائىدىسى؛ بۇلاڭزۇ مىللىتىنىڭ «كەنت ئويۇشمىسىنىڭ ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسى» قائىدىسى؛ بەيزۇ مىللىتىنىڭ «كېڭەش ئويۇشمىسى» قائىدىسى؛ يىزۇ مىللىتىنىڭ «ئائىلە باشلىقى» قائىدىسى ۋە جىڭپو مىللىتىنىڭ «تاغ ئەمەلدارلىرى» قائىدىسى قاتارلىقلار.

2. جىنايى ئىشلارغا دائىر ئادەت قانۇنلىرى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنى ئىچىدە ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوغرىلىق قىلىش، باسقۇنچىلىق قىلىش، شۇنىڭدەك جامائەتنىڭ تۇرمۇش قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇش قىلمىشلىرىنى جازالاشقا دائىر نۇرغۇنلىغان بەلگىلىمىلەر چىقىرىلىپ، ئۆز رايونلىرىنىڭ نورمال تۇرمۇش تەرتىپى قوغدالغان. مەسىلەن: قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە قارىتا، ئېۋېنكى مىللىتىنىڭ ئادەت قانۇنىدا ئەھۋالغا قاراپ سۈرگۈن قىلىش، شۇ مىللەتنىڭ تەۋەلىكىدىن قوغلاپ چىقىرىش ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىش بەلگىلەنگەن. تۇزۇلارنىڭ ئادەت قانۇنىدا ئەگەر ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن بولسا چوقۇم «خۇن ھەققى» تۆلەش، «خۇن ھەققى»نىڭ قىممىتىنى ئىككى تەرەپ كېلىشىپ بېكىتىش بەلگىلەنگەن. جۇاڭزۇلارنىڭ ئادەت قانۇنىدا ئادەمنى سەۋەنلىكتىن ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى ھازا ئېچىش ۋە ئۆلگۈچىنى يەرلىكىدە قويۇشقا مەسئۇل بولۇش ھەمدە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى بېقىشقا ئىگە بولۇش بەلگىلەنگەن. تۇڭزۇلارنىڭ ئادەت قانۇنىدا تۈرلۈك ئۆي ھايۋان - قۇشلىرىنى، كۆلچەكتىكى بېلىق - راكلارنى، ئېتىزدىكى سەي - كۆكتاتلارنى ئوغرىلىغان، دەرەخ - بامبۇكلارنى ئوغرىلىقچە كەسكەنلەرگە جەرىمانە قويۇش، قايتا - قايتا جازالىسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرنىڭ كۆزىنى ئويۇۋېتىش، پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغاندا تىرىك كۆمۈش بەلگىلەنگەن. داغۇرلاردا باسقۇنچىلىق قىلىش، شەھۋانىيلىق قىلمىشى سادىر قىلغانلارنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈش بەلگىلەنگەن. جۇاڭزۇلارنىڭ ئادەت قانۇنىدا تىل بىرىكتۈرۈپ پاھىشىۋازلىق قىلغانلارنى ئەگەر ئۆز ئېرى بايقاپ قالسا، نەق مەيداندا ئىككىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسە سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

3. نىكاھ ئىشلىرىغا دائىر ئادەت قانۇنلىرى. نىكاھ ئىشلىرىغا قارىتا، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرىدا تېخىمۇ كۆپ بەلگىلىمىلەر چىقىرىلىپ، نىكاھنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى، نىكاھتا پۈتۈشۈشنىڭ

تەرتىپى، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت، نىكاھتىن ئاجرىشىش تەرتىپى قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت، ئەتراپلىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. مياۋزۇلارنىڭ ئادەت قانۇنىدا بىر فامىلە - بىر ئۇرۇقتىن بولغانلارنىڭ نىكاھلىنىشى قاتتىق مەنئىي قىلىنغان ھەمدە نەۋرىلەر ئارا توي قىلماسلىق، مەلۇم قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتى بولغانلار توي قىلماسلىق بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى خوراپاتلىق خاراكتېرىدىكى نىكاھ چەكلەش قائىدىلىرىمۇ بەلگىلەنگەن. خېلى كۆپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنلىرىدا يەنە نىكاھتا پۈتۈشۈش جەريانىدا «خىلى خىلىغا كېلىش»، ياش پەرقى چوڭ بولۇپ كەتمەسلىك قاتارلىقلار تەلەپ قىلىنغان. يىزۇلارنىڭ ئادەت قانۇنلىرىدا نىكاھنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى جەزمەن ئەلچى قويۇش، تويلۇق ئېلىش، نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق بىرقانچە تەرتىپتىن ئۆتۈشى كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن. ناشى مىللىتىنىڭ ئادەت قانۇنىدا نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان. بەيزۇلارنىڭ ئادەت قانۇنىدا نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغاندا تەلەپنى ياغاچقا ئويۇش ياكى ھۆججەت يېزىش تەلەپ قىلىنغان. ئېۋېنكى مىللىتىنىڭ ئادەت قانۇنىدا نىكاھتىن ئاجرىشىش قارشى ئېلىنمايدۇ، نىكاھتىن ئاجرىشىشنى مەيلى ئەر تەرەپ ياكى ئايال تەرەپ ئوتتۇرىغا قويسۇن، ھەممىسى خاتا دەپ قارالغان.

4. ئائىلە مىراسخورلۇقىغا دائىر ئادەت قانۇنلىرى. ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرىدا ئۇرۇق - جەمەت، ئاتا - ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى، شۇنىڭدەك مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىشقا دائىر كۆپلىگەن بەلگىلىمىلەر چىقىرىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇرۇق - جەمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەرتىپكە سېلىنغان. مەسىلەن: ياۋزۇلارنىڭ ئادەت قانۇنىدا ئېتىراپ قىلىنغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرى مۇنداق: (1) بىر ئۇرۇقتىكىلەر ئۆزئارا توي قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق؛ (2) ناۋادا تۇل - بويتاق، يالغۇز - ئاجىزلار بولسا ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈش؛ (3) ئۇرنىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان مىراسخورى بولمىسا، ئالدى بىلەن ئائىلە ئىچىدىن مىراسخور تاللاش، ئائىلە ئىچىدە مىراسخورلۇق قىلىدىغانلار بولمىسا، جەمەت ئىچىدىن مىراسخور تاللاش؛ (4) ئائىلە ئىچىدىمۇ مىراسخورى بولمىسا جەمەت ئىچىدىكى ھەرقايسى ئائىلىلەر ئورتاق بىر تەرەپ قىلىش؛ (5) مەلۇم ئائىلە يېرىنى ساتماقچى بولغاندا، ئاۋۋال جەمەت ئىچىدە سېتىش، ئاندىن ئۇرۇق ئىچىدە سېتىش، ئۇنىڭدىمۇ سېتىۋالىدىغان ئادەم چىقمىسا ساتماسلىق؛ (6) جەمەت ئىچىدە ياشىغانلار تۇغەپ كەتسە، تەڭ بۆغۇندىكى ئىنى - سىڭىللار ۋە كىچىكلەرنىڭ ھەممىسى بىر مەزگىلگىچە قارىلىق تۇتۇش؛ (7) بار - يوقنى تەڭ كۆرۈش، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا ئۆزئارا ياردەملىشىش؛ (8) ئەجدادلارنىڭ قەبرىسىنى تەڭ سۈپۈرۈش، ئەجدادلارغا ئورتاق تەزىيە بىلدۈرۈش.

5. مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىغا دائىر ئادەت قانۇنلىرى. ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرىدا مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى، جۈملىدىن ئادەتتىكى مال - مۈلۈككە بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى، تاغ - ئورمان، يەرلەرنى ئىگىلەش، ئىشلىتىش ھوقۇقى، يايلاقلارنى ئىگىلەش ھوقۇقى، بېلىق كۆللىرىنى ئىگىلەش - پايدىلىنىش ھوقۇقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مال - مۈلۈكلەرنى ئىگىلەش - ئىشلىتىش ھوقۇقىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، ناھايىتى تەپسىلىي قائىدىلەر بەلگىلەنگەن. لىزۇلار مال - مۈلۈكنى ئىگىلەشكە نىسبەتەن «يۈلتۈز سانجىش» شەكلىنى قوللانغان، يەنى ياغاچ سانچىش، ئوت - چۆپلەرنى باغلاپ قويۇش ياكى توخۇنىڭ ئىزىغا ئوخشاپ كېتىدىغان «x» بەلگىسىنى سىزىش ئارقىلىق مال - مۈلۈكنىڭ ئىگىسى بارلىقىنى ئىپادىلىگەن، كىمكى بۇنداق بەلگىسى بار مال - مۈلۈك، نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتسە، ئادەت قانۇنىغا خىلاپ بولغان ئوغرىلىق قىلمىشى، دەپ قارالغان.

6. قەرزدارلىق ھوقۇقىغا دائىر ئادەت قانۇنلىرى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنلىرىدا قەرزدارلىق ھوقۇقىغا دائىر مەزمۇنلارمۇ ناھايىتى مول بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى يەر ئېلىپ - سېتىش، گۆرۈگە قويۇش، يەر ئىجارىگە ئېلىش، ئادەم ياللاش، پۇل قەرز ئېلىش، ناۋار ئالماشتۇرۇش قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ. تۇڭزۇلار يەر ئېلىپ - سېتىشتا ئۆزلىرىنىڭ ئادەت قانۇنى بويىچە ئوخشاش تاختىغا ئوخشاش پۈتۈمنى يازىدۇ، ئاندىن تاختاينىڭ ئىگىسى (ۋاستىچى) تاختاينى ئوتتۇرىدىن يېرىپ، ئىككى تەرەپكە بىردىن بېرىپ ئىسپات قىلىدۇ؛ بەزى مىللەتلەردە ئېلىپ - سېتىش توختىمى تۈزۈش بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئادەتتە ئوتتۇرىدا ۋاستىچى (گۇۋاھچى) بولىدۇ، ۋاستىچىنىڭ ھەققىنى ئىككى تەرەپ كېلىشىپ بېكىتىدۇ، قانچىلىك بولۇشى توغرىسىدا ئېنىق سان يوق. ئۇيغۇرلاردا دائىم كۆرۈلىدىغان قەرز ئېلىش قائىدىلىرىدىن، ئاشلىق قەرز ئالسا ئاشلىق قايتۇرۇش، پۇل قەرز ئالسىمۇ ئاشلىق قايتۇرۇش (پۇل قايتۇرالمىغان ئەھۋال ئاستىدا)، ئاشلىق قەرز ئالسا ئەمگەك بىلەن قايتۇرۇش، مال - چارۋا قەرز ئالسا ئاشلىق بىلەن قايتۇرۇش، قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرمىسا

(قەستەنلىك بولسا) يۈزىگە قارا سۈركەپ ئىشەككە تەتۈر مىنگۈزۈش قاتارلىقلار بار.

7. ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىماتقا دائىر ئادەت قانۇنلىرى. ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، ئۇۋچىلىق پائالىيەتلىرى ۋە ئۇۋلىغان مەھسۇلاتنى تەقسىم قىلىش، بېلىقچىلىق ۋە ئۇنى تەقسىم قىلىش قاتارلىقلارغا ئالاقىدار نۇرغۇن بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. مياۋزۇلارنىڭ نۇرغۇن رايونلىرىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان «هاياتلىق يول بېشى»غا دائىر ئادەت قائىدىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پەسىلنى تاللاپ ئۇرۇق سېلىشقا باشلامچىلىق قىلىش، دېھقانچىلىقتا رىياسەتچىلىك قىلىش، دېھقانچىلىقتا مەنئىي قىلىنغان ئىشلارنى نازارەت قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تۇڭزۇلاردا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى داۋامىدا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش بەلگىلەنگەن.

8. مېيىت ئۇزىتىش، دىنىي ئېتىقاد ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىگە دائىر ئادەت قانۇنلىرى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنلىرىدا يەنە مېيىت ئۇزىتىش، دىنىي ئېتىقاد، دىنىي پائالىيەت، ئىجتىمائىي ئالاقىنى تەرتىپكە سېلىش قاتارلىقلار توغرىسىدىمۇ بەلگىلىمە چىقىرىلغان. مېيىت ئۇزىتىش جەھەتتىكى بەلگىلىمە ئاساسلىقى دەپنە تۈزۈمى، دەپنە قىلىدىغان يەر، دەپنە مۇراسىمى (تاۋۇتنى قويۇش، سۇغا ئېلىش، كۆمۈش، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش)، قارىلىق تۇتۇش قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ. مەسىلەن: ئېلۇنچۇن مىللىتىدە ئادەتتە ئۆلگۈچىنى شامال دەپنىسى قىلىش ياكى كۆمۈش، ھامىلدار ئاياللار ئۆلۈپ كەتسە كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش بەلگىلەنگەن، تەيزۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىدىكى كەنت مەھەللىلىرىدە بۇتخانىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئادەت قانۇنىدا ئوغۇللارنىڭ ئالتە ـ يەتتە يېشىدا بۇتخانىلارغا كىرىپ راھىپ بولۇشى، 20 ياشلار ئەتراپىدا ئادەتكە قايتىشى بەلگىلەنگەن.

9. تەرتىپكە سېلىش، سوت قىلىشقا دائىر ئادەت قانۇنلىرى. ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى تۈرلۈك ماجىرالارنى ئېنىقلاپ مۇرەسسە قىلىش، ئادەت قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلغان قىلمىشلارنى قاراپ چىقىپ سوت قىلىشتىن ئىبارەت. دېڭ مىللىتىنىڭ ئادەت قانۇنى بويىچە، ئوغرىلىق قىلىش، جەڭگە ـ جېدەل قىلىش، ئائىلىنى بۇزۇش ياكى ئاشنىدارچىلىق قىلىش قاتارلىق ئادەت قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشلار كۆرۈلگەندە، ھەممىسىنى داگې (ئاقساقال) ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ھەل قىلىدۇ ھەمدە ئەنئەنىۋى ئادەت قانۇنى بويىچە سوت قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ھۆكۈم چىقىرىشتا ياخشى ئىش قىلىش، ياخشى ئادەم بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش ئاساس قىلىنىدۇ، پەقەت قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى خاتالىقىنى تونىسىلا، ئادەتتە يېنىك بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئەھۋال ئېغىر بولسا ئاممىۋى چوڭ يىغىن چاقىرىپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولغانلار تورا (كەنت) دىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ، تەن جازاسى تەسىس قىلىنمىغان بولۇپ، ئادەتتە جەرىمانە ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ «قازىخانىلىرى» (دىنىي سوت مەھكىمىلىرى) ئۇلارنىڭ ئادەت قانۇنىنى نەقلەشتۈرۈپ ئىجرا قىلىدىغان ئورگىنى بولۇپ، ئۇنىڭ تەشكىلىي كۆلىمى خېلىلا چوڭ بولىدۇ، ئادەتتە شۇ يېزىنىڭ بازارلىرىدا تەسىس قىلىنىدۇ. ئادەت قانۇنلىرىدا سوتنىڭ خىزمەت ھوقۇقى، خادىملارنىڭ تەيىنلىنىشى، بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسى قاتارلىقلار توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان. ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنلىرىدا «ئىلاھىي سوت» ئۇسۇلى كۆپرەك قوللىنىلغان، ئالايلۇق: ئۇيغۇرلاردا «قۇرئان» تۇتۇپ قەسەم قىلىش، ۋەدە بېرىش، ئاللانى شېپى كەلتۈرۈپ گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىقلار قوللىنىلغان بولسا، مياۋزۇلاردا تەڭرىگە قەسەم قىلىش، كۈيۈۋاتقان مايغا قولنى تىقىپ قەسەم بېرىش قاتارلىقلار قوللىنىلغان.

ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىمۇ ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس. ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلارنى ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك ئومۇملاشتۇرۇشقا بولىدۇ[17].

1. مىللىيلىقى. ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس پىسخىكىسى، ئېڭىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، تەدرىجىي شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلغان. ئۇ دائىم بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە ھەق ـ ناھەق، ياخشى ـ يامانغا ھۆكۈم قىلىشتىكى قىممەت قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ يەنە بىر مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ھاسىل قىلىدىغان مۇھىم تەرەپ بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدىكى گەۋدىلىك ئالامەتلەرنىڭ بىرى. شۇڭا، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە تەپەككۇر قاتارلىق جەھەتتىكى پەرق ئۇلارنىڭ ئادەت قانۇنلىرى جەھەتتىكى پەرقىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئۇنى قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنلىرى شۇ مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇھىم بەلگىلەردىن بىرى بولۇش

سۈپىتى بىلەن، شۇ مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىپ، مىللەتنىڭ ئورتاق پىسخىك ساپاسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، مىللەتنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى قوغداشتا سەل قارىغىلى بولمايدىغان رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

2. مەجبۇرىلاشچانلىقى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىجتىمائىي قائىدىلەر، كىشىلەر ھەرىكىتىنى تەرتىپكە سالىدىغان، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان قانۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇ بىۋاسىتە، ئومۇمىيۈزلۈك، كونكرېت ھالدا شۇ مىللەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ ھەرىكىتىنى چېكلەپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇنى دۆلەت تۈزگەن قانۇن بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەجبۇرىلاش خاراكتېرى تېخىمۇ بىۋاسىتە، روشەن ۋە ئۈنۈملۈك بولىدۇ. بىر مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئادەت قانۇنىنىڭ مەجبۇرىلاش خاراكتېرىگە بولغان تونۇشى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قاتناشقان ئادەت – قانۇن قائىدىلىرىنى كېڭەشىپ بېكىتىش، تۈزىتىش، چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلاش قاتارلىق بىر قاتار رەسمىي ياكى غەيرىي رەسمىي تەرتىپلەر ئارقىلىق شەكىللىنىپ (گەرچە بۇ خىل مەجبۇرىلاش كۈچىدە پەقەتلا پىسخىكا جەھەتتىكى ۋاسىتىلەر قوللىنىلسىمۇ) ئۇلار ئۆزلىرى قاتناشقان ۋە بېشىدىن بىۋاسىتە ئۆتكۈزگەن ئادەت قانۇنلىرىغا خىلاپ قىلمىشلارنى جازالاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا مۇستەھكەملىنىپ بارىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرىنىڭ بۇ خىل مەجبۇرىلاش كۈچى خېلى زور دەرىجىدە دۆلەت قانۇنى بىلەن بىرىكىدۇ، بەزىدە دۆلەت قانۇنىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولىدۇ، لېكىن بەزىدە ئادەت قانۇنلىرى يەنە دۆلەت قانۇنى بىلەن زىت كېلىدۇ، ھەتتا توقۇنۇشمۇ كۆرۈلىدۇ.

3. كونكرېتلىقى. ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، جۇڭگودىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەر شەكلەن تەپەككۇر قىلىشنى ئاساس قىلغان تەپەككۇر باسقۇچىدا تۇرماقتا، شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرىمۇ كونكرېت، بىۋاسىتە بولغان ئىپادىلەر ئاساسىغا بەرپا قىلىنغان بولۇپ، ھەرقايسى مىللەت ئەزالىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى بىۋاسىتە ھېسسىياتى، ئادەت ئەمەلىيىتىنىڭ كونكرېت، بىۋاسىتە ئىپادىسىدۇر. پۈتكۈل ئادەت قانۇنى سىستېمىسىنىڭ ھەممىسى ئاساسەن كونكرېت شەيئىلەر، كونكرېت تەجرىبىلەر بىلەن باغلىنىشلىق. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا، ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرىمۇ ئوبرازلىق خاراكتېرىدە ئىپادىلىنىدۇ. مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيلىك تەرەققىياتىنىڭ چەكلىمىسى سەۋەبىدىن، ئۇلار كۆپىنچە كونكرېت شەيئىلەر، كونكرېت تەجرىبىلەرگە تايىنىپ تەپەككۇر قىلىدۇ، قانۇن – قائىدىلىرىنى، قانۇن بىلىملىرىنى تەھلىل قىلغاندىمۇ كونكرېت دەل – دەرەخ، ھايۋانات، قۇشلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە باغلاپ، ئاندىن شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب – نەتىجە مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ھال ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرىنى كۈچلۈك كونكرېتلىق خاراكتېرگە ئىگە قىلغان. لېكىن، گەرچە ئۇلار مۇشۇنداق ئاددىي ۋە باشلانغۇچ سەۋىيىدە بولسىمۇ، يەنىلا ئىنسانلار ئەقىل – پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىنلىقىنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ.

4. تېررىتورىيىلىكلىكى. ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرى ئەڭ دەسلەپ پەقەت مەلۇم رايون ياكى مەلۇم ئادەملەر توپى ئىچىدىلا يولغا قويۇلغان، كېيىن كىشىلەرنىڭ ئالاقە دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئۇرۇش قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن، تەدبىقلىنىش دائىرىسى تەدرىجىي كېڭەيگەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئادەت قانۇنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا تارقاقلىق ھالەتتە مەۋجۇت بولىدۇ، ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئادەت قانۇنلىرى بولىدۇ، يەنى ئۇلار ئالاھىدە بىر مىللەت ئولتۇراقلاشقان تېررىتورىيە دائىرىسىدىلا ئاندىن چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. ھەتتا ئوخشاش بىر مىللەت ياشايدىغان ئوخشىمىغان رايونلاردىمۇ، تۇرلۇك ئوبيېكتىپ شارائىت تۈپەيلىدىن، ئادەت قانۇنلىرىنىڭ مەزمۇنىدىمۇ پەرق بولىدۇ.

5. ئېتىقادچانلىقى. شەك – شۈبھىسىزكى، ئادەت قانۇنى ئادەت ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن، ھالبۇكى، ئادەتنىڭ شەكىللىنىشى ھەمىشە شۇ مىللەتنىڭ ئەخلاق، دىن، پەرھىز قاتارلىق جەھەتلەردىكى قائىدىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرىنىڭ ئۇلار ئېتىقاد قىلغان دىنىنىڭ پەلسەپىسى، قائىدىلىرى، مەجبۇرىيەتلىرى، دىنىي پەرھىزلىرى، مۇراسىملىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ناھايىتى زور ئېتىقادچانلىققا ئىگە. ئۇلار ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ نۇرغۇن مەزمۇنى ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ياكى مىللىي ئادەت قانۇنىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، ئىشلەپچىقىرىشى، ئىدىيەسى، قىممەت قارىشى، تەپەككۇرى، ھۆكۈمى ۋە ھەرىكەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

## 3. ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرى بىلەن دۆلەت تۈزگەن قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى

دۆلەت تۈزگەن قانۇنلار دۆلەت تۈزگەن ياكى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچى ئارقىلىق يولغا قويۇلىدىغان قانۇن، مەمۇرىي نىزام، يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزاملىرى، شۇنىڭدەك ھوقۇقلۇق ئورگانلار ئېتىراپ قىلغان، ئۆزۈن مۇددەت ئېتىراپ قىلىنىپ كەلگەن ئادەتلەرنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، قائىدىلىك خاراكتېرى، مەجبۇرىلاش خاراكتېرى، سىنىپىي ئىرادە خاراكتېرى ۋە ماددىي چەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە⑱. دۆلەت قانۇنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، چەكسىز نوپۇزغا ئىگە. ئۇ ھەرقانداق ئادەم، دۆلەت ئورگىنى، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ھېممىسىدىن دۆلەت قانۇنى بويىچە ھەرىكەت قىلىشنى، ئۇنىڭغا قەتئىي خىلاپلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، كىمكى دۆلەت قانۇنىنىڭ قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، دۆلەتنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېردىكى جازاسىغا ئۇچرايدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى دۆلەت زېمىنىنىڭ بىر قىسمى، شۇڭا، دۆلەت تۈزگەن قانۇنلار بۇ رايونلاردىمۇ تەڭداشسىز نوپۇزغا ئىگە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ ئۇنىڭغا قەتئىي رىئايە قىلىشى، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى لازىم.

لېكىن، دۆلەت تۈزگەن قانۇنلارنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە يولغا قويۇلۇشىدا خېلى زور دەرىجىدە ئامىمىنىڭ قانۇنغا دائىر قىممەت قارىشىغا بولغان ئىدراكى ۋە تونۇشىغا، جۈملىدىن «كۆڭلىدىن قوللايدىغان ۋە ھىمايە قىلىدىغان قانۇن»غا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دۆلەت قانۇنلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىزچىل يولغا قويۇلۇشى مۇئەييەن دەرىجىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، مەدەنىيىتى قاتارلىق ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، مىللەتلەر ئىزچىل تۈردە بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق ئۆتۈپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلدى. لېكىن، بۇنداق بىرلىك تارىختا كۆپىنچە سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىك بولۇپ كەلگەن بولۇپ، قانۇن - تۈزۈم جەھەتتىكى بىرلىك بولمىدى. ئەكسىچە، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر، بولۇپمۇ يىراق چەت - ياقا، چېگرا رايونلارغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپىنچە بىر خىل «ئاپتونومىيەلىك» ياكى «يېرىم ئاپتونومىيەلىك» ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. بۇ رايونلاردا قانۇن كۆپ مەنبەگە ئىگە بولۇپ، ئەمەلىي تۇرمۇش داۋامىدا ئىجتىمائىي تەرتىپكە قارىتا رول ئوينايدىغىنى دۆلەت تۈزگەن قانۇنلاردىن باشقا، يەنە، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ بېرى تەبىئىي شەكىللەندۈرگەن، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە تېررىتورىيەلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان ئادەت قانۇنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئادەت قانۇنلىرىنىڭ قائىدىلىرى يازمىسىز، كونكرېت مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك، تەرتىپكە سېلىش ئوبيېكتلىرى تەرىپىدىن ئاسانلا قوبۇل قىلىنىشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى، مىللىي ئەنئەنىۋى ئاڭ ۋە رەھبىرىي خادىملارنىڭ ئىناۋىتىگە تايىنىپ يولغا قويۇلىدۇ⑲.

ھالبۇكى، ئاز سانلىق مىللەتلەت ئادەت قانۇنلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەدبىقلىنىشى دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن قانۇنلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا توسالغۇ بولۇشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن، ئالاھىدە شارائىتتا يەنە مىللىي رايونلار بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن، بۇ دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسىز. قانۇن - تۈزۈمنىڭ بىرلىكى ۋە نوپۇزىنى قوغداش بىزدەك بۇنداق ئاھالىسى كۆپ بولغان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە ناھايىتى مۇھىم قانۇنىي ئەھمىيەتكە ۋە سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا، دۆلەت تۈزگەن قانۇنلارنىڭ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشىگە، كەلگۈسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۇقرالارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرى چوقۇم دۆلەت تۈزگەن قانۇنلار بىلەن تەدرىجىي ھالدا ئۆزئارا يېقىنلىشىشى، ئۆزئارا ماسلىشىشى، ئۆزئارا بىرىكىشى لازىم. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرى بىلەن دۆلەت تۈزگەن قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى، ھەم توقۇنۇش ھەم بىرىكىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ⑳.

### ئىزاھلار:

① پلاتون: «قانۇن ھەققىدە»، «غەرب قانۇن ئىدىيە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانما»، بېيجىڭ

ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى، 21 - بەت.

② مېيىن: «قەدىمكى زامان قانۇنى»، سودا كىتاب باسمىسى، 1984 - يىل نەشرى، 5 - بەت.

③ روسسۇ: «ئىجتىمائىي پۈتۈم نەزەرىيەسى»، سودا كىتاب باسمىسى، 1980 - يىل نەشرى، 73 - بەت.

④ كائىرسىن: «دۆلەت ۋە قانۇن ئومۇمىي نەزەرىيەسى»، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، 2000 - يىلى نەشرى، 129 -، 130 - بەتلەر.

⑤ ماكس. ۋېبېر: «ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت»، سودا كىتاب باسمىسى، 1997 - يىلى نەشرى، 335 -، 368 - بەتلەر.

⑥ Hayek, The Constitution of Liberty, The University of chicdgo peces, 1960, p. 11

⑦ بولئۇر: «قانۇن جەمئىيەتشۇناسلىقى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 39 - بەت.

⑧ Customary Law [A]. Black's Law Dictionary. West Publishing co, 1999, p. 391

⑨ «ئوكسفورد قانۇن چوڭ لۇغىتى»، نۇر گېزىتى نەشرىياتىنىڭ 1988 - يىلى نەشرى، 236 - بەت.

⑩ سۈن گوخۇا: «قانۇنشۇناسلىق ئاساسىي نەزەرىيەسى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 41 - بەت.

⑪ «جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى — قانۇنشۇناسلىق»، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى، 87 - بەت.

⑫ لياڭ جىپىڭ: «چىڭ دەۋرىنىڭ ئادەت قانۇنلىرى: جەمئىيەت ۋە دۆلەت»، جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى، 11 - بەت.

⑬ گاۋچىڭسەي: «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنى مەدەنىيىتى»، «جۇڭگو قانۇنشۇناسلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 1 - سانى.

⑭ يۈرۈڭگىن: «ئادەت قانۇنى ۋە چياڭزۇلارنىڭ ئادەت قانۇنى»، «جۇڭگو - چەت ئەل قانۇنشۇناسلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 5 - سانى.

⑮ شياۋلىن جېڭدىيەن: «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنىغا مۇقەددىمە — مىللىي قانۇن - تۈزۈم ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار دائىرىلەر» (خۇارۇ دوجىي تەرجىمىسى)، «چىڭخەي مىللەتلەر تەتقىقاتى»نىڭ 2000 - يىللىق 3 - سانى، 38 - بەت.

⑯ بۇ يەردە ئاساسەن چۇيې ئەپەندىنىڭ «يۈننەن قانۇنشۇناسلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنى ھەققىدە قىسقىچە بايان» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى بىلەن گاۋچىڭسەي ئەپەندىنىڭ «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنى ھەققىدە مۇلاھىزە» (ئوتتۇرا جەنۇب مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 3 - سانىغا بېسىلغان) سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدىن پايدىلىنىلدى.

⑰ بۇ يەردە ئاساسەن گاۋچىڭسەي ئەپەندىنىڭ «جۇڭگو قانۇنشۇناسلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 1 - سانىدىكى «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنى مەدەنىيىتى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى، ليۇيىگۇڭنىڭ «لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2004 - يىللىق 1 - سانىدىكى «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى ۋە تۇرسۇننىياز ساۋۇرنىڭ «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 3 - سانىدىكى «مىللىي قانۇن مەدەنىيىتى ھەققىدە» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدىن پايدىلىنىلدى.

⑱ جاڭ ۋېنشيەن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «قانۇن نەزەرىيەسى ئىلمى»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 2000 - يىلى نەشرى، 46 -، 50 - بەتلەر.

⑲ جۇسۇلى: «قانۇن ئۆزگەرتىش: قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشى ۋە ئۆزىمىزنىڭ بايلىقى»، «جۇڭگو - چەت ئەل قانۇنشۇناسلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 5 - سانى.

⑳ ليۇگوڭيى، گاۋجىخۇڭ: «ئاز سانلىق مىللەت ئادەت قانۇنلىرى بىلەن دۆلەت تۈزگەن قانۇنلارنىڭ توقۇنۇشى ۋە ئۆزئارا تولۇقلىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «گەنسۇ سىياسىي - قانۇن ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2004 - يىللىق 4 - سانى، 73 - بەت.

جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

ماقالە نومۇرى: 09--026—1005—5878(2010)04

# شىنجاڭنىڭ 60 يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر، ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ تەدبىرلىرى توغرىسىدا[*]

خېلىل مۇھەممەت
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ماقالىدە، شىنجاڭنىڭ 60 يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى جەريانىدىكى شانلىق نەتىجىلىرىنى بايان قىلىش ئاساسىدا، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى نۇقتىلىق تەھلىل قىلىنىش بىلەن بىرگە، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىلىدۇ.

**摘要**：自 1949 年新疆和平解放以来，新疆维吾尔自治区在中国共产党的正确领导下取得了巨大的成就。本文在论述新疆的 60 年经济和社会发展的成就的基础上，重点分析自治区当前在经济和社会发展中存在的问题及其原因，同时就市场经济条件下推进自治区经济和社会发展的具体措施提出了自己的看法。

**Abstract**: XJ has made enormous achievements, led by Chinese Communist Party, since the Peaceful Liberation of XJ in 1949. In this article, the author, based on discussing economical and social achievements that has been made over the past 60 years in XJUAR, analyzed deeply the problems existed in economical and social developments in XJ and their causes. Meanwhile, under the market economy condition, he put forward concert measures to promote economical and social developments of XJ.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F127　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

1949 - يىلدىن 2009 - يىلغىچە بولغان 60 يىلدا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىدىيەدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، قاراشنى يېڭىلاپ، ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ۋە ئۇنىۋېرسال كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەلق

* بۇ ماقالە: 2009 - يىل 19 - مايدا تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
ئاپتور: خېلىل مۇھەممەت (1973 - يىلى 8 - ئايدا ئاتۇشتا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، سىياسىيشۇناسلىق ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تۇرمۇشنى ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىغا ماڭدى. دەل مۇشۇ 60 يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا جۇڭگو خەلقىنىڭ قىياپىتىدە، جۇڭگونىڭ قىياپىتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى. دەل مۇشۇ 60 يىلدا، شىنجاڭ خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا ئاتلىنىپ، بېكىنمە ھالەتتىن ئېچىۋېتىشكە، قالاق ھالەتتىن تەرەققىي قىلىشقا، نامراتلىقتىن باي بولۇشقا يۈزلەندى. نەتىجىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ روھىي ھالىتىدە، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى. نۆۋەتتە، پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنى ۋە بۇ جەرياندىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش — يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىشىمىزدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىغا بولغان ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرۇشتا، يېڭى تارىخىي شارائىتتا سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىمىزنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. شىنجاڭنىڭ 60 يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى

1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى شىنجاڭنى تىنچ ئازاد قىلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ۋە پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جاپالىق ئىزدىنىش، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇردى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يەنىمۇ ئۆستى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. يىغىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ 60 يىلى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلىگەن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا غايەت زور غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن 60 يىل، شانلىق 60 يىل بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەركەز شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق رايون ئالاھىدىلىكى ھەم ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ قالاقلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇپ، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تىرىشىپ كۆپلەپ تەربىيەلەپ، رايونىمىز ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالدى. 1952 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىردى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۆلكىلىك مىللىي ئاپتونومىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش تەييارلىق ھەيئىتى» قۇرۇلۇپ، ئاپتونومىيە ئىشلىرىغا دائىر خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بەش ئاپتونوم ئوبلاست، ئالتە ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلدى. تېخىمۇ مۇھىمى 1955 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى رەسمىي قۇرۇلدى.

ئەسلەپ ئۆتسەك، ئازادلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى فېئودالىزمنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىدە بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، بەزى جايلاردا ھەتتا مۇكەممەل يانچىلىق تۈزۈمى مەۋجۇت ئىدى. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىخلىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ماشىنا ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارىدىغان زاۋۇتتىن ئاران 14 ى بار ئىدى. 1949 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 1.32% نى ئىگىلەيتتى. يېزا ئىگىلىك رايونلىرى ئاساسەن يېپىق ھالەتتىكى ناتۇرال ئىگىلىك باسقۇچىدا ئىدى، چارۋىچىلىق رايونلىرى ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق تىپىدە بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، قاتنىشى تەرەققىي قىلمىغان، بوستانلىقلار تارقاق بولغان بېكىنمە ھالەت ئىنتايىن قويۇق ئىدى. تېخىمۇ يامىنى تارىختىكى ھۆكۈمرانلار مىللەتلەر ئارىسىدىكى پەرقتىن پايدىلىنىپ، ئۇلار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ ھەم ئۇلارنىڭ ئارىسىغا نىزا چېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللەتلەرنى باشقۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەن ئىدى.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا قارىتا، پارتىيىمىز پۇختا قەدەم بىلەن ئۆزگەرتىش فاڭجېنى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى كۈچەيتىش چارىلىرىنى يولغا قويدى، شىنجاڭچە

ئالاھىدىلىككە ئىگە دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ۋە «1 ـ بەش يىللىق پىلان»نى يولغا قويۇش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىدا خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى. مەسىلەن: 1965 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليارد 228 مىليون يۈەنگە يېتىپ 1949 ـ يىلدىكىدىن 4.4 ھەسسە ئاشتى. ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان مەھسۇلاتلىرى يىلمۇ ـ يىل ئېشىپ باردى. 1958 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە سەككىز يىلدا سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 13.7% كە يەتتى. 1965 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ تەبىئىي پەن تەتقىقات بازىسى 34 كە، تەتقىقاتچى خادىم 20 مىڭ 69 كىشىگە، ئالىي مەكتەپلەر 10 غا يېتىپ، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 10 مىڭ 200 نەپەرگە، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 38 مىڭ 300 نەپەرگە يەتتى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 116 مىڭ كىشىگە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى تەدرىجىي ئىلگىرىلىدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بېرى، پارتىيىمىزنىڭ «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» ئىدىيىۋى لۇشيەنى يېڭىباشتىن تۇرغۇزۇلۇپ، مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى «سول» چىل خاتالىقلار تۈزىتىلىپ، مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى ۋە ئاساسىي تۈزۈملۈك ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 ـ يىلى دۆلىتىمىز مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويدى، ئۇنى قانۇنىي جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈردى. نەتىجىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى ۋە تەرەققىي قىلدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينىدى. مەسىلەن: 1994 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 88 مىليارد 413 مىليون يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى يولغا قويۇلۇپ، 296 تۈرلۈك ئالاھىدە پەن تەتقىقات تۈرى قولغا كەلتۈرۈلدى.

پارتىيە 17 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدا كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ياخشى خەۋەرلەر كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. مەسىلەن: ئۈچ كەسىپ ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلدى. 2008 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 420 مىليارد 31 مىليون يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 19 مىڭ 893 يۈەندىن توغرا كەلدى. يېزا ئىگىلىكى سىجىل تەرەققىي قىلدى. 2007 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئىشىنى تۇتقا قىلىپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا، يېزا ئىگىلىك ئۇنۇۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، يېزىلارنىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلدى. بۇ ئاساستا رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 117 مىليارد 669 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 181.36 ھەسسە ئاشتى. سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تېز ھەم پۇختا بولۇپ، يېنىك سانائەت، يەرلىك سانائەت ۋە مۇھىم كەسىپلەردە بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈلدى. سانائەتنىڭ ئىچىدىكى نېفىتنى مىسالغا ئالساق، شىنجاڭنىڭ نېفىت مەھسۇلات مىقدارى 2008 ـ يىلى 27 مىليون 200 مىڭ تونناغا يېتىپ 1951 ـ يىلدىكىدىن 7776 ھەسسە ئاشتى. رايونىمىز ئېلىمىزدىكى 2 ـ چوڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا ئايلاندى. تەبىئىي گاز مەھسۇلاتى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇنغا ئۆتتى.

ئېچىۋېتىش تېپىدىكى ئىقتىساد راۋاجلاندۇرۇلۇپ، سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا بىرىنچى دەرىجىلىك چېگرا ئېغىزىدىن 17 سى، ئىككىنچى دەرىجىلىك چېگرا ئېغىزىدىن 12 سى بولۇپ، 143 دۆلەت ۋە رايون بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتۇق. 2007 ـ يىلغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى سودا ئېكسپورت ـ ئىمپورت سوممىسى 13 مىليارد 716 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 15 ـ ئورۇنغا ئۆتتى، 1978 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 595 ھەسسە ئاشتى. يۇقىرىقى نەتىجىلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 60 يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، تەپسىلىي ھېسابلاشقا توغرا كەلسە، نەتىجىلەر تولىمۇ زور. بۇ نەتىجىلەر، بىر تەرەپتىن، بىزنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىزنى قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ تەجرىبىلەرنى يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر بىزنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ

تۇرغانلىقىمىزنىڭ، سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ماڭغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى. پارتىيە 17 - قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى ئېچىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن بارلىق نەتىجىلىرىمىز ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزدىكى تۈپ سەۋەب دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ»① دەپ كۆرسىتىلدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى. پەقەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بولغاندىلا، شىنجاڭ تەرەققىي قىلىدۇ، گۈللىنىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، جۇڭگونىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى. پەقەت پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سوتسىيالىزم يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتقىلى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزىنىڭ ئاكتىپچانلىقى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئىككىنچى، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر بىزنىڭ ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگەنلىكىمىزنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. 60 يىلدىن بېرى قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر، تېگى تەكتىدىن ئالغاندا، بىزنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيەسى، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلغانلىقىمىزنىڭ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت ماركسىزمنىڭ جەۋھىرىنى توغرا قوللانغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى. تارىخ ۋە ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، قايسى ۋاقىتتا بىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيەۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرساق، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. مەسىلەن: دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيەنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، رايونىمىزنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش جەريانىدا، «پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش» فاڭجېنى يولغا قويۇلۇپ، «بىزنىڭ سىياسىتىمىز بىر قەدەر مۇقىم بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى»②، ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى بولدى. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيەمىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيەۋى لۇشيەنىنى قايتىدىن تىكلەپ، پارتىيەنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش يولىغا باشلىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

ئۈچىنچى، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ۋە تۈرلۈك فاڭجېن - سىياسەتلىرىنىڭ توغرا يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى شىنجاڭنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ماس كەلگەن ھەر خىل نىزام ۋە بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا قانۇنىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلدى. 2007 - يىلىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تۈزگەن يەرلىك نىزاملار 165 كە، قانۇن تۈپىدىكى قارار - بەلگىلىمىلەر 101 گە، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەستىقلىغان يەرلىك نىزاملار 71 گە يەتتى. دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى ئىگىلىگەن نىسبەت 63% تىن يۇقىرى بولۇپ، شۇ دەۋردىكى شىنجاڭ ئومۇمىي نوپۇسىدا ئاز سانلىق مىللەت ئىگىلىگەن نىسبەتتىن يۇقىرى بولدى. سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى كەڭ قوللىنىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى تولۇق ھۆرمەتكە ئېرىشتى، ئەنئەنىۋى ھېيت - بايراملىرى، مەسىلەن: «روزى ھېيت»، «قۇربان ھېيت» مەزگىللىرىدە ئۇلارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن بايراملىق دەم ئېلىشى كاپالەتلەندۈرۈلدى. پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىدە ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىگە خەنزۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭرى سىياسەتلەر يولغا قويۇلۇپ، ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسىنىڭ ئېشىشى كاپالەتلەندۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي تۈس ئالغان بىر قىسىم ئۆرپ -

ئادەتلىرى، مەسىلەن: توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى، خەتنە قىلىش، ئىسىم قويۇش ئادەتلىرىگە ھېچقانداق چەكلىمە قويۇلمىدى. بۇلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ تولۇق ۋە توغرا ئىجرا قىلىنىشى شىنجاڭنىڭ 60 يىللىق نەتىجىلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم كاپالىتى بولدى.

تۆتىنچى، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر دۆلىتىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەنلىكىمىزنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئىپادىسى. ئەينى يىللاردا يولداش ماۋزېدۇڭ: «بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا چىن كۆڭۈل، سەمىمىي نىيەت بىلەن ئاكتىپ ياردەم بېرىشىمىز كېرەك»③ دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پارتىيىمىز دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن تارتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش ۋە قوللاشنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇرلۇك سىياسىتى دەپ بەلگىلىگەن. ئەلۋەتتە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى دۆلەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردىمىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ 1950 ـ يىلىدىن 1998 ـ يىلىغىچە شىنجاڭغا بەرگەن مالىيە ياردىمى 65 مىليارد 485 مىليون يۈەنگە يەتكەن. دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىم مۈلكىگە سالغان مەبلىغى 173 مىليارد 300 مىليون يۈەندىن ئارتۇق بولغان. 90 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ، دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭنىڭ نېفىتىنى ئېچىشقا سالغان مەبلىغى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىليارد يۈەنگە يەتكەن. دۆلىتىمىز شىنجاڭغا مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىختىساسلىقلار جەھەتتىمۇ ياردەم بەرمەكتە. يىغىپ ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى بولمىسا، شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى نەتىجىلىرى بولمىغان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يىلمۇ يىل يۈكسىلىۋاتقان بەختلىك تۇرمۇشىمۇ بولمىغان بولاتتى.

شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاچقۇچ — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىشىغا تايىنىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئىدىيەدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش قارىشىنى تۇرغۇزۇشىمىز، شىنجاڭنىڭ قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىدىغان ئىسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ بارلىقىنى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا ئاتاشنى بىرلەشتۈرسەكلا، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق شىنجاڭ بەرپا قىلىش ئىشلىرى تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىدۇ.

بەشىنچى، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر بىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغانلىقىمىزنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ئىسلاھات — تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، تەرەققىيات — نىشان، مۇقىملىق — ئالدىنقى شەرت. ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم، شىنجاڭغا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تارىختىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا قارىتا زۆرۈر كۆرسەتمىلەرنى بەردى. 1963 ـ يىلى يولداش ماۋزېدۇڭ: «شىنجاڭدا ئالدى بىلەن مۇھىم ئورۇندا تۇتىدىغىنىمىز، ئىقتىسادىي خىزمەت — يېزا ئىگىلىكى، باقمىچىلىق، سانائەت بولۇپ، بۇلار يىلمۇيىل راۋاجلىنىشى، ئىقتىساد يىلمۇ يىل گۈللىنىشى، خەلق تۇرمۇشى يىلمۇ يىل ياخشىلىنىشى كېرەك»④ دەپ كۆرسەتكەنىدى. 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭ: «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى بىر چوڭ ۋەزىيەت. شىنجاڭ چوقۇم مۇقىم بولۇشى كېرەك. مۇقىملىق بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ»، ... «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى كۆزىتىشتە، ئاساسلىقى شۇ رايوننىڭ تەرەققىي تاپالايدىغان ـ تاپالمايدىغانلىقىغا قاراش كېرەك»⑤ دەپ كۆرسەتتى. 1998 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، يولداش جياڭ زېمىن 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىنىڭ گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشقا دائىر مۇھىم سۆز قىلىپ: «بىرىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك»⑥ دەپ كۆرسەتتى. شىنجاڭنىڭ 60 يىللىق تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي ۋە ئۈزۈل ـ كېسىل قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق ئومۇمىيىتىنى قوغداش شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللەپ ياشنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. يەنە شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر

كۆرسىتىۋاتقان ئەڭ چوڭ خەۋپ «ئۈچ خىل كۈچ»، بىز چوقۇم شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى، مۇھىملىقى ۋە مۇشكۈللىكىنى تونۇپ يېتىپ، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

## 2. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

2007 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «گوۋۇيۈەننىڭ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا پىكىر» (32 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت) دە: 2020 ـ يىلغا بارغاندا شىنجاڭنى دۆلىتىمىزدىكى چوڭ تىپتىكى نېفىت، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش بازىسىغا ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە بازا قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، شىنجاڭنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە دۇنياغا يۈزلەنگەن رايون قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ زور پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىز چوقۇم نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ زىددىيىتى كۈچلۈك، ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز. ئالدى بىلەن، سانائەت قۇرۇلمىسىدىكى زىددىيەت كۈچلۈك، يېزا ئىگىلىكى ۋە سانائىتى تەرەققىي قىلمىغان. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سانائەت ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا دائىر تەشۋىق خىزمىتىدە كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىراق سانائەتتە دەسلەپكى ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرى ۋە خام ئەشيانى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش كۆرۈنەرلىك ئەمەس. شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدا ئادەتتىكى مەھسۇلاتنىڭ تۈرى كۆپ، ئۆزگىچە مەھسۇلات ئاز؛ ئەنئەنىۋى مەھسۇلات كۆپ، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلات ئاز. بۇ مۇقەررەر ھالدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قۇرۇلمىسىدىكى زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرىۋەتكەن. بۇ تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە، تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، سېتىش قىيىن، باھا تۆۋەن بولۇشقا سەۋەب بولغان. 3 ـ كەسىپنىڭ تەرەققىياتى، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئاستا. ئۇنىڭدىن قالسا، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدا ئاساسلىقى سېلىنمىغىلا تايىنىلىدۇ. ئىستېمال ئېھتىياجىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپىسى ئاز، نوپۇس ۋە ئىشقا ئورۇنلىشالماسلىق زىددىيىتى كەسكىن.

2006 ـ يىلى ئىشقا ئورۇنلاشقان نوپۇس ئىچىدە، 1 ـ كەسىپتىكىلەر 55.1% نى، 2 ـ كەسىپتىكىلەر 13.3% نى، 3 ـ كەسىپتىكىلەر 31.6% نى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش قىيىن بولۇش ئۇزاقتىن بېرى گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ كەلدى. يەنە، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى مۇكەممەل ئەمەس، مەبلەغنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر. خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئاستا، يۇقىراۋۇ مەبلەغ سېلىش ئىقتىدارى تۆۋەن. شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكى ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى پۈتۈن رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 20% نىلا ئىگىلەيدۇ. بۇ ھال تەبىئىي ھالدا شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى چەكلەۋاتقان يەنە بىر مۇھىم ئامىلغا ئايلانغان.

ئىككىنچى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ـ ئوبلاستىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تۆۋەن. ئالدى بىلەن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا، تەرەققىيات سەۋىيەسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىدىن تۆۋەن. شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان رايون بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئارقىدا قالغان. مەسىلەن: يېڭى ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى زور دەرىجىدە ئاشقان بولسىمۇ، بىراق شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ قاتارلىقلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا خېلىلا تۆۋەن. ئۇنىڭدىن قالسا، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى شىمالىي شىنجاڭنىڭكىدىن كۆپ ئارقىدا قالغان. شىنجاڭ ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نوپۇسى پۈتكۈل ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ 45% تىنى ئىگىلىگەن، بىراق، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاران 25% ئەتراپىدا بولغان. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مالىيە كىرىمى شىمالىي شىنجاڭنىڭ 35% كە توغرا كەلگەن. يەنە، جەنۇبىي شىنجاڭدا نامراتلىق مەسىلىسى ئېغىر. نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى نامرات نوپۇس 3 مىليون 630 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 16% نى ئىگىلەيدۇ. ھالبۇكى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات

نوپۇس 2 مىليون 840 مىڭ كىشى بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى نامراتلارنىڭ 88% نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەت دەرىجىلىك 27 نامرات ناھىيە بولۇپ، بۇنىڭ 21 ى جەنۇبىي شىنجاڭدا.

ئۈچىنچى، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى ئېغىر. شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئەسلىدىنلا ئاجىز، سۇ مەنبەسى قىس، سۇ ئىسراپچىلىقى ئېغىر. قۇملۇق يەر مەيدانى كەڭ بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى قۇملۇق كۆلىمىنىڭ 59.2% نى ئىگىلەيدۇ. ئەكسىچە، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 4.28% نى ئىگىلىگەن بوستانلىق شىنجاڭدىكى 94% ئاھالىنى بېقىۋاتىدۇ. بۇ ھال بىزگە شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، شىنجاڭدا مۇھىت بۇلغىنىش يەنىلا ئېغىر. ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى ئېلىپ ئېيتساق، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا قويۇپ بېرىلىۋاتقان ئىس - تۈتەك، پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا پەيدا بولغان ۋە كۆيدۈرۈلگەن كان يېقىلغۇلىرىدىن چىققان كېرەكسىز گاز ئاتموسفېرانى بۇلغىغۇچى ئاساسلىق ماددىلار ھېسابلىنىدۇ. «2004 - يىلى شىنجاڭدا قويۇپ بېرىلگەن ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان مىقدارى 202 مىڭ توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتتىكى ئىس - تۈتەكنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 106 مىڭ توننا، تۇرمۇشتىكى ئىس - تۈتەكنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 96 توننا بولغان. كېرەكسىز گاز بۇلغىمىلىرىدىن گۈڭگۈرت ( Ⅳ ) ئوكسىدنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 329 مىڭ 900 توننا، سانائەتتىكى قاتتىق كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مىقدارى 10 مىليون 874 مىڭ توننا بولغان»⑦. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ سان تېخىمۇ يۇقىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋاللار تۇرمۇشىمىزدىكى ئىسراپچىلىق ۋە بايلىقلارنى ئېچىپ پايدىلىنىشنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىۋاتقان ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۆتىنچى، مائارىپ راۋاجلانمىغان. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئارقىدا قالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان بولۇپ، 5 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ تەرەققىيات سەۋىيەسى مەملىكەت بويىچە 5 - ئورۇنغا ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مەدەنىيەت، مائارىپ سەۋىيەسى يەنىلا تۆۋەن، تولۇق كۇرستىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىدىكىلەر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سەۋىيەسىدىن تۆۋەن. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ساۋاتسىز، يېرىم ساۋاتسىزلار كۆپ بولۇپ، بۇ شىنجاڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى يەنە بىر توسالغۇغا ئايلانغان.

## 3. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش تەدبىرلىرى

بىرىنچى، پارتىيە 17 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ھەم ياخشى، ھەم تېز تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. پارتىيە 17 - قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانى — 2020 - يىلى يەتمەكچى بولغان نىشان ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پارتىيە 17 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ھەم ياخشى، ھەم تېز ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى يېتەكچى ئىدىيە. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىسى. مۇقەررەركى، بىزنىڭ خىزمەتلەرنى قانداق ئىشلىشىمىز، يەنىلا پارتىيە 17 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى، ئىلمىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى قانداق ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىزگە باغلىق.

ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپلىشىشىنى تېزلىتىپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىسىنى قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، شىمالىي شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق جەھەتتىكى بايلىق ئەۋزەللىكى، چېگرا رايون ئەۋزەللىكى ۋە قاتناش ترانسپورت ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، بازار ئېھتىياجىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنى ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، بولۇپمۇ پەمىدۇر قىيامى، تەمى ئۆزگىچە كۆكتات قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندۇرۇشىمىز، زامانىۋى ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلات بازىلىرىنى بەرپا قىلىپ، قوي، كالا گۆشى ۋە تىۋىتچىلىك كەسپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاشلىقنى بىخەتەر

ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇش شەرتى ئاستىدا، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئۆزگىچە باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش بازىلىرىنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، بازار ئېھتىياجىنى يېتەكچى قىلىپ باغۋەنچىلىك بازىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش سەۋىيەسى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئىسىل، كۈچلۈك تۈرلەرنى قوللاپ، بازار ئېھتىياجىغا ماس كەلگەن باشلامچى كارخانا قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، بۇلارنىڭ داڭلىق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئەتراپتىكى دۆلەتلەردە بازار ئېچىشنى تېزلىتىپ، سىرتقا يۈزلەنگەن ئۆزگىچە باغۋەنچىلىك ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىغا كىرىشكە يول ئېچىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە يېڭى بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. پارتىيە 17 - قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا: «ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا. ئاساسلىقى 2 - كەسىپنىڭ يېتەكلىشىگە تايىنىشتىن 1 -، 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ ماسلىشىپ يېتەكلىشىگە تايىنىشقا يۈزلىنىش»، ... «زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ سالمىقى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك»⑧ دەپ كۆرسىتىلدى. قارايدىغان بولساق، يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئاپتونوم رايونىمىزدا 3 - كەسىپ خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن 1-، 2 -، 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتى تەكشىسىز، تېخىمۇ، مۇھىمى زامانىۋى توشۇش مۇلازىمىتى كەسپى ئارقىدا قالغانلىقتىن، بۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تېز بولۇشىنى چەكلەۋاتقان ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماددىي ئەشيالارنى توشۇشنى ئاساس قىلغان تۆمۈر يول، تاش يول، ئاۋىئاتسىيە، تۇرۇبا قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 3 - كەسىپنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

تۆتىنچى، نامراتلارنى يۆلەش ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى تۇتقا قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت - ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت - ئوبلاستنىڭ تەرەققىياتى نامراتلارنى يۆلەش ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم يولى — ئالدى بىلەن، ئۇلارنىڭ كىيىش، تويۇش مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىش. ئاندىن، ئۇلارنى يېڭى يېزا قۇرۇش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتناشتۇرۇپ، ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلغان، ھەم ئاكتىپ ئىلگىرىلەپ ئۆزىنى ئۆزى باي قىلالايدىغان يېڭى يېزا كىشىلىرىدىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشىمىز كېرەك. شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، گەرچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت - ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى نىسبەتەن ئاستا بولسىمۇ، لېكىن قاتناش ترانسپورت، سۇ قۇرۇلۇشى، ئۇچۇر - ئالاقە ئىشلىرىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى ئارقىلىق، ئۇلارمۇ بىر قەدەر ياخشى تەرەققىيات ئاساسىنى ھازىرلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلەتسەكلا، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى تۈپ نېگىزىدىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

بەشىنچى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىش، جۈملىدىن كارخانىلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت، تېخنىكا ئاساسى ئاجىز، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغانلىقتىن، نۇرغۇن كارخانىلار رىقابەتتە ئارقىدا قېلىپ، شاللىنىپ كېتىش ۋە ۋەيران بولۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ئاجىز بولغانلىقتىن، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى، كان - كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات ۋە سۈپەت جەھەتتە بۆسۈپ چىقىشىنى چەكلەپ قويىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىدىيەدە يەنىمۇ ئازات بولۇپ، بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، بازار قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، كارخانا ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئالتىنچى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى تېزلىتىش كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداشتا ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى بىلەن مۇھىت قۇرۇلۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم. چۆللىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋە بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بىر قولىمىزدا تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى، يەنە بىر قولىمىزدا قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭغا

ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيەلىك قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىتىنى قوغداش سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىش، مۇۋاپىق ئىشلىتىش ۋە تەقسىملەشنى تەلەپ قىلىدۇ. سۇ بايلىقىنىڭ ئېچىلىشى، ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش ۋە تەقسىملەش، ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، شەھەر - يېزىلار قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيەنى قوغداشقا مۇۋاپىق سۇ ئىشلىتىشنى كۆرسىتىدۇكى، ھەرگىزمۇ «قۇدۇقلارنى كۆپلەپ كولاش — سۇ سەرپىياتى يۇقىرى بولغان يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش — ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇش»تىن ئىبارەت كونا يولنى كۆرسەتمەيدۇ. سۇنى تېجەپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە بوستانلىقلارنى قوغدىغاندىلا، قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، ئىنسانلارنىڭ ياشاش ھوقۇقىقا كاپالەتلىك قىلغىلى، ھەتتا سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، شەھەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

يەتتىنچى، تېجەشچان جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈشىمىز، ئومۇمىي پىلان، شەھەر پىلانى، يەر، كان بايلىقلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش پىلانىنى تۈزۈشىمىز لازىم. شۇنىڭدەك مۇھىم تۈرلەرنى بېكىتىشتە بايلىقلارنى تېجەش، سەرپىياتنى ئازايتىشنى مۇھىم مەزمۇن قىلىش ھەم ئۇنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەر تۈرلۈك تەدبىرلىرى ئىچىدە ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. شىنجاڭنىڭ بايلىق تېجەش توغرىسىدىكى قائىدە - قانۇنلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا دائىر چارىسى، «شىنجاڭنىڭ بايلىقلاردىن ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىش قائىدىسى»، «شىنجاڭنىڭ ھاسىلىي بايلىقلارنى باشقۇرۇش قائىدىسى» قاتارلىقلارنى تۈزۈشىمىز كېرەك.

قىسقىسى، 60 يىللىق تەرەققىياتىمىز بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، جەمئىيىتىمىز توختاۋسىز ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، ئىقتىسادىمىز توختاۋسىز راۋاجلىنىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە، ئىقتىسادىمىزنى دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈش دەۋرنىڭ تەلىپى بولۇپ قالدى. شۇڭا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى يەنىمۇ بىر بالداق ئۆرلىتىش، كونا نەتىجىلىرىمىز ئاساسىدا يېڭى پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز زۆرۈر. بۇ بىزنىڭ گۈللەنگەن، باياشات، ئىناق - ئىتتىپاق بولغان، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناقلىقى تېخىمۇ ياخشى بولغان شىنجاڭ قۇرۇشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئىزاھلار:


① «پارتىيە 17 - قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىنى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 - يىلى 10 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 8 - بەت.

②③ «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 5 - توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1977 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 554 -، 505 - بەتلەر.

④ «ماۋزېدۇڭ ۋە شىنجاڭ»، ماقالىلەر توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 158 -بەت.

⑤ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3 - توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 510 - بەت.

⑥ جياڭ زېمىن: «سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى زور مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا»، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑦ «2005 - يىللىق شىنجاڭ يىلنامىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 652 - بەت.

⑧ خۇجىنتاۋ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلايلى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

ماقالە نومۇرى: 07—035—04(2010)5878—1005

# ستۇدېنتلارغا قارىتىلغان سەمىمىيەت تەربىيەسىنىڭ ئۇسۇلى ۋە يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش*

ئەنۋەر ئېزىز
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىللىرى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** سەمىمىيەت — مەنىۋىيەت ۋە ئىناق جەمئىيەتنىڭ ئاساسى، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى تەربىيەلەپ، ئەخلاقلىق بولۇشىنىڭ ئاساسى شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى. ھالبۇكى، نۆۋەتتىكى بۇرۇلۇش دەۋرىدىكى جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى ئېلىپ كەلگەن كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكىلا بېرىلىش پسىخىكىسى شۇنداقلا تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، جەمئىيەتتە «ۋەدىسىدە تۇرماسلىق» تەك ھادىسىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ماقالىدە، نۆۋەتتە ستۇدېنتلاردىكى سەمىمىيەت كرىزىسىنىڭ ئېغىرلىقى، ئۇلارغا قارىتا سەمىمىيەت تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى جۈملىدىن ستۇدېنتلارغا قارىتىلغان سەمىمىيەت تەربىيەسى تەتقىقاتىنىڭ ئالىي مەكتەپ سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要**：诚信是和谐社会的基础，是一个人教育自己养成道德的基础，也是中华民族的传统美德。但是由于当前社会转型时期体制的不完善、追逐市场经济飞速发展带来的眼前利益的心理以及各种历史原因，社会上开始出现不守诺言的现象。当前大学生当中的诚信危机已引起全社会的普遍关注。加强对大学生的诚信教育已成为不容忽视、亟待解决的问题。因此，对大学生的诚信教育研究是高校政治思想教育工作义不容辞的职责。

**Abstract**: Honesty is the basis for a harmonious society, is the moral basis of a person, and is also the traditional Chinese virtues. However, due to the current imperfect system of social transition, the pursuit of market economy brought about rapid development of immediate psychological and various historical reasons, there appears such phenomenon as breaking one's promise easily in our society. The current credit crisis among college students has attracted nationwide attention. Strengthen the college students' credit education has become a problem that no one can afford to neglect. Therefore, it is incumbent up on political and ideological education of college to study the college students' credit education.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G41　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

* بۇ ماقالە 2010 - يىلى 1 - ئايدا تاپشۇرۇۋېلىندى.
ئاپتور: ئەنۋەر ئېزىز (1968 - يىلى 5 - ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ئالىي مەكتەپ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

## 1. سەممىيەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئەخلاقىي ئاساسى

سەممىيەت ئىزچىل تۈردە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى غايىۋى كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ كەلدى. ئۇ بارلىق ئەخلاقنىڭ ئۇلى ھەمدە ئادەمنىڭ ئىدىيىۋى ـ ئەخلاق ساپاسىنىڭ يادرولۇق ئىپادىسى. سەممىيەت يەنە بىر جەھەتتىن ئېھتىياج، يۈكسەك ئاڭ. ئۇ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئۇ باشقىلارنى، جەمئىيەتنى نەزەردە تۇتۇش ئارقىلىق، ئۆز مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىش ئاساسىدا ئىپادىلىنىدۇ. سەممىيەت جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەلىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە ئىناقلىقتا ئىنتايىن مۇھىم ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ـ ئەخلاق ساپاسىنىڭ ئەڭ يادرولۇق ئىپادىسى، ھەربىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە پۇت دەسسەپ تۇرالىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان «شەكىلسىز مۈلۈك».

سەممىيەت مىقدارلاشتۇرغىلى بولمايدىغان قىممەت باھالاش پرىنسىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەخلاق دائىرىسىگە مەنسۇپ بولغان ھەمدە ئەخلاق كاتېگورىيەسى-نىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا سىڭىپ كەتكەن ئىناۋەت سىستېمىسى، ئورتاق ئېتىراپ قىلىنىدىغان بازار كېلىشىمى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە، بازارنىڭ نورمال ئايلىنىشىدىكى ئەڭ ئاساسىي ئەخلاق مىزانى، بۇ مىزان بازار توختام ھەرىكىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. سەممىيەتنىڭ يوقىلىشى بازار تەرتىپلىرىنى بەرپا قىلىشتىكى ئەڭ زور توسالغۇ، ئىناۋەت بارلىق قائىدە ـ تۈزۈملەرنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە نورمال يۈرگۈزۈلۈشىدىكى ئاساس شۇنداقلا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئېلىمىز ئىناۋەت ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم قويدى. دەۋرىمىز ستۇدېنتلىرى كەلگۈسى بازار ئىگىلىكى رىقابىتىدىكى سۇبيېكت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇلارنىڭ سەممىيەتلىكى، ئۇنىۋېرسال ساپاسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭلاشقا ئىدىيىۋى ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپى بولغان ئالىي مەكتەپلەردە ستۇدېنتلارنى سەممىيەت جەھەتتە يېتىشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپە.

## 2. ستۇدېنتلاردىكى سەممىيەتنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرى

جەمئىيەتتە، ئالىي مەكتەپلەردە، ھازىرقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بۇرۇنقىلىرىغا يەتمەيدۇ، دېگەندەك سۆزلەرنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز، ھازىرقى ستۇدېنتلاردا بۇ خىل ئەھۋال ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇپ، تۈرلۈك ئەخلاقىي ساپا كۆرۈنەرلىك ئاجىزلاشقا يۈزلەندى. ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

### 1. ئىمتىھاندا كۆچۈرمىچىلىك قىلىش ئەھۋالى ئېغىر

سەممىمىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە پۇت دەسسەپ تۇرالىشىدىكى مۇھىم ئاساس ھەمدە ھەربىر ستۇدېنتتا بولۇشقا تېگىشلىك ئاساسىي ئەخلاق ـ پەزىلەت. ستۇدېنتلاردىكى سەممىيەت كۆپىنچە ئۆگىنىش، نەتىجە، ئىجتىمائىي ئالاقە قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئالايلۇق، ئىمتىھاندىكى كۆچۈرمىچىلىك، تەتقىقاتلاردىكى سان ـ سىپىرلارنى يالغاندىن ياساش، باشقىلارنىڭ ئىلمىي ماقالىسىنى قارىغۇلارچە كۆچۈرۈش قاتارلىقلار ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ بولۇپ قالدى. ئالىي مەكتەپلەر ئىمتىھان مەيدانى تۈزۈمى ۋە ئىمتىھانغا نازارەتچىلىك قىلىش تۈزۈمىنى ھەر تەرەپلىمە كۈچەيتكەن بولسىمۇ، خېلى كۆپ ستۇدېنتلار يەنىلا «ئەمەلىي كۈرەشلەردە چېنىقىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرىدىغان» ماھارەتنى يېتىشتۈرىۋاتىدۇ. ئاددىي مەكتەپتە ئەڭ ئادەتتىكى ئىمتىھاندىن تارتىپ، دۆلەتلىك دەرىجە ئىمتىھانلىرىغىچە كۆچۈرمىچىلىك مەۋجۇت بولۇپ ئۇنىڭ ئۇسۇللىرىمۇ كۆپ خىللىشىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. كۆچۈرمىچىلىك قىلغۇچىلار سەممىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان چەكلىمىسىنى ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىرىۋەتتى. نۆۋەتتە، سەممىمىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش قىممەت قارىشى تېز سۈرئەتتە ئاجىزلاۋاتىدۇ.

### 2. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە پايدا ـ مەنپەئەتكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ

نورمال كىشىلىك ئالاقە ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش، بىر ـ بىرىنى چۈشىنىش شۇنداقلا سەممىيلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. نۆۋەتتە نۇرغۇن ستۇدېنتلار

جەمئىيەتتىكى ناچار كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكى ئېقىمىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە سەممىيەتسىزلىك قىلىش، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە بېرىلىپ كېتىش، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق قاتارلىق ئەھۋاللار بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. «مەسئۇلىيەت» بىلەن «مەنپەئەت» ئالدىدا، «مەنپەئەت»نى تاللايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، زامانىمىز ستۇدېنتلىرىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتتى بىر قەۋەت مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ تۇمىنى قاپلىۋالدى. سەممىيەت ئېڭىنىڭ ئاجىزلىشى ۋەدىسىدە تۇرماسلىق قىلمىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ، بۇ مەكتەپلەردە يامراپ كەتتى. بۇ خىل ئەھۋال كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئېغىر كىرىزىس ۋە توقۇنۇشقا دۇچار قىلدى.

3. ئوقۇش پۇلىنى قەستەن كېيىنگە سۈرۈش ئەھۋاللىرى ئېغىر

نۆۋەتتە، ستۇدېنتلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلىمەسلىك مەسىلىسى ئېغىر مەسىلە بولۇپ قالدى. بىر تەرەپتىن، مائارىپ ئىسلاھاتىدىن كېيىن دۆلەت ستۇدېنتلار ئوقۇش پۇلى تاپشۇرۇپ ئوقۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقانداق بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تۈپەيلى مەكتەپتىن چېكىنىشىگە يول قويمايدىغانلىقىنى تەكىتلەۋاتىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە ئورۇنلىغان دېھقان پەرزەنتلىرى ۋە شەھەرلەردىكى كۆپلىگەن ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى توغرىسىدىكى ئىسپاتنى ئالمىقمۇ شۇنداق ئاسان. بۇ خىل ئەھۋال ئوقۇش پۇلىنى قەستەن تاپشۇرمايدىغان ئوقۇغۇچىلارغا پايدىلانغۇدەك ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى. مەكتەپ گەرچە ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بېرىش، قەرز بېرىش، ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىش، ئوقۇش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىش، ئوقۇش پۇلىنى كېچىكىپ تاپشۇرۇش قاتارلىقلارغا دائىر بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويغان بولسىمۇ، مەكتەپلەر يەنىلا مۇشكۇل ئەھۋالدىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. مۇنداق غەلىتە ئەھۋالمۇ بار: ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرمىغان ئوقۇغۇچىلار 5% گىمۇ يەتمەيدۇ. ئىككىنچى يىللىققا چىققاندا بولسا ئوقۇش پۇلىنى ۋاقتىدا تاپشۇرمايدىغان ئوقۇغۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال 30%~40%نى ئىگىلەيدۇ. ئەڭ ئاخىرقى يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان سىنىپلار ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرۇشتىكى كونا چىگىش نۇقتا بولۇپ قالىدۇ. بەزى مەكتەپلەر «ئۈچ خىل گۇۋاھنامە»نى تۇتۇپ قېلىش، كېپىل بولۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ئاز بولمىغان ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرمايۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزى مەكتەپلەر «ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئامبىرى» تەسىس قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ.

4. قايتۇرۇش مەسئۇلىيەت ئېڭى كەمچىل

ساۋاقداشلىرى، دوستلىرىدىن پۇل ئۆتنە ئېلىپ قايتۇرماسلىق ئالىي مەكتەپلەردە دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ستۇدېنتلارنىڭ قايتۇرۇش مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ كەمچىل بولۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەممىيەتنىڭ ئاجىزلىشىشىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى ئوقۇش ياردەمى قەرز پۇلى قايتۇرۇشتىن خالىغانچە ئۆزىنى چەتكە ئېلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. دۆلەت 1999 - يىلىدىن باشلاپ، ئوقۇش ياردەمى قەرز پۇلىنى بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا بانكا ئوقۇش ياردەمى قەرز پۇلى تارقىتىپ بېرىدۇ. بۇ تۈزۈم ئېلىمىز ھۆكۈمىتى يولغا قويغان پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ بىر مەزمۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا بولغان غەمخورلۇقى ۋە كۆيۈنۈشىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ھالبۇكى، بۇ ئىشتا دۆلەت بىلەن بانكا ھەقىقەتەنمۇ مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، سەممىيەتتىكى «بوغما» ھالەتكە دۇچار بولدى.

5. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت ئىزدەش جەريانىدىكى سەممىيەتسىزلىكى

ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ غايەت زور بېسىمى ئالدىدا، ئورۇنلىغان ستۇدېنتلار «مەسئۇلىيەت» بىلەن «مەنپەئەت» ئالدىدا «مەنپەئەت»نى تاللايدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى:

بىرىنچىدىن، خىزمەت ئىزدەش تەرجىمىھالىدىكى نەتىجىلەرنى خالىغانچە ئۆزگەرتىش، ھەر خىل مۇكاپاتلانغان گۇۋاھنامىلارنى ۋە ئىسپاتلارنى يالغاندىن ياساش، ئوقۇغۇچى كادىرلىق مەنسىپى ۋە جەمئىيەتتىكى پىراكتىكا قىلىش تەرجىمىھالىنى يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىرىش قاتارلىقلار.

ئىككىنچىدىن، بىر قىسىم ستۇدېنتلار «ئالدى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئاندىن كەسىپ تاللاش»نىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى خاتا چۈشىنىپ، خىزمەت ئىزدەش جەريانىدا، قايتا - قايتا ئوقۇر تاللاپ، ئالدىراقسانلىق بىلەن كېلىشىمنى بۇزىدۇ.

ئۈچىنچىدىن باشقا، ئاتا - ئانىلار ۋە مەكتەپنى خالىغانچە ئالداش، مەكتەپنىڭ ئىپادىسىنى قەستەن يوشۇرۇش، نەتىجىسىدە كۆز بويامچىلىق قىلىش، پۇل - مالنى بۇزۇپ چېچىش قاتارلىقلار.

دېمەك، زامانىمىز ستۇدېنتلىرىدىكى سەممىيەتنىڭ ئاجىزلىشىشى ئىدىيەۋى - ئەخلاق ساپاسىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

## 3. ستۇدېنتلاردا سەممىيەتنىڭ ئاجىزلىشىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە تەھلىل

### 1. جەمئىيەت چوڭ مۇھىتىنىڭ تەسىرى

زامانىمىز ستۇدېنتلىرى ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئېقىمىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بولۇپ، ئۇلار ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئېلىپ كەلگەن يېڭىچە ئىدىيە ۋە يېڭىچە مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچراۋاتىدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئىقتىسادىي تەركىب ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ كۆپ خىللىشىشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كۆپ خىللىشىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورۇنلىرى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش شەكلىنىڭ ھەر خىللىشىشى بارغانسېرى ئېنىق بولۇۋاتىدۇ. ئېلىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، غەربنىڭ مەدەنىيىتى ۋە قىممەت قارىشىمۇ ستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىغا پەيدىنپەي سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيىۋى قارىشى، تەپەككۇر شەكلى ۋە قىممەت يۆنىلىشىدە كۆپ مەنبەلىشىش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندى. ستۇدېنتلار بۇ يېڭىلىقلارنى خاتا چۈشەندى بولغاي، بۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ تونۇشىدا بىر خىل خاتا قاراش پەيدا قىلىپ قويدى. سەممىيەتسىزلىك مەلۇم دەرىجىدە بەزى ستۇدېنتلارنىڭ مەلۇم مەنپەئەتكە ئېرىشىش يولىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇڭلاشقا بۇ پاسسىپ ئۇنۇمىنىڭ ئۇلارنى چىرىتىش تەسىرىنى ھەرگىز تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ.

### 2. مەكتەپلەرنىڭ سەممىيەت تەربىيەسىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئارقىدا قېلىشى

نۆۋەتتە، ئىمتىھان مائارىپىنى تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، بولۇپمۇ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئەقلىي تەربىيەگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەخلاقىي تەربىيەگە سەل قاراش ئەھۋاللىرى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغاچقا، ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدا، بۇ خىل كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان دېرىژورلۇق تايىقىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئائىلە باشلىقلىرى ئوقۇغۇچىنىڭ نەتىجىسىنىلا كۆرۈپ، ئۇلارغا بولغان ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلمىدى. كۆپلىگەن مەكتەپلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھانى ۋە ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ دەرس سائىتىنى ئىگىلەشتىن باش تارتمايۋاتىدۇ. مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە ئەخلاق تەربىيەسى خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا نۇرغۇنلىغان مەكتەپلەر ئەخلاق تەربىيەسى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. سىياسىي تەربىيەنى ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى يېتىشتۈرۈشكە ئېتىبارسىز قارىلىۋاتىدۇ. نەزەرىيەنى كۆپ تەكىتلەپ، ئەخلاق ئەمەلىيەتچانلىقىغا ۋە ئوقۇغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىغا سەل قاراۋاتىدۇ. ھازىرقى ئالىي مەكتەپ قورۇسى ئاللىقاچان بىر تېپتىنچ غايىۋى جەننەت بولماي قالدى. سودا ئېقىمى مەكتەپلەرگە بۆسۈپ كىرىپ، ئىلىم - پەن چىرىكلىكى، ئىلمىي تەتقىقاتتىكى ساختىلىق، كۆپلىگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممە يەردە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىشىدەك ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ستۇدېنتلارنىڭ ئاساسىي ئەخلاق - پەزىلىتىنى يېتىشتۈرۈش تەربىيەسىگە ئېتىبارسىز قارالدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشى، ئوقۇغۇچى مەنبەسى سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچى ئەپلەپ - سەپلەپ دىپلوم ئېلىۋېلىش ئۈچۈنلا كېلىدۇ، دەرستىن قېچىش، تورغا چىقىش، ھورۇنلۇق، ئوقۇش بىلەن كارى يوق مۇھەببەتلىشىش، مەدىكارلىق قىلىپ پۇل تېپىش قاتارلىقلار ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

### 3. ستۇدېنتلاردا ئۆزىگە خاس دۇنيا قاراش، قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشى كەمچىل

ستۇدېنتلارنىڭ دۇنيا قارىشى تولۇق يېتىلمىگەن، تۇراقسىز، قىممەت يۆنىلىشى بىر تەرەپلىمە بولۇپ، يېتەرلىك بولغان ئەخلاق باھالاش ئىقتىدارى كەمچىل، جەمئىيەتتىكى ياخشى - يامان ھادىسىلەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى پەرق ئېتىشى تەس، ئاسانلا تەيۈق يولغا كىرىپ قالىدۇ. قىممەت قارىشىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى، جەمئىيەتنىڭ بۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى ئەخلاقىي گاڭگىراشلار، ئوقۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى بېسىم قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، ئۇلاردا ئاسانلا قانداق قىلىشىنى بىلەلمەيدىغان، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمايدىغان، سەممىيەتسىزلىك ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتتىكى سەممىيەت كىرىزىسىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ناھايىتى ئاسانلا بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان پىسخىكىنى نامايان قىلىپ قويىدۇ. نام - مەنپەئەت ۋە پايدا - زىيان قوغلىشىپ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى مەسئۇلىيىتى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى ئۈستىدە ئاز ئويلايدۇ. ئۆزىنى كونترول قىلىش ۋە قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارى، ئىرادىسى ۋە قانۇن ئېڭى بىر قەدەر ئاجىز، ئۇلار سەممىيەتنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇلاھىزە قىلالىسىمۇ، بىراق ئۇنى ئۇنۇملۇك ھالدا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرالمايدۇ. دېمەك، بۇ خىل ئامىللار ستۇدېنتلار-

نىڭ سەممىيەت ئۆلچىمىنىڭ تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**4. مەسئۇلىيەت ئېڭى ئاجىز، ئۆز ئۆزىنى چەكلەش ئىقتىدارى يېتەرسىز**

ستۇدېنتلاردىكى سەممىيەت كىرزىسىنىڭ تۈپ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈشتە، گەپنى يەنىلا ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. نۇرغۇنلىغان ستۇدېنتلار سەممىيەت توغرىسىدا گەپ بولغاندا، توختىماي سۆزلەيدۇ. ئاڭلىماققا گەپلىرى شۇنداق ئورۇنلۇق، تاپشۇرۇق كۆچۈرۈش، ئىمتىھاندا كۆچۈرمىكەشلىك قىلىش قاتارلىق سەممىيەتسىز قىلمىشلارغا كۆپىنچىسى «دىمىقىدا كۈلۈپ قويىدۇ». بىراق ھەقىقىي رېئاللىق ئالدىدا بۇنداق «تەنتەنىلىك سۆزلەر»نى دائىم ئارقىغا چۆرۈۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر قىسىم ستۇدېنتلارنىڭ ئەخلاقىي تونۇشى بىلەن ئەخلاقىي قىلمىشى ئوتتۇرىسىدا ئېغىر دەرىجىدە يىراقلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. ئۆز ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى شۇنداقلا مەسئۇلىيەت ئېڭى بەكلا ئاجىز.

**5. ئىنتېرنېت تورىنىڭ ستۇدېنتلارنىڭ سەممىيەت ئېڭىغا بولغان سەلبىي تەسىرى**

ئىنتېرنېت تورى ئۇچۇر جەمئىيىتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى. ستۇدېنتلار ئىنتېرنېت تورىغا ئەڭ كۆپ چىقىدىغانلار بولغاچقا ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئىنتېرنېت تورى ستۇدېنتلارغا مول بىلىملەرنى يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىرگە، يەنە ئاز بولمىغان پاسسىپ، سەلبىي تەسىرلەرنى ۋە نۇرغۇنلىغان ئەخلاق مەسىلىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. توردا ئالاقىلاشقاندا، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى بەلگىلەشتۈرۈۋېتىلگەنلىكتىن ئەنئەنىۋى ئەخلاقنىڭ سەممىيەت توغرىسىدىكى چەكلەش مېخانىزمىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. يالغان ئېيتىش، ئالدامچىلىق قاتارلىق يىرگىنىشلىك قىلمىشلار مائۇسنىڭ چېكىلىشى بىلەن يۈز بېرىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارى بولمىغاندا، قارشى تەرەپكە قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كېتىپ، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا مېڭىپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئىنتېرنېت تورىنى توغرا ئىشلىتىش، ئۆز ئارا تىللاشماسلىق، ھۇجۇم قىلىشماسلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن پىكىر بايان قىلماسلىق قاتارلىقلار مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ستۇدېنتلارنىڭ ئۆزىنىڭ سەممىي پەزىلىتىنى بەلگىلەيدۇ.

**6. سەممىيەت نازارەتچىلىك مېخانىزمى مۇكەممەل ئەمەس**

ئىقتىساتشۇناسلىق نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، سەممىيەتنىڭ يوقىلىشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇشى، بىرىنچىدىن، سەممىيەتسىزلىكنىڭ تەننەرقى بەكلا تۆۋەن، ئىككىنچىدىن، سەممىيەتكە ئىنتىلىشنىڭ پايدىسى بەكلا تۆۋەن، بازار ئىگىلىكى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتتە، سەممىيەت يۇقىرى تەننەرق تەلەپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئېلىمىزنىڭ بازار ئىگىلىكى پىلانلىق ئىگىلىكتىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولغاچقا، تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش جەريانىدا، جەمئىيەتنىڭ نازارەتچىلىك مېخانىزمى يەنىلا بىر قەدەر قالاق ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. شەخسىي سەممىيەت مەسىلىسىگە نىسبەتەن، ئۇنۇملۇك باھالاش ۋە مۇكاپات ـ جازا مېخانىزمى تېخىمۇ كەمچىل. شۇڭلاشقا، ستۇدېنتلارنىڭ سەممىيىتىگە نىسبەتەن ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك ۋە چەكلەش مېخانىزمىنىڭ كەمچىل بولۇشى ئۇلاردا سەممىيەتنىڭ ئاجىزلىشىشىدىكى ئاساسلىق تاشقى ئامىل.

## 4. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن سەممىيەت تەلىم ـ تەربىيەسى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم

**1. ئوقۇغۇچىلارنى جەمئىيەتنى توغرا تونۇشقا يېتەكلەپ، ئۇلاردا سەممىي ۋە ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم**

ئالىي مەكتەپلەر سەممىيەت تەربىيەسىنى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرىمىز دەيدىكەن، ئوقۇغۇچىلارغا چوقۇم تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىشى كېرەك. جەمئىيەتتە ۋەدىسىدە تۇرماسلىقتەك ئەھۋاللار گەرچە بىر قەدەر ئېغىر بولسىمۇ، بىراق جەمئىيەتمۇ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ساپاسىمۇ جەمئىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۈزلۈكسىز ئۆسۈۋاتىدۇ. بۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى. يەنە كېلىپ، ھۆكۈمىتىمىز، پارتىيىمىز تۈزۈم ۋە ئىنتىزام جەھەتتە، سەممىيەتسىزلىك، ساختىپەزلىك قىلمىشلىرىنى تۈزەشكە باشلىدى. ئۆز ۋاقتىدا خالىغانچە ئەسكىلىك قىلغان ئەمەلدارلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن تورغا چۈشۈشى بۇنىڭ جانلىق پاكىتى. سەگەكلىك بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ئېسىل مىللىي ئەنئەنىلەر، بارغانسېرى ئاڭلىقلىشىپ كېتىۋاتقان خەلق ئاممىسى، بۇلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى. مۇشۇ خىل

ئاساسىي يۆنىلىشىنى تونۇپ يەتكەندە، ستۇدېنتلار ھەرگىزمۇ سەممىيەتكە ئۈمىدسىز كەيپىياتتا بولمايدۇ. ئاندىن ھەقىقىي يوسۇندا ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتە ئويناشقا تېگىشلىك رولىنى ئوينىيالايدۇ. قانداق قىلغاندا، دەۋرنىڭ ئارقىدا قالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. شۇندىلا سەممىيەت تەلىم ـ تەربىيەسىنى ھەقىقىي ئۈنۈملۈك قوبۇل قىلالايدۇ.

## 2. ئەخلاق تەربىيەسىگە دائىر دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ ئاساسلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ستۇدېنتلارنىڭ سەممىيەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك

مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارغا ھەر خىل پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى يەتكۈزىدىغان سۇپا بولۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلەتنى يېتىشتۈرىدىغان ئاساسلىق ئىستىھكام. سەممىيەت تەربىيەسى مەكتەپ ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ ئۇل تېشى، ساپا مائارىپىنىڭ ئىچكى تەلىپى. ئىلمىي، ئۈنۈملۈك سەممىيەت تەربىيەسى ئارقىلىق، ستۇدېنتلارغا ئىدىيە جەھەتتە سەممىيەتنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇتۇش لازىم. نۆۋەتتە، ئالىي مەكتەپلەردە، سىياسىي نەزەرىيە بىلەن كەسپىي بىلىم سىڭدۈرۈشكىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىنىڭ ئەخلاقىي ئېڭى بىلەن ھەرىكىتىنى يېتەكلەشكە سەل قارىلىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، نۆۋەتتە ستۇدېنتلاردا ساقلىنىۋاتقان سەممىيەتسىزلىك ھالىتىگە قارىتا، سەممىيەت تەربىيەسىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، ئەخلاقىي تەربىيەگە ئەھمىيەت بېرىش، ئەخلاقىي تەربىيەگە سەل قاراش مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىش، سەممىيەت تەربىيەسىنى مەكتەپ ئەخلاق تەربىيەسى سىستېمىسىغا كىرگۈزۈش، مەكتەپ تەربىيەسىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. ئاساسلىق تەدبىرلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) سەممىيەتكە دائىر ئەخلاق تەربىيەسى ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش كېرەك. مەخسۇس سەممىيەت دەرسلىكى تەسىس قىلىش ياكى دەرس ئوقۇتۇشىدا مەخسۇس تېمىدا سەممىيەت ئۇستىدە چۈشەنچە بېرىش لازىم. (2) سەممىيەت تەربىيەسىنى ھەرقايسى پەن ئوقۇتۇشى جەريانىغا سىڭدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش. ئالايلۇق، مەزكۇر دەرسنىڭ كەسپىي ئەخلاق مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، مۇۋاپىق ھالدا سەممىيەت مەزمۇنى كىرگۈزۈش قاتارلىقلار. (3) «ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيەسى» ۋە «قانۇن ئاساسلىرى» دەرسلىكىنىڭ سەممىيەت تەربىيەسىدىكى ئاساسلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى قانۇن ـ تۈزۈم بىلىملىرى بىلەن تەربىيەلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئىدىيە ئەخلاق تەربىيەسى» ۋە «قانۇن ئاساسلىرى» دەرسلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، سەممىيەت تەربىيەسىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ئەخلاق قائىدىلىرى بىلەن قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا قانۇن نۇقتىسىدىن سەممىيەتنىڭ چەكلەش كۈچى تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش لازىم.

## 3. ستۇدېنتلارنىڭ سەممىيىتىنى سىناش ۋە باھالاش سىستېمىسى بەرپا قىلىش لازىم

ئىقتىساد ساھەسىدىكى ئىناۋەت باھالاش كۆرسەتكۈچى سىستېمىسىنى مەكتەپكە كىرگۈزۈپ، ستۇدېنتلارنىڭ سەممىيەت دەرىجىسىنى باھالايدىغان مۇناسىپ تارماق قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سەممىيىتىنى سىناش ۋە باھالاش سىستېمىسى بەرپا قىلىش لازىم. ئالدى بىلەن، سەممىيەتنى سىناش ئامىللىرىنى بېكىتىش كېرەك. سەممىيەت، ئىناۋەت، ئادىللىق، دوستلۇق، ئىناقلىق قاتارلىقلارنى ئاساسلىق سىناش ئامىللىرى دەپ قاراپ، سەممىيەت دەرىجىسىنى ئۆلچەش سىستېمىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كۆرسەتكۈچىنى بېكىتىۋېلىش لازىم. بۇ ئارقىلىق ستۇدېنتلارنىڭ سەممىيلىك دەرىجىسىنى سىنايدىغان يولنى تاپالايمىز. بۇنىڭدا ئوقۇغۇچى ئۆزىنى ئۆزى باھالاش، ساۋاقداشلار ئۆزئارا باھالاش، ئوقۇتقۇچى باھالاش قاتارلىق كۆپ خىل يول بىلەن باھالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## 4. سەممىيلىك تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم

تۈزۈم ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەممىيەت پەزىلىتىنى تەربىيەلەش كېرەك. نۆۋەتتە، تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرلۈك تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. (1) ئىمتىھان تۈزۈمى. قاتتىق ئىمتىھان تۈزۈمى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش پوزىتسىيەسىنى، ئۆگىنىش ئىستىلىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. مەكتەپ ئىمتىھاننىڭ ھەربىر ھالقىلىرىغىچە ئېنىق بەلگىلىمە تۈزۈپ، ئىمتىھان تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلغان ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. (2) ستۇدېنتلارغا سەممىيەت ئارخىپى تۇرغۇزۇش لازىم. سەممىيەت ئارخىپى تۇرغۇزۇش — سەممىيەت تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈملۈك يولى. سەممىيەت ئارخىپى سەممىيلىك ۋەدىسى، ئۆگىنىش ئەھۋالى، ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئىناۋەت خاتىرىسى، مەكتەپنىڭ پىكرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەممىيەت ئارخىپىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى، بىر تەرەپتىن، شەخسنىڭ سەممىيەت خاتىرىسى بىلەن ئوقۇش مۇكاپات پۇلى، ئوقۇش ياردەم پۇلى، ئىلغارلارنى باھالاش، پارتىيەگە كىرىش، خىزمەتكە تونۇشتۇرۇش قاتارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ توپ مەنپەئەتى بىلەن زىچ باغلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي ھەرىكىتىنى ئاڭلىق ھالدا

ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشتە رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزملىق رول ئوينايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سەممىيەت قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىدىغان ھەرقانداق قىلمىش، مەسىلەن، ئىمتىھاندىكى كۆچۈرمىچىلىك، قەرزنى قايتۇرماسلىق، ساختا ۋەزىيەت پەيدا قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ھامان، مەكتەپنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرى ئاساسىدا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئارىغا ئادەم قويىدىغان بارلىق ھادىسىلەرگە خاتىمە بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كۈچلۈك چەكلەش مېخانىزمى بەرپا قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلاردا مەكتەپتىكى مەزگىلدە بىر قەدەر مۇقىم، ئۇزاققىچە داۋام قىلىدىغان سەممىيەت ئىدىيەسى شەكىللىنىدۇ. (3) مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمى. سەممىي، لەۋزىدە تۇرىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئەلالىرىنى پارتىيەگە قوبۇل قىلىش، ئوقۇش مۇكاپات - ياردەم پۇلى بېرىش، «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»لارنى باھالايدىغان چاغدا، مۇۋاپىق ئېتىبارغا ئېلىش؛ سەممىيەتسىزلىك قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئىلغار» باھالىنىش سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارغا سەممىيەتسىزلىكنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىتىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا ستۇدېنتلارنىڭ سەممىيەت دەرىجىسىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

### 5. ستۇدېنتلار ئۆز ئۆزىنى تەربىيەلەشتە ئەخلاقىي تەربىيەنىڭ ئىچكى فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم

(1) ئوقۇغۇچى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سەممىيەت كەيپىياتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش لازىم. ستۇدېنتلارنىڭ سەممىي پەزىلىتىنى ياخشى شەكىللەندۈرۈش، مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقىدىن باشقا، ئاچقۇچلۇق يېرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە باغلىق. ئوقۇغۇچى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلىرى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى تايانچىلار، ئۇلارنىڭ ئەخلاق ساپاسى سەممىيەت تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇش - بولماسلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. سەممىيەت تەربىيەسىدە ئوقۇغۇچى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلىرى باشلامچى بولۇشى لازىم. بۇنىڭ سەممىيەت تەربىيەسىدە ئىنتايىن مۇھىم باشلامچىلىق رولى بار. (2) ھەربىر ستۇدېنت ئۆزىدىن باشلاپ سەممىيەتنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ باشلامچىللىرى بولۇشى كېرەك. ستۇدېنتلارنىڭ سەممىيەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا يەنىلا ستۇدېنتلارنىڭ ئۆزىگە تايىنىش لازىم. تاشقى مۇھىت، تۈزۈم، تەربىيە قاتارلىقلار ستۇدېنتلارنىڭ سەممىيەت ئېڭىغا تەسىر كۆرسەتكىنى بىلەن، مەسىلىنىڭ نېگىزى يەنىلا ستۇدېنتلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشىدە. تاشقى سەۋەب — ئۆزگىرىشنىڭ شەرتى، ئىچكى سەۋەب شەيئىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىشىنىڭ ئاساسى. شۇڭلاشقا، ستۇدېنتلار ئارىسىدا شۇنداق بىر ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىش كېرەككى، ستۇدېنتلار توپىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى قوغداش ئۇلارنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتى. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇۋاتقان ھەمدە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئالىي مەكتەپلەردىكى سەممىيەت تەربىيەسى چوقۇم دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىشى، باش شۇجى خۇجىنتاۋ ئوتتۇرىغا قويغان «سەممىي بولۇش - لەۋزىدە تۇرۇش شەرەپ، مەنپەئەتنى دەپ ۋىجداندىن كېچىش نومۇس» دەيدىغان سوتسىيالىستىك شەرەپ - نومۇس قارىشىنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. ستۇدېنتلارغا قارىتىلغان سەممىيەت تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئۈنۈملۈك سەممىيەت تەربىيەسى سىستېمىسى بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## پايدىلانمىلار

1. جياڭ گاۋكې: «ستۇدېنتلارغا قارىتىلغان سەممىيەت تەربىيەسىنىڭ تەخىرسىزلىكى ۋە روبىرو تەدبىر تەتقىقاتى»، مائارىپ ئىزدىنىشى ژۇرنىلىنىڭ 2008 - يىللىق 2 - سانى.

2. شې پىڭ: «دەۋرىمىز ستۇدېنتلىرىغا قارىتىلغان سەممىيەت تەربىيەسى توغرىسىدا»، شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) نىڭ 2007 - يىللىق 7 - سانى.

3. جى گوخوڭ: «ستۇدېنتلارغا قارىتىلغان سەممىيەت تەربىيەسى مەسىلىسى تەتقىقاتى»، لياۋنىڭ مەمۇرى ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 2008 - يىللىق 1 - سانى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

ماقالە نومۇرى: 1005—5878(2010)04--042—08

# تارىخىي كوچا مەھەللىلەرنى قوغداش، ئېچىش خىزمىتىنى ماس ھالدا ئېلىپ بېرىشنىڭ — قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى ھەقىقىي نامايان قىلىشتىكى مۇھىملىقى توغرىسىدا

مۇھەممەت زۇنۇن ئابدۇكېرىم، ۋاڭ جيەنبىن
(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844000)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، قەشقەر شەھىرىنىڭ كونىشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقى، تەخىرسىزلىكى، قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىي كوچا مەھەللىلىرىنى قانداق قوغداش، قانداق ئۆزگەرتىش مەسىلىسى توغرىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىش بىلەن بىرگە، مەزكۇر تەتقىقات تېمىسىنىڭ قىممىتى ۋە تەتقىقات ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**摘要**：本文就喀什市老城区改建的重要性和紧迫性、如何保护和改建喀什市的历史街巷问题提出自己的看法,与此同时,介绍本项研究课题的价值和研究方法。

**Abstract**: In this article, the authors talk about the importance and urgency of the rebuilding of the old town of Kashgar, put forward their views about how to protect and rebuild the old town, and introduce the value of this study and research methods.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K207 ماتېرىيال بەلگىسى: A

«شىنجاڭغا بارمىغۇچە ۋەتىنىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، قەشقەرگە بارمىغۇچە شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ …»، مانا بۇ ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەشقەرگە بەرگەن ھەقىقىي باھاسى، مانا بۇ قەشقەرنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدىكى يۈكسەك ئورنىنىڭ نامايەندىسى. قەشقەر توغرىسىدىكى بۇ ئىلمىي باھادا قەشقەرنىڭ ئالاھىدە ئۆزگىچىلىكى، يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت شەھەر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ جەلپكار، تارىخى ئەڭ ئۇزۇن شەھەر بولۇشتەك سالاھىيىتى ناھايىتى مەركەزلىك ھەم ئوبرازلىق نامايان قىلىنغان.

قەشقەر — پارلاق تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمكى

• بۇ ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى فوندى كومىتېتى 2009 - يىلى 12 - ئايدا تەستىقلىغان «قەشقەر شەھەرنىڭ تارىخىي كوچا مەھەللىلىرىنى قوغداش ۋە ئېچىش توغرىسىدا» (تەستىق نومۇرى 09BSH036) ناملىق تەتقىقات تېمىسىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

بۇ ماقالە 2010 - يىلى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتور: مۇھەممەت زۇنۇن ئابدۇكېرىم (1966 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان)، دوتسېنت؛ ئاساسلىق شىنجاڭ تارىخى، يىپەك يولى تارىخى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
ۋاڭ جيەنبىن (1980 - يىلى 11 - ئايدا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭ جياچۈەن شەھىرىدە تۇغۇلغان)، ماگىستىر ئاسپىرانت، لېكتور، ئاساسلىق مىللەتشۇناسلىق ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

شەھەر، ئۇنىڭ يازما خاتىرىگە ئېلىنغان تارىخىلا 2000 يىلدىن ئاشىدۇ. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا «غەربىي يۇرت تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى» تەسىس قىلىنىشى بىلەن قەشقەر غەربىي يۇرتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتىدە رەسمىي ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە سۇلى① جۇڭگو تارىخىدا مەشھۇر بولغان «ئەنشىدىكى تۆت شەھەر»② نىڭ بىرى بولۇپ سانالغان. قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان قەشقەر شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بۇرجىكى، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمال ئېتىكى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1289 مېتىر، ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 57°56′ تىن 76°4′ قىچە، شىمالىي پاراللېل 39°25′ تىن 39°35′ قىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ. شەرقىي، غەربىي قىسمى كونىشەھەر ناھىيەسىگە تۇتىشىدۇ، شىمالىي تەرىپى قۇمال تاققا تۇتىشىپ ئاتۇش شەھىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇبىي قىزىل دەريا ئايرىپ تۇرغان يېڭى شەھەر ناھىيەسىگە ئۇدۇل. ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدا قەشقەر شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمى ئاران 2.5 كىۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن يەنى 1952 ـ يىلى يېڭىدىن قەشقەر شەھىرى تەسىس قىلىنغاندا، ئۇ پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئۈچ چوڭ شەھەرنىڭ (ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا) بىرىگە ئايلاندى. يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قەشقەر شەھىرى ھەرقايسى جەھەتتىن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، نۆۋەتتە يەر كۆلىمى 199.38 كىۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. قەشقەر شەھىرى نۆۋەتتە تەۋەسىدە تۆت كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، سەككىز يېزا، بىر دېھقانچىلىق مەيدانى بولغان، ئومۇمىي نوپۇسى 440 مىڭدىن (بۇ ئاقما نوپۇسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر نوپۇسى 260 مىڭ، يېزا نوپۇسى 180 مىڭ) ئاشىدىغان، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇلاردىن تەشكىل تاپقان، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەڭ مۇھىم سودا ۋە مەدەنىيەت، ساياھەت مەركىزىگە ئايلاندى③.

**1. مەزكۇر تېمىنى تاللاشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى**

نۆۋەتتە شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، شەھەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قول سېلىپ ئىشلەيدىغان مۇھىم خىزمەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ شەھەرلەردىكى تارىخىي كوچا مەھەللىلەرنى قوغداش ۋە ئېچىشقا قارىتا زور خىرىس پەيدا قىلىپ، تەرەققىيات جەريانىدا قانداق قىلغاندا شەھەرلەردىكى تارىخىي كوچا مەھەللىلەرنى قوغداپ قالغىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدا ئەڭ مۇھىم ئادىمىيلىك تۈسكە ھەم ئەڭ زور رىقابەت تۈسكە ئىگە بولغان مۇھىم خىزمەتكە ئايلاندى. تارىخىي كوچا مەھەللىلەرنى قوغداش ئېلىمىزگە نىسبەتەن يەنىلا بىرقەدەر يېڭى تېما بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماق، ئورۇن ھەم شەخسلەرنىڭ بۇ خىزمەتكە بولغان تونۇشى تېخى يېتەرلىك ئەمەس، قوغداپ قېلىش خىزمىتىدە بەزى خاتا چۈشەنچە ۋە قاراشلاردىن خالىي بولۇش تەس، بۇ خاتالىقلار دائىم دېگۈدەك تارىخىي كوچا مەھەللىلەرنى قوغداش خىزمىتىگە قارىتا تولدۇرغىلى بولمايدىغان زىيانلارنى ئېلىپ كەلمەكتە.

قەشقەر شەھىرى — مەركىزىي ئاسىيادىكى سېھرىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان زۇننار، ئۇ يىپەك يولىنى بويلاپ ئەسىرلەر داۋامىدا بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشكەن ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىگە تويۇنغان. دۇنيادىكى بىر قانچىلىغان چوڭ دىن، يەنى بۇددا ۋە ئىسلام دىنى تارىختا بۇ يەردە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، بىر قانچىلىغان بۈيۈك مەدەنىيەت سىستېمىسى، يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، گىرېك ـ ئىبراي مەدەنىيىتى، ئەرەب ـ پارس مەدەنىيىتى بۇ يەردە ئۆز ئارا ئۇچراشقان ھەمدە بۇ يەرنىڭ يەرلىك مىللىي مەدەنىيىتىگە يېڭى ئېنېرگىيە بېغىشلىغان. بۇ ھال قەشقەرنىڭ ئادىمىيەت مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئۆزىگە خاس پۇراققا ۋە ئالاھىدە مەزمۇنغا ئىگە قىلغان. قەشقەر — ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى، ئۇ ئوقۇسا تۈگىمەيدىغان بىر كىتاب، بۇ كىتابقا يىپەك يولىنى بويلاپ توختاۋسىز رەۋىشتە ئۆتۈشۈپ تۇرغان شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ نادىر ئۈلگىلىرى مۇجەسسەملەنگەن.

قەشقەر ئېلىمىزدىكى مۇھىم تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر، تارىخىي مەدەنىيەتلىك كوچا مەھەللىلەر بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە بۇ شەھەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە جەريانىنى خاتىرىلىگەن. تارىخىي مەدەنىيەتلىك كوچا مەھەللىلەر قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تومۇرىنىڭ مۇھىم كارتىنىسى بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان جەلپكار مەنزىرىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. نۆۋەتتە قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەر شەھەرنىڭ كونىشەھەر رايونىنى (تارىخىي كوچا مەھەللىلەرنى) ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارماقتا. قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىي كوچا مەھەللىلىرىنى قانداق قوغداش، قانداق ئۆزگەرتىش (ئېچىش) بۇندىن كېيىنكى كونىشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىدىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمىغا ئايلاندى. بۇ تەتقىقات تېمىسى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەنە شۇ خىل

ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان ئاساستا تاللاندى ۋە قانات يايدۇرۇلدى.

## 2. كونىشەھەر رايونىنىڭ ھازىرقى ھالىتى

كونىشەھەر رايونىنىڭ ھازىرغىچە مۇكەممەل ساقلانغان كوچا مەھەللىلىرى ئاساسلىق تۈمەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان شەھەرنىڭ غەربىي قىسمى بولۇپ، چاسا رايونى ۋە ئۆستەڭ بويى رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەھەرنىڭ ئاساسىي گەۋدە قىسمىدۇر. قەشقەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نوپۇسنىڭ زىچلىقى يۇقىرى بولغان شەھەرلەرنىڭ بىرى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، قەشقەر شەھىرىدە 2008 ـ يىلى ھەر كىۋادرات كىلومېتىر يەرگە 793 كىشى توغرا كەلگەن. بۇنىسبەت ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەرلەر ئارىسىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. قەشقەر شەھەرلىك كونىشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشكە رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا قەشقەر كونىشەھەر رايونىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ئاران 8.32 كىۋادرات كىلومېتىر بولسىمۇ، بىراق كونىشەھەر رايونىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي نوپۇسى 221 مىڭ بولۇپ ھەر كىۋادرات كىلومېتىر يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 26 مىڭ 450 كىشى توغرا كەلگەن④. قەشقەر كونىشەھەر رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تارقىلىشى ناھايىتى تەكشىسىز بولۇپ، پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئۆستەڭ بويى، چاسا، ياۋاغ، قۇم دەرۋازا قاتارلىق تۆت كوچا باشقارما دائىرىسىگە تارقالغان. بۇ رايوندا 20 دىن ئارتۇق ئەنئەنىۋى كوچا ـ يول ساقلانغان بولۇپ، نۆۋەتتە ئېلىمىزدىكى بىردىنبىر ئىنتايىن مۇكەممەل ساقلانغان، ئىسلام مەدەنىيىتى تۈسىنى ئالغان سىرلىق ئوردا شەكلىدىكى شەھەر كوچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. كوچىلار ئۇزۇن ـ توغرىسىغا بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ، ئۆزگىچە ئىمارەت بىناكارلىق ھۈنەر ـ سەنئەتلىرى ئارقىلىق كوچا قىياپىتى ۋە قۇرۇلۇشلارنى جانلىق بىر مەنزىرىگە ئايلاندۇرغان. ھېيتگاھ چوڭ جامەسىنى مەركەز قىلغان ھالدا خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك ھەر تەرەپكە سوزۇلغان ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى ياغاچ كېسەك ـ خىش قۇرۇلمىلىق ۋە ياغاچ پىششىق خىش قۇرۇلمىلىق قىلىپ ياسالغان⑤. ياغاچ پىششىق خىش قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر ئاساسەن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئەسلىدىكى كونا ئۆيلەر ئورنىغا سېلىنغان. ياغاچ كېسەك ـ خىش قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر 100 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ، قىسمەن ئۆيلەرنىڭ سېلىنغىنىغا 360 يىلدىن ئاشقان. كونىشەھەر رايونىدىكى نۇرغۇن كوچىلار شۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان كەسپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: زەرگەر بازىرى (ئالتۇندىن زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇمى ياساپ ساتىدىغانلار)، تاغارچى كوچا (تاغار ـ خورجۇن توقۇپ ساتىدىغانلار)، قازانچى يار بېشى (قازان ياساپ ساتىدىغان يار بېشىدىقلار)، بورىچى كوچا (بورا توقۇپ ساتىدىغانلار)، باغچى كوچا (باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار)، كۆزچى يار بېشى (كۇلالچىلىق بۇيۇملىرىنى ياساپ ساتقۇچى يار بېشىدىقلار)، چەكمەنچى كوچىسى (چەكمەن توقۇپ ساتقۇچىلار، كىيىم تىكىدىغانلار — بۇرۇن كىيىم ئاساسەن چەكمەندىن تىكىلەتتى)، تاش بازىرى (تۈگمەن تېشى ياساپ ساتقۇچىلار)، كەتمەن بازىرى (كەكە، كەتمەن ياساپ ساتقۇچىلار)، خام بازىرى (ماتا توقۇپ ساتىدىغانلار) قاتارلىقلار. مۇشۇلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئوششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان جايلارنى ھەم ئىشلەپچىقىرىش ھەم سېتىپ چىقىرىش سورۇنىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش بىر گەۋدە قىلىنغان، ئوخشاش بولمىغان كەسپى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان كوچا ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۇرگەن.

قەشقەر شەھىرىنىڭ كونىشەھەر رايونىدىكى تارىخىي كوچا ـ مەھەللىلەر قەدىمكى دەۋر غەربىي يۇرت شەھەرلىرىنىڭ جانلىق كارتىنىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر شەھىرىدىكى دۆلەت، ئاپتونوم رايون، شەھەر دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان تارىخىي مەدەنىيەت ئىزلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن 20 دىن ئارتۇق ئورۇننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كونىشەھەر رايونىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇشلىرىمۇ كونا شەھەر رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دېگۈدەك كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھىم قوغدىلىدىغان ئوبيېكت.

## 3. كونىشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشنىڭ تەخىرسىزلىكى

گەرچە بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك كونىشەھەر رايونىدىكى تارىخىي كوچا مەھەللىلەرنى قوغداش، قەدىمكى دەۋر غەربىي يۇرت شەھەر تارىخىي مەدەنىيىتى، جۈملىدىن بىناكارلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن نۆۋەتتىكى رېئال ئەھۋال كونىشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش ئىشىنىڭ خەلق كۆڭلىگە ياقىدىغان ئەل رايى قۇرۇلۇشى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ جانلىق دەلىللەپ، ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ تەخىرسىزلىكىنى كەڭ جامائەتچىلىككە نامايان قىلماقتا. شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش

كېرەككى، بۇ يەردىكى ئۆزگەرتىش يالغۇز كونىنى چېقىپ ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭىنى سېلىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كونىشەھەر رايونىدىكى 210 مىڭ خەلقنىڭ ھايات ـ ماماتىغا، ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا ئۆزگەرتىش (ئېچىش) ئىچىدە قوغداش، قوغداش ئىچىدە ئۆزگەرتىش (ئېچىش)نى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا قەشقەر شەھىرىنىڭ كونىشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش ئىشىغا مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن تارتىپ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك تارماقلارغىچە تولىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ، 2008 ـ يىلىدىن باشلاپ مەركەز مالىيەسىدىن جەمئىي ئۈچ مىليارد يۈەن ئاجرىتىپ، بۇ خەلق رايى قوزغۇلۇشنى ئۇچقۇشلۇق قانات يايدۇرماقتا. دۆلىتىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى سىياسىتى يالغۇز قەشقەر شەھەر خەلقىنى خۇشال قىلىپلا قالماستىن بەلكى ب د ت نىڭ قەشقەرگە تەكشۈرۈشكە كەلگەن خادىملىرى تەرىپىدىنمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، دۇنيادىكى باشقا ئەللەرگىمۇ — «جۇڭگو خەلقى ھەقىقەتەن كەڭ خەلققە مەسئۇل بولغان ھالدا ئادەمنى ئاساس قىلىپ، نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپتۇ، باشقا ئەللەرنىڭمۇ ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆرنەك قىلىشىغا ئەرزىيدۇ»⑥ دەپ تونۇشتۇرۇلدى.

قەشقەر شەھىرى كونىشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشنىڭ تەخىرسىزلىكى مەسىلىسىگە كەلسەك، يېرىم ئەسىرگە يېقىن قەشقەر شەھىرىدە ياشاۋاتقان شەھەر پۇقراسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، جۈملىدىن ئۆز كۆزۈمىز بىلەن كۆرۈپ كېلىۋاتقان كونىشەھەر رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدىن چۈشەندۈرسەكلا كۇپايە قىلىدۇ دەپ قارايمىز.

بىرىنچى، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۆيلەرنىڭ ياغاچ كېسەك ـ خىش قۇرۇلمىلىق ھەم ئىنتايىن زىچ بولۇشى. كونىشەھەر رايونىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۆيلەر ياغاچ كېسەك ـ خىش قۇرۇلمىلىقلا بولۇپ قالماي، قۇرۇلمىسى ئاددىي، كۆپ قىسىم ئۆيلەر تولىمۇ كونىراپ كەتكەن، تۇرالغۇ ئۆيلەر ناھايىتى زىچ، ئۆيلەر بىلەن ئۆيلەر، تاملار بىلەن تاملار، ئۆگزىلەر بىلەن ئۆگزىلەر بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ گىرەلىشىپ كەتكەن، ئازراقمۇ بوشلۇق يوق.

ئىككىنچى، كونىشەھەر رايونىنىڭ كوچا يوللىرى تار. كونىشەھەر رايونىدىكى ئاھالىنىڭ 95% تىن كۆپرەكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان. گەرچە كونىشەھەر رايونىغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مەدەنىيىتى، بىناكارلىق ۋە بېزەكچىلىك مەدەنىيىتى مۇجەسسەملەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئولتۇراق ئۆيلەر ناھايىتى كونا، يوللىرى ناھايىتى تار، كوچىلارنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى ئالتە مېتىر، تار يېرى ئاران 1.5 مېتىر (بۇنداق جايلار % 70 تىن كۆپرەك جاينى ئىگىلەيدۇ) بولۇپ، قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ قاتنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى تاسادىپىي يەر تەۋرەش ئاپىتى، ئوت ئاپىتى قاتارلىق ئادەتتە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلسە جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى قاتارلىقلارنىڭ بۇ كوچىلارغا كىرىپ مەشغۇلات قىلىش مۇمكىنچىلىكى يوق. كوچا يوللىرى تار ھەم كۆپ قىسىم جايلىرى پەلەمپەيسىمان بولغاچقا ئاھالىلەرنىڭ يول يۈرۈشى، نەرسە كېرەك توشۇشى ئىنتايىن قىيىن.

ئۈچىنچى، قۇرۇلۇشلارنىڭ ئاستى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، «لەخمىنى چوڭقۇر كولاش» ئىستراتېگىيەسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، كونىشەھەر رايونىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا ئاكوپ ۋە ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىيەلىنىش لەخمىلىرى كولانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئاكوپنىڭ ئۇزۇنلۇقى 35.95 كىلومېتىر كېلىدۇ. شۇڭا يوشۇرۇن خەۋپ نىسبەتەن ئېغىر، كۆپ قىسىم كوچىلارنىڭ يول يۈزى ۋە بەزى ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ھەتتا بەزى ئۆيلەردە ئادەم ئولتۇرۇشقا مۇمكىن بولماي قالغان.

تۆتىنچى، ئاممىۋى تازىلىققا كاپالەتلىك قىلىش قىيىن. كونىشەھەر رايونىدا نوپۇس كۆپ، زىچ ئولتۇراقلاشقان، كوچا يوللىرى تار، يېڭى ـ كونا قۇرۇلۇشلار گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، شەھەر مەمۇرىي قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى ئىنتايىن قالاق. قەشقەر شەھىرى قۇرۇلغان يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان⑦ گەرچە بەزى بىر شەھەر مەمۇرىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىش قىيىن بولۇپ كەلدى. نۆۋەتتە كونىشەھەر رايونىدا يېشىللاشتۇرۇلغان ئاممىۋى مەيدان يوق، ئاممىۋى ھاجەتخانا ئىنتايىن ئاز. بۇ جايدىكى مۇتلەق كۆپ ئائىلە ئۆز ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە ئاددىي ھاجەتخانىلارنى ياساۋالغان بولۇپ، ھاجەتخانىلار كېرەكسىز سۇ يوللىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇلمىغاچقا تازىلىقى ناچار. ئىچىملىك سۇ تۇرۇبىلىرى يەر ئاستىغا ئەمەس بەلكى كوچا بويلاپ ئۆينىڭ تاملىرىغا ئارتىلغان، سۇ تۇرۇبىسى ئوچۇقچىلىقتا بولغاچقا قىش كۈنلىرى مۇزلاپ يېرىلىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. يامغۇر، قار سۈيى، پاسكىنا سۇلار چىقىپ كېتىدىغان ئەۋرەز يوللىرى راۋان ئەمەس. كېرەكسىز سۇنىڭ توسۇلۇپ قېلىش، تېشىپ كېتىش ئەھۋاللىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ئاممىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش مۇھىتىغا ئىنتايىن زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلمەكتە.

بەشىنچى، يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ يوشۇرۇن خەۋپى ئىنتايىن ئېغىر. قەشقەر شەھىرى دۇنيادىكى جۈملىدىن

ئاسىيادىكى يەر تەۋرەش كۆپ يۈز بېرىدىغان بەلۋاغقا جايلاشقان. شۇڭا يەر تەۋرەش يوشۇرۇن ئاپىتىنىڭ تەھدىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. يېقىنقى 100 يىللىق تارىختا نەزەر سالىدىغان بولساق، 1902 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ھازىرقى ئاتۇش شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدا 8.3 بال كۈچلۈك يەر تەۋرەپ قەشقەر شەھىرىنىڭ تەۋرەش كۈچىنىشى توققۇز بالغا يېتىپ (كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى بايانىدىن قارىغاندا شۇ ۋاقىتتا ئېگىز سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ ئۇچى يەرگە تېگىپ، يەرلەر بىرقانچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا يېرىلىپ كەتكەن ئىكەن) 500 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ، %90 ئۆي ئۆرۈلۈپ، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ بىر مۇنارىنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كىشىلەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن⑧ (ھازىرقى ئۆيلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتىن كېيىن سېلىنغان بولۇپ، سېلىنغىنىغا 100 يىلدىن ئېشىپ كونىراپ كەتتى)؛ 1985 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا 7.4 بال كۈچلۈك يەر تەۋرەپ، شەھەر رايونىنىڭ تەۋرەش كۈچىنىشى ئالتە بالغا يېتىپ خېلى كۆپ تۇرالغۇ ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەتكەن. نۇرغۇن بىنالارغا چاك كېتىپ خەتەرلىك ئۆيلەرگە ئايلانغان. 1985 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىدىن ئۇلۇغچات ناھىيەسىگىچە بولغان تەۋرەنمە بەلۋاغدا 6.9 بال يەر تەۋرەپ قەشقەر شەھىرىدە كۈچلۈك سېزىلما تەۋرىنىشنى پەيدا قىلغان. ۋىلايەتلىك بىرىنچى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ سۇ توسمىسى 70 سانتىمېتىر ئولتۇرۇشۇپ ئەسلىھەلەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، 30 ئادەم يېنىك دەرىجىدە، 17 ئادەم ئېغىر دەرىجىدە يارىلانغان، ئۈچ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن⑨. 1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى پەيزىۋات ناھىيەسىدە 6.9 بال كۈچلۈك يەر تەۋرىگەن، 10 ئايدىن كېيىن 1997 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 1998 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە 19 ئايغا سوزۇلغان يەر تەۋرەش يۈز بېرىپ ئىلگىرى - كېيىن ئالتە بالدىن يۇقىرى توققۇز قېتىم، ئوتتۇرا - كىچىك دەرىجىدىكى يەر تەۋرەش 10 مىڭ قېتىمدىن ئېشىپ، قەشقەر شەھىرىدىمۇ كۈچلۈك تەۋرىنىش بولۇپ، كونىشەھەر رايونىدىكى ئاز بولمىغان ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، شەھەر خەلقىگە كۆپلىگەن ئىقتىسادىي زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى. دۆلەت يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش باش ئىدارىسىنىڭ تارىخىي ئاپەت ئەھۋالى ۋە كەلگۈسى يەر تەۋرەشنى ئانالىز قىلىشتىن چىقارغان يەكۈنىگە ئاساسلانغاندا، ئەگەر قەشقەر شەھىرىدە نۆۋەتتە يەتتە بال ئۆپچۆرىسىدە يەر تەۋرەپلا قالسا كونىشەھەر رايونىدىكى ھازىرقى قۇرۇلۇشلاردىن 150 مىڭ كۋادرات مېتىرى ئۆرۈلۈپ، 500 مىڭ كۋادرات مېتىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئۆلگەن، يارىلانغانلارنىڭ سانى 10 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ، ئىقتىسادىي زىياننى مۆلچەرلەش قىيىن بولىدىكەن. شۇڭا يۇقىرىقىدەك ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەندىكى رەھبەرلەر شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر قەشقەر شەھىرىنىڭ كونىشەھەر رايونىنىڭ يەر تەۋرەشكە قارشى تۇرۇپ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، كونىشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشتەك ئەل رايى قۇرۇلۇشىنى جىددىي ئېلىپ بارماقتا.

**4. مەزكۇر تېمىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى**

قەشقەر شەھىرى 1984 - يىلى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان چېگرا سىرتىغا ئېچىۋېتىلگەن شەھەر، 1986 - يىلى ئېلان قىلغان تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر. ئۇ تارىختا «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» دېگەن گۈزەل نام بىلەن مەشھۇر. نۆۋەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ئادەمنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ كونىشەھەر رايونىدىكى 221 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، كونىشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش ۋە يەر تەۋرەشكە چىداملىق قىلىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى باشلىدى. بۇنىدىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە قوغداش ئىچىدە ئۆزگەرتىش (ئېچىش)، ئۆزگەرتىش (ئېچىش) ئىچىدە قوغداشتۇر. بولۇپمۇ نېمىنى قوغداش، قانداق قوغداش، نېمىنى ئۆزگەرتىش (ئېچىش) نۆۋەتتە بىز ئەھمىيەت بېرىشكە، تېپىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ھالقىلىق مەسىلە. مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، «قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىي كوچا مەھەللىلىرىنى قوغداش ۋە ئېچىش توغرىسىدا» دېگەن بۇ تېمىنى (پەن تەتقىقات تۈرىنى) يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىپ، تۈر تۇرغۇزۇش ئارقىلىق، دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى لايىق تاپتۇق. بۇ تېمىنى تەتقىق قىلىش چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە:

بىرىنچى، تارىخىي كوچا مەھەللىلەرنى قوغداش ۋە ئېچىش تارىخىي مەدەنىيەت قىياپىتىگە ۋارىسلىق قىلىش شۇنداقلا چېگرا رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا زور ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككىنچى، قەشقەر شەھىرىنىڭ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سىرتقا تەشۋىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە زور سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ تېمىنى تەتقىق قىلىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇنداق بېكىتتۇق.

1) قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلغاندا مۇھىم نۇقتىنى شەھەر گورنىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىگە مەركەزلەشتۈرۈش. بۇ نۇقتىدا تەپسىلىي ئىسپاتلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، نۆۋەتتە جەمئىيەتتە تارقىلىپ يۈرگەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بەزى قاراشلارنى ئېنىق ئايرىپ چىقىش. مەسىلەن: شەھەرنىڭ كونىشەھەر رايونىدىكى تۈرلۈك يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ھەر تەرەپلىمە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىرقەدەر توغرا، كۆپ سانلىق كىشىلەر قۇۋۋەتلەيدىغان (قوشۇلىدىغان) قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇش؛ قەشقەرنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى مەزگىلىدىكى مەركىزىي بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىگە قارىتا يازما ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، تەتقىقات دوكلاتىدا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە نورمال بولغان تەھلىل ۋە تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىش.

2) مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مىراس تۈسىگە ئىگە تارىخىي كوچا مەھەللىلەرنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ بايان قىلىش. قەشقەر شەھىرى چېگرا رايونىدىكى تارىخى ئۇزۇن شەھەر. ئۇ تارىختا بىرقانچە يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولغان. يىپەك يولىنىڭ جەنۇب، شىمال، ئوتتۇرا يول بۆلىكىنىڭ غەربىي يول قىسمىنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىسى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەرب ئەللىرى، جۈملىدىن غەربىي يۇرتنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ شەھەر قىياپىتى ئۆزگىچە، قويۇق يەرلىك مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا 1986 ـ يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر» دەپ نام بېرىلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ قەشقەر شەھىرىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا تەرەققىيات سۈرئىتى يەنىلا بىرقەدەر ئاستا، شەھەر تەرەققىياتى بىلەن ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشنى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا قوغداش بىلەن ئېچىشنى قانداق قىلغاندا ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىشىغا ۋە تەتقىق قىلىشىغا ئەرزىيدىغان مۇھىم تېما.

3) قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى يەنى ئۇنىڭ قەشقەر رايونى، شۇنداقلا پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈش. قەشقەر قەدىمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلىشتىكى قاتناش چوڭ تومۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى يالتىراپ تۇرغان مەرۋايىتقا ئوخشاش جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغان ئىدى. قەدىمكى قەشقەر ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى تۈرلۈك تاۋار مەھسۇلاتلىرى توپلىنىدىغان، تارقىلىدىغان ۋە باشقا جايلارغا يۆتكەپ توشۇلىدىغان، سېتىلىدىغان مۇھىم بېكەت بولۇپ، كۆپ خىل مەدەنىيەت ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان جاي ئىدى. ئۇ ماددىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى يارقىن نۇقتا بولۇپ، كونىشەھەردىكى خارابە ئىزلىرىنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك ساپال بۇيۇملار ۋە ئۇلارنىڭ پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ يەردىن قەدىمكى پۇللار، مىس قوراللار، تۆمۈر قوراللار، قاش تېشى بۇيۇملىرى، مېتال پۇل، ئالتۇن مۆھۈر شۇنداقلا ئۈنچە مەرۋايىتتىن ياسالغان زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى قېزىۋېلىندى. بۇ تەتقىقات تۈرىمىزدە قەدىمكى مېتال پۇل ياساش ۋە مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ تارقىلىشى، پىلە غوزىسى ئۇرۇقىنىڭ غەربىي يۇرتقا تارقىلىشى، توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشى، كېۋەز تېرىش، شاراب ئېچىتىش ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئومۇملىشىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يەنىمۇ بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىنىدۇ.

4) مىللىي ئالاھىدىلىككە ئەھمىيەت بېرىش تارىخىي كوچا مەھەللىلەرنى قوغداش ۋە ئېچىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەرلەر ئىچىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ ھازىرغىچە ساقلانغان داڭلىق قەدىمىي ئىزلىرى بىرقەدەر كۆپ. مەسىلەن: ئاپئاق خوجا مازىرى، ئەسكى شەھەر قەدىمىي خارابىسى، ئۈچ مىرۋان بۇددا ئۆڭكۈرى، يار بېشىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەر (高台民居)، ھېيتگاھ جامەسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەرىسى، ئىسلام شەكلىدىكى چوڭ تىپتىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇش — ئىپارخان قەبرىسى قاتارلىقلار. قەشقەر شەھىرىنىڭ كونىشەھەر رايونىغا يەرلىك بىناكارلىق، ئىسلام بىناكارلىقى، ياۋروپا بىناكارلىقىنى بىر گەۋدە قىلغان ئۇيغۇر بىناكارلىقى مەركەزلەشكەن. بۇنداق قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قەدىمىي ئىزلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇشلۇق بولغان بۇ قەدىمىي شەھەرنى قايتىدىن پۈتۈن مەملىكەت جۈملىدىن پۈتۈن دۇنياغا نامايان قىلىپ ئۇنىڭ ھۆسنىگە سۆدىن قوشىدۇ.

5) قەشقەر شەھىرىنى سىرتقا قارىتا تەشۋىق قىلىشتا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىنى ياخشى ئىگىلەش ھەمدە ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. جۇڭگو دۇنيادىكى مەشھۇر قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەت، شۇنداقلا دۇنيادىكى دەسلەپكى شەھەر بەرپا بولغان ئالتە بەلۋاغنىڭ بىرى. جۇڭگو شەھەرلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ يالغۇز جۇڭگونىڭ شەھەرلىشىش مۇساپىسىنى مۇكەممەل چۈشىنىشكە

ياردىمى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە جۇڭگونىڭ شەھەر سىستېمىسى، شەھەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى قاتارلىق تەرەپلەرنى تەتقىق قىلىشقىمۇ زور ياردىمى بولىدۇ.

پۈتۈن مەملىكەت يەر مەيدانىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان شىنجاڭنىڭ ھازىرقى نوپۇسى پەقەت 21 مىليون ئەتراپىدا، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا بىرقەدەر ئاستا. ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىرقەدەر ياخشى بولغان رايونىمىزنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئالساق، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي قىممىتى شەرقىي قىسىم دېڭىز بويى رايونىدىكى بىر ناھىيە بازىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي قىممىتىگە تەڭ كېلىدۇ. بۇ مال ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان بىر تۈركۈم مەركىزىي شەھەرلەرنى بەرپا قىلىپ، بۇ خىل مەركىزىي شەھەرلەر ئارقىلىق پۈتكۈل شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەخىرسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە. بۇنداق ئەھۋالغا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەڭ ماس كېلىدىغان شەھەر قەشقەر شەھىرىدۇر. چۈنكى قەشقەر ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، مىللىي ئالاھىدىلىك قويۇق، ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا مەدەنىيىتى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن قەدىمىي شەھەر. ئۇ شىنجاڭنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇزېيى، قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىي كوچا مەھەللىلىرىنى قوغداش ۋە ئېچىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىك، ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىك، شۇنداقلا پۈتكۈل شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قارىتا ئىنتايىن زور ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىك بولىدۇ.

6) پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، گوۋۇيۈەننىڭ سىياسىتىدىن ياخشى پايدىلىنىش قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىي كوچا مەھەللىلىرىنى قوغداش ۋە ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ كاپالىتى. 2007 ـ يىلى گوۋۇيۈەن شىنجاڭ بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا قارىتا 32 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چىقىرىپ، بىزگە يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. بۇ ھۆججەتتە خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىش، شەھەرنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، كونىشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىقلار مەخسۇس تىلغا ئېلىنىدى. يېقىندا مەركەز يەنە شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان 19 ئۆلكە، شەھەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى قاتناشقان «ساھەلەر بويىچە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش سۆھبەت يىغىنى»نى ئېچىپ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شېنجېن شەھىرىنى مەخسۇس قەشقەر شەھىرىگە ياردەم بېرىدىغان شەھەر قىلىپ بېكىتتى، ھەمدە شېنجېن شەھىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى 2010 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە بۇ توغرىلىق قەشقەر شەھىرىدە مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

قەشقەر شەھىرىنىڭ كونىشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ شىنجاڭ بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى غايەت زور دەرىجىدە قوللىغانلىقى ۋە غەمخورلۇق قىلغانلىقى بولۇپ، بۇ كونىشەھەر رايونىدىكى 221 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك زور قۇرۇلۇش. دۆلەتنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن قىلىپ بېرىدىغان يەنە بىر تۈرلۈك ئەمەلىي ئىشى، شۇنداقلا ئىنتايىن جىددىي بولغان، قىلچىمۇ كېچىكتۈرۈشكە، بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدىغان مۇھىم خىزمەت. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەتلەر ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش يۈكسەكلىكىدىن چىقىپ، كونىشەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىملىقى، تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ، پۈتۈن كۈچنى سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ قۇرۇلۇشنى تېزدىن ئېلىپ بېرىشى، ئۆزگەرتىلىدىغان جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆيلەرنى چېقىش، قايتا قۇرۇشنى يەر تەۋرەشكە چىداملىق قىلىپ لايىھەلەپ، مۇھىتنى ئاسراپ شەھەرنى يېشىللاشتۇرۇش بىلەن يېشىللاشتۇرۇش پىلانىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى لازىم.

ئومۇملاشتۇرغاندا، ھازىرقى زامان شەھەرلىرى قويۇق زامانىۋى تۈسكە ئىگە. ئەمما قەشقەر شەھىرىدەك تارىخىي كوچا مەھەللىلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئوتتۇرا ئەسىر تۈسىدىكى شەھەر ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. شۇڭا تارىخىي مەدەنىيەتلىك ئەسلىي قىياپىتىنى ساقلاش ۋە ۋارىسلىق قىلىش ساياھەتچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ماس ھالدىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى روشەن ئەۋج ئالدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىي كوچا مەھەللىلىرىنى قوغداش ۋە ئېچىش خىزمىتىنى ماس ھالدا ئېلىپ بېرىپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئالدىراڭغۇلۇقتىن، قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈشتىن قەتئىي ساقلىنىپ، «قوغداش ئىچىدە ئېچىش، ئېچىش ئىچىدە قوغداش» پرىنسىپىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى پۈتۈن دۇنياغا ھەر ۋاقىت نامايان قىلىش لازىم. مانا بۇ بىزنىڭ بۇ تېمىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە يەتمەكچى بولغان نىشانىمىز. بۇندىن كېيىن يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ

ئۆتكەن تەتقىقات ئۇسۇللىرى ئاساسىدا بۇ ھەقتىكى (بۆلەكلەرگە) بۆلۈپ، داۋاملىق كىتابخانىلارغا سۇنۇشقا تەتقىقاتىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قەدەم باسقۇچقا تىرىشىمىز.

## ئىزاھلار:

① سۇلى — قەشقەرنىڭ خەن دەۋرىدىكى نامى.

② «ئەنشىدىكى تۆت شەھەر» — ئەنشىدىكى تۆت قورغان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى تەسىس قىلغان ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق تۆت ھەربىي قورغاننى يەنى ئەينى ۋاقىتتىكى كۇسەن (كۇچا)، كىنگىت (قارا شەھەر)، سۇلى (قەشقەر)، ئودۇن (خوتەن) نى كۆرسىتىدۇ.

③ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسى تۈزگەن «شىنجاڭ ئىستاتىستىكا يىلنامىسى»، جۇڭگو ئىستاتىستىكا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2008 ـ يىلى نەشرى.

④ قەشقەر شەھەرنىڭ ھۆكۈمەت تور بېكىتى: 2009 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان. تور بېكەت ئادرېسى: http://www.xjks.gov.cn\item\426.aspx

⑤ ياڭ ياۋپىڭ، شې تىڭ: « ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نۇقتىلىق بولغان مەدەنىيەت ساياھەت جايلىرىنى ئېچىش ۋە قوغداش»، «قۇرغاق رايونلار جۇغراپىيەسى»، 2001 ـ يىللىق 4 ـ سان.

⑥ 2009 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ب د ت مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى، مەدەنىي مىراسلارنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى كابىسى خانىم باشچىلىقىدىكى ئۈچ كىشى قەشقەر شەھىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، كونا شەھەر رايونىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر بىلەن كەڭ دائىرىلىك يۈز تۇرانە سۆزلەشتى. ئۇ ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدا كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى.

⑦ 1952 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرى ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر قىلىپ ئېلان قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىدە شەھەر نامى بىلەن ئاتالغان جاي پەقەت ئۈچ بولۇپ، بۇلار ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر شەھىرى، غۇلجا شەھىرى ئىدى.

⑧⑨ قەشقەر تەزكىرىسىنى تۈزۈش كومىتېتى تۈزگەن «قەشقەر شەھىرى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2002 ـ يىلى نەشرى.

## پايدىلانمىلار

1. ئابدۇكېرىم رەخمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ئەزىزانە قەشقەر» (1)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2009 ـ يىلى نەشرى.

2. جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قەشقەر شەھەرلىك تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىش ھەيئىتى تۈزگەن «قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» بىرىنچى توپلام، 1986 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قەشقەر گېزىتى مەتبەسىدە بېسىلغان (ئىچكى ماتېرىيال).

3. «قۇرغاق رايونلار جۇغراپىيەسى»، 2009 ـ يىللىق 2 ـ سان.

4. يولۋاس مۇھەممەتئىمىن: «ئۈستى ئوچۇق مۇزېي قەشقەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر، 2007 ـ يىلى نەشرى.

5. «قەشقەر» مەجمۇئەسىنى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى قەشقەر» بىرىنچى قىسىم، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر، 2009 ـ يىلى نەشرى.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ماقالە نومۇرى: 1005—5878(2010)04—050—05

# شەھەرلىشىش تەرەققىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان تەسىرى توغرىسىدا*

گۈلزەپەر مۇھەممەت
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** شەھەرلىشىش ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كېلىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان ئىجتىمائىي ھادىسە. بۇ ماقالىدە، دۆلىتىمىزدە شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ پىلاندىن تېز بولۇشى، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش، بويسۇندۇرۇش، بايلىقلارنى قېزىش، ئۈنۈمدىن پايدىلىنىشنىڭ بەزىدە قارىغۇلارچە ئېلىپ بېرىلىشى قاتارلىق تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلماسلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بىر قاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە نۆۋەتتىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن ياتلىشىش ھادىسىلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要**：城市化是产生于人类社会发展的过程而又不断发展的社会现象。本文试就我区由于超计划加快城市化步伐，盲目地改造、降服自然，开采、利用资源，不尊重发展规律等原因造成的社会问题和传统文化的异化现象做一初步探索。

**Abstract**: Urbanization appeared in the process of human development. It is an unceasing developing social phenomenon. In this paper, the author make a desk study of the social problems resulting from speeding up the pace of urbanization, blindly transformation, conquering the nature, exploring and abusing the resources, and regardless of the law of development , and the alienation of traditional culture.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F124 ماتېرىيال بەلگىسى: A

شەھەرلىشىش — مەلۇم دۆلەت، مەلۇم رايون، مەلۇم شەھەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى. شەھەرلىشىش ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كېلىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، مەلۇم ئورۇننىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۆزگىرىش جەريانلىرىدىن كېيىن تەرەققىي قىلىپ كۆلىمى غايەت زور، قۇرۇلۇشلىرى ھەيۋەت ھەم ھەشەمەتلىك، كۆپلىگەن ئادەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان قايناق ساھەگە ئايلىنىپ، تەبىئىي ھالدا سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھەر خىل ئۇرپ ـ ئادەتلەر مۇجەسسەملەنگەن مەركەزگە ئايلىنىشى جەريانىدىن ئىبارەت.

شەھەر دېگەن ئاتالغۇ بىزگە پارسچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولۇپ، تارىخىي خاتىرىلەردە «بالىق» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئەرەب تىلىدا مەدەنىيەتلىك، مەدەنىيەت بازىسى دېگەن مەنىنى، خەنزۇچە خەت شەكلى

---

* بۇ ماقالە 2009 ـ يىل 12 ـ ئايدا تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: گۈلزەپەر مەھەممەت (1959 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاقسۇدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئاياللار جەمئىيەتشۇناسلىقى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بويىچە قەلئە ئىچىدىكى بازار دېگەن مەنىنى، ئېنگلىز تىلىدىمۇ ئوخشاشلا مەدەنىيەت، مەدەنىيەتلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## 1. شەھەرلىشىشنىڭ تەرەققىيات تارىخى

ئىنسانلارنىڭ شەھەرلىشىش تەرەققىيات تارىخىنى بىرقانچە باسقۇچقا بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ:

**(1) قۇلدارلىق جەمئىيىتىدىكى شەھەرلىشىش**

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى قۇلدارلىق جەمئىيىتىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن خۇسۇسىي مۈلۈك كۆپىيىپ، سىنىپ ۋە تەبىقە تەبىئىي ئايرىلىشقا باشلىغان. قۇلدارلىق جەمئىيىتى ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە قارىغاندا روشەن ئىلغارلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن مۈلۈك ئىگىلەش مىقدارىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە ئاساسەن، بۇ جەمئىيەتتە ئىككى قۇتۇپ ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن، يەنى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئاق سۆڭەكلەر (قۇلدارلار) بىلەن يەر ـ زېمىن، مال ـ مۈلۈكلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان، قۇلدارلارغا بېقىنىپ ياشايدىغان قۇللاردىن ئىبارەت.

قولدارلار تەبىئىي ھالدا قۇللارنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ، زېمىنلارنى ئىگىلەپ ماددىي مەدەنىيەتتىن باشقا مەنىۋى مەدەنىيەتكە بېرىلگەن. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەدەنىيەتتىن مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئۆتۈشى شەھەرلىشىش ھادىسىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شەھەر غەيرىي يېزا ئىگىلىك كەسىپلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ساھەدۇر، شەھەر دېگەندە ئادەتتە ئەقىل ـ پاراسەتكە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارىدىغان، رىقابەت، توقۇنۇش، غەيرەت ـ شىجائەت مۇجەسسەملەنگەن، ھەر خىل كەسىپلەر توپلانغان ئورۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**(2) فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى شەھەرلىشىش**

جۇڭگودا فېئوداللىق جەمئىيەت ئەڭ ئۇزۇن داۋام قىلغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، بازارلار كېڭەيگەن، سودا تىجارەت ئۇچقاندەك جانلانغان. سودىگەرلەر ساتىدىغان مال تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىشىشى، مەخسۇسلىشىشى، سېتىش بازارلىرىنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە، سودا ـ تىجارەت بارا ـ بارا رايون خاراكتېرلىك كەسىپكە ئايلانغان. فېئودال ـ پومىشچىكلار سودا پائالىيىتىنى نەپ ئېلىشنىڭ بىردىنبىر يولى دەپ قاراپ، سودا ئىشلىرىغا كۆپلەپ مەبلەغ سالغانلىقتىن دۇكان، سودا رەستىلىرى ئۇچقاندەك كېڭىيىپ، شەھەر ـ بازارلار ئاۋاتلىشىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىپ شەھەرلىشىشنىڭ دەسلەپكى گۈللەنگەن دەۋرى شەكىللەنگەن.

**(3) كاپىتالىزم دەۋرىدىكى شەھەرلىشىش**

كاپىتالىزم دەۋرى شەھەرلىشىش ئەڭ تېز تەرەققىي قىلغان دەۋر بولدى. بۇ دەۋردە يېزىلاردىكى يەرسىز قالغان دېھقانلار شەھەرلەرگە توپلىشىپ، ھەرقايسى زاۋۇت، كان ـ كارخانىلاردا ياللىنىپ ئىشلەش ئارقىلىق، ئەرزان ئەمگەك كۈچى بازارلىرىنى كېڭەيتتى، نەتىجىدە شەھەر نوپۇسى تېز سۈرئەتتە ئېشىپ، ئىشلەپچىقىرىش تۈرى كۆپ خىللاشتى، مىليونلىغان ئادەم توپلاشقان شەھەرلەر نەچچە مىڭغا يەتتى. مانا بۇلار كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ تېز راۋاجلىنىشىنى ئەرزان ئەمگەك كۈچى بازىرى بىلەن تەمىنلەشتىن باشقا كەڭ سېتىش ۋە سېتىۋېلىش بازارلىرىنى ھازىرلاپ، كاپىتالىستلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇردى. بۇ دەۋردە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇن داڭلىق شەھەرلەر مەيدانغا كەلدى.

**(4) بۈگۈنكى دەۋردىكى شەھەرلىشىش**

بۈگۈنكى دەۋردىكى شەھەرلىشىش ئاساسەن سانائەتلىشىش، زامانىۋىلىشىش، مەركەزلىشىش، كۆپ خىللىشىش، ئۇچۇرلىشىش، يەرشارلىشىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن يېڭىچە شەھەرلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ شەھەرلەردە ئۈچىنچى كەسىپ تېز تەرەققىي قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش دائىرىسى كېڭەيدى. يېزىلاردا يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ كاپىتاللىشىپ كەڭ شەھەر بازارلىرىغا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، يېزا ئاھالىلىرى ئۆزلىرىنىڭ چىقىش يولىنى شەھەرلەردىن ئىزدەشكە باشلىدى. نەتىجىدە شەھەر ئاھالىسى تېز كۆپىيىپ، شەھەرلىشىشنىڭ تەرەققىيات قەدىمى تېزلەشتى.

ئەمما كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، دۆلىتىمىزدە شەھەرلىشىش قەدىمى ئەسلىدىكى پىلاندىن تېز سۈرئەتتە ئېشىپ كەتتى. ئەسلىدە دۆلىتىمىزنىڭ شەھەرلىشىش پىلانىدا: 2005 ـ يىلىغا بارغاندا 35% ئەتراپىغا؛ 2010 ـ يىلىغا بارغاندا 40—42% ئەتراپىغا يەتكۈزۈش قارار قىلىنغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە 2003 ـ يىلىلا شەھەرلىشىش 40.5% تىن ئېشىپ كەتتى. مۇشۇ

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا بارغاندا 65% ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ 75% كە يېتىشىدىغانلىقى پەرەز قىلىنماقتا.

تۆۋەندە، رايونىمىزدا نۆۋەتتە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان شەھەرلىشىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن يىراقلىشىش ھادىسىلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىشىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

## 2. شەھەرلىشىش داۋامىدا پەيدا بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر

دۆلىتىمىزدە سانائەتلىشىش، زامانىۋىلىشىش، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىش، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن شەھەرلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. شەھەرلىشىش تەرەققىياتىنىڭ، گۈللىنىشىنىڭ، زامانىۋىلىشىشىنىڭ، ئىسلاھاتىنىڭ بەلگىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى تەرەققىياتنىڭ كەلگۈسى نىشانىدۇر. بۈگۈنكى شەھەرلىشىش ئىنسانلار تەرەققىياتىغا نۇرغۇن قولايلىقلارنى ۋە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز تۇرمۇش ئەۋزەللىكىنى ئېلىپ كەلدى، ئەمما شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كۆپىيىشى، ئاھالىلار قورۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىشىشى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كېلىش مەنبەلىرىنىڭ ھەر خىل، ئېھتىياجىنىڭ كۆپ خىل بولۇشى، ھەممىسىنىڭ ئۆز ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان ئاساستا خالىغان تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىپ قارىغۇلارچە ئېچىشى؛ كېمىش، قېزىش بىلەن شۇغۇللىنىشى نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتتە غايەت زور يىراقلىشىش ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلدى. مەسىلەن: شەھەر مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشى، قاتناش قىستاڭچىلىقى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئازلاپ كېتىشى، ئولتۇراق ئۆينىڭ قىس، باھاسىنىڭ قىممەت بولۇشى، شاۋقۇن - سۈرەنلەرنىڭ ئېشىپ كېتىشى، ئىشسىزلار سانىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، سۇ ۋە ئېنېرگىيە بايلىقىنىڭ ئازلاپ كېتىشى، جىنايەتچىلەر سانىنىڭ ئېشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئەسىر داۋام قىلىپ كەلگەن كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ سۇسلىشىشى، ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى، تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ئەنئەنىدىن يىراقلىشىشى، كىيىنىش ئادەتلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشى، غەربلىشىشى، ئائىلىۋى تۇرمۇش قارىشىنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۇرمىلىنىش، نورمال تەرتىپنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇشى قاتارلىقلار.

1) مۇھىت مەسىلىسى

ھاياتلىق بىلەن مۇھىت چەمبەرچاس باغلانغان، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ھاياتلىققا بىۋاسىتە خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ. مۇھىت بىلەن تەرەققىياتمۇ خۇددى قوش كېزەكلەردەك بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. مۇھىتنى ئاسراش ئىقتىسادىي تەرەققىياتمۇ تەمىنلىگەن بايلىق ۋە تېخنىكا بىلىملىرىگە مۇھتاج، مۇھىت ئاسراشنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى تەرەققىياتنىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھىت ۋە بايلىقنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. مۇھىت تەبىئىي مۇھىت (بارلىق ئادەملەرگە پايدىلىق بولغان تەبىئىي شارائىت ۋە زىيانلىق بولغان تەبىئىي ئاپەتلەر)، ئىككىلەمچى مۇھىت (ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەسىرىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىت)، ئادەملەر پەيدا قىلغان سۈنئىي مۇھىت (ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى بويىچە تەقلىد قىلىپ ياساپ چىقىلغان تاغ، گۈللۈك، كۆل، ھەر خىل قورۇلۇشلار) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىشلەپچىقارغۇچىلار تەبىئىي مۇھىتتىن ماددىي بايلىق ۋە ئېنېرگىيە ئېلىپ، ئىستېمال ئارقىلىق يەنە مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىپ، مۇھىتنى ئۆزگەرتىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئارقىلىق جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. شۇڭا تەرەققىيات بىلەن مۇھىتنى ئاسراش بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. مۇھىت مەسىلىسى ئېيتىلىشتا ناھايىتى ئاددىي، ئەمما تەسىرى مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسلىقى — ئىچىملىك سۈيىنىڭ بۇلغىنىشى، يېتىشمەسلىكى، كېرەكسىز ماددىنىڭ (ئەخلەت، داشقال) سۇغا بولغان تەھدىتى، ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى، شاۋقۇن قاتارلىق مۇھىت مەسىلىلىرى ھەرقاچان كىشىلەرنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىغا تەھدىت پەيدا قىلماقتا.

1983 - يىلى مۇھىت مەسىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىياننى ستاتىستىكا قىلغاندا جۇڭگودا خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 10% نى ئىگىلىگەن. 1998 - يىلى دۇنيا بويىچە مۇھىت بۇلغانغان 10 چوڭ شەھەرنى ئېلان قىلغاندا ئۇنىڭ يەتتىسىنىڭ جۇڭگودا

ئىكەنلىكى ئىپتىلانغان. دېمەك، دۆلىتىمىزدە شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى بىلەن بىر تەرەپتىن ئىقتىساد ئۇچقاندەك راۋاجلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئېغىر، داغدۇغىسى كەڭ بولدى.

2) نوپۇس مەسىلىسى

شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ يەرسىز قالغان يېزا ئاھالىلىرى شەھەرلەرگە توپلىشىپ ئۇچىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە نوپۇسنىڭ زىچلىقىنى ئېغىرلاشتۇرماقتا. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نوپۇس فوندى جەمئىيىتىنىڭ «2007 ـ يىللىق دۇنيا نوپۇس ئەھۋالى دوكلاتى»دا جۇڭگو دەل شەھەرلىشىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىدا تۇرماقتا، كېيىنكى 10 يىلدا شەھەر نوپۇسى پۈتۈن نوپۇسنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىشى مۇمكىن، بۇنىڭ ئىچىدە دېڭىز بويى رايونى، مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ مەسىلىسى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دوكلاتتا يەنە بۇ رايونلارنىڭ شەھەرلىشىشنىڭ ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىللە، ئاھالىسىنىڭ تەربىيەلىنىشىگە، ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا، ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ دەپ تەكىتلەندى.

بۈگۈنكى شەھەرلەردە پەيدا بولۇۋاتقان قاتناش قىستاڭچىلىقى، ئولتۇراق ئۆي باھاسىنىڭ ئۆرلىشى، ئىشسىزلىق، جىنايەت يولىغا ماڭغان ياشلارنىڭ كۆپىيىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسەن شەھەر نوپۇسىنىڭ مۆلچەردىن تېز ئېشىپ كېتىشى، بۇنىڭغا قارىتا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەييارلىق قەدىمىنىڭ ماسلاشمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

3) كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ سۇسلىشىشى

جەمئىيەتنى ئائىلىسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

قەدىمكى زامانلاردىن بېرى ئىنسانلار ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئاساسىدا، توپ ـ توپ بولۇپ ياشاپ، ئۆزئارا بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ، قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ «كۈچ بىرلىكتە، ئىش ئۆملۈكتە» دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلىغان. ھەمدە تەدرىجىي ھالدا مەھەللە جامائەتچىلىكىنى، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن: بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ قېلىپلاشقان قائىدىلىرى بولمىسىمۇ، ئەمما ئوخشاش بولمىغان ھالەتتە ئۆزئارا تاماق سۇنۇشۇش، ئۆتنە ـ يېرىم قىلىشىش، ئاغرىپ قالسا يوقلىشىش، ئۆلۈم ـ يېتىملاردا يېقىن تۇرۇش، توي ـ تۆكۈنلەردە ياردەملىشىش، ئۆيلىرىگە مېھمان كەلسە چاقىرىپ كۈتۈۋېلىش، مېھمانلار قايتقاندا ئۇزۇتۇپ قويۇش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن داۋاملاشقان. ھازىر بۇ خىل مۇناسىۋەت پەقەت يېزىلاردا ساقلىنىپ، شەھەرلەردە بولسا خىزمەت بېسىمى، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن سۇسلىشىشقا قاراپ ماڭدى.

4) ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى

جەمئىيەتشۇناسلار ھازىرقى دەۋرنى «ئالاھىدىكى كىرزىس» دەۋرى دەپ قاراپ، ئۇنى ئەخلاقتىن ئادىشىش، مەۋجۇدىيەتتىن ئادىشىش، ئوبرازدىن ئادىشىشتىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىدىن تەتقىق قىلىپ، ھازىرقى جۇڭگولۇقلار كونا ـ يېڭى ئەخلاق ئىچىدە گاڭگىراپ يۈرمەكتە، بىر تەرەپتىن، چەت ئەل مەدەنىيىتى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن يېڭى تۇرمۇش ئۇسۇللىرى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ قىزىقتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كونا ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئۇسۇللىرىنىڭ يېڭىلىنىشى ئىرادىسىگە توسقۇنلۇق قىلماقتا دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. دېمىسىمۇ بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىشى، ھەر خىل رىقابەت بېسىمىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئەخلاقتا دائىر باھا ئۆلچىمى كۆپ خىللىشىشقا ياكى نورمالسىزلىقىقا قاراپ يۈزلەندى. يەنى ياخشى ئىش، ياخشى ھەرىكەتلەر مەسخىرە قىلىنىپ، يامان ئىش يامان، ھەرىكەتلەرگە سورۇن ھازىرلاندى، ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلۈكىنى يوقاتقان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدىيىتى، ئادىمىيلىك ئوبرازى، مەسئۇلىيەت ۋەزىپىلىرىنى ئۇنتۇپ، پۇل تېپىش، كەيىپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى.

5) ئائىلە ـ تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋىلىكتىن ياتلىشىشى

ئائىلە — نىكاھ، قانداشلىق ۋە بېقىۋېلىش مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ئۆزئارا يول قويۇش، ئۆزئارا كەچۈرۈش، كۆيۈنۈش، ئاسراش، مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن، ھەربىر ئائىلىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئائىلە ئەخلاقى، ئائىلە قائىدە ـ يوسۇنلىرى پەيدا بولۇپ، ھەر بىر ئائىلە ئەزالىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش جەريانىدا مۇشۇ پرىنسىپلارغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئىدى.

ئەمما بۈگۈنكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى، يالغۇز پەرزەنتلىك ئائىلىلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئائىلە مۇناسىۋىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش كېلىپ

چىقتى، يەنى بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا ھەددىدىن ئارتۇق يول قويغاچقا، ئۇنداق ئائىلىلەردىن شەخسىيەتچى كىچىك زوراۋانلار يېتىشىپ چىقتى، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى شەرتسىز ھۆددىگە ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە بېقىندۇرۇۋالغاچقا، پەرزەنتلەرنىڭ مۇستەقىللىق، ئىجادچانلىق، يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە پايدىسىز ۋەزىيەت شەكىللەندى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ماددىيتۇرمۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن ئائىلىلەردە چوڭ يەپ ـ چوڭ ئىچىش، ئىسراپخورلۇق، بايلىقنى كۆز ـ كۆز قىلىش، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراقلاردىكى ھەشەمەتچىلىك ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئاددىي ـ ساددا ئائىلە باشقۇرۇپ، ئىقتىسادچىل ياشاشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرى بارغانسېرى بىزدىن يىراقلاپ كېتىشكە باشلىدى.

يۇقىرىقىلار شەھەرلىشىشنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن يامان تەسىرى، ئەمما شەھەرلىشىش تەرەققىياتىنىڭ، گۈللىنىشىنىڭ، زامانىۋىلىشىشىنىڭ، ئىسلاھاتىنىڭ بەلگىسى بولۇپلا قالماي بەلكى كەلگۈسى تەرەققىياتىنىڭ نىشانىدۇر. شۇڭا دۆلىتىمىزدە سانائەتلىشىش، زامانىۋىلىشىش، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقىنى ئازايتىش، جەمئىيەتنى، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن شەھەرلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇھىتنى قوغداپ، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا، نوپۇسنى تىزگىنلەپ، نوپۇس سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە، بايلىقلارنى قانۇنىيەت بويىچە ئېچىپ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا، ئاشلىق مەسىلىسىنى جىددىي ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەمما، شەھەرلىشىش ھامان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىشى، ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقى، باراۋەرلىكى، ئىناقلىقى، ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاساسىدا بولۇشى كېرەك.

دېمەك، تەبىئەت بىزگە سېخىيلىق بىلەن سۇ، تۇپراق، ئورمان، يايلاق ۋە يەر ئاستى كان بايلىقلىرىنى ئايىماي بەرگىنىدەك، بىزمۇ تەبىئەتكە مېھرىمىزنى بېرىپ، ھەرقانداق ئالىدىغان بايلىقلارنى ئۆز تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە ئالساق، تەبىئەتمۇ بىزگە شاپائەت ياغدۇرىدۇ، ئەبەدىي راۋاجلىنىدىغان، ئىناق، تىنچ، باي ـ باياشات، يېڭىچە دۆلەت قۇرۇش نىشانىمىز ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## پايدىلانمىلار

1. ئەركىن روزى: «بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى.

2. ئەزىز ئاتاۋۇللا سار تېگىن: «ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن تەۋسىيەلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى،

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ماقالە نومۇرى: 1005－5878(2010)04－055－05

# سۆزنىڭ كۆچمە مەنىلىرىنىڭ شەكىللىنىش يوللىرى توغرىسىدا

## يارى ئەبەيدۇللا

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى ئادەتتە كېڭەيتىش (引申) ۋە ئوخشىتىش ( 比喻 ) ئۇسۇللىرى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىلىرىنىڭ شۇ ئىككى خىل ئۇسۇل ئارقىلىق، بولۇپمۇ ئوخشىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بارلىققا كېلىش يوللىرى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：词的转义通常通过引申和比喻的途径产生。本文借助实例论述维吾尔语词的转义通过上述两种途径，特别是比喻途径产生过程中的具体方法。

**Abstract**: Transferred meaning of words is usually formed through amplification and analogy. In this article, the author discusses the above two approaches in Uyghur language through examples and explains the specific methods of analogy in the forming the transferred meaning in particular.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H04 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ھەرقانداق بىر سۆز ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغان مەزگىللەردە بىرلا مەنىگە ئىگە بولىدۇ. سۆزنىڭ بۇ خىل مەنىسى ئادەتتە سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ. سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئاساسىدا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا بارلىققا كەلگەن كېيىنكى مەنىلىرى سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «چاي» دېگەن سۆز ئەسلىي «چاي ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال» دېگەن مەنىدە ئىدى. ئۇ سۆزنىڭ «چايدىن ئىبارەت شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىدىن پىشىشقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلات (مەسىلەن، تاش چاي)»؛ «شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ پىشىشقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتىدىن دەملەنگەن ئىچىملىك (مەسىلەن، بىر پىيالە چاي)»؛ «بىرەر سەۋەب بىلەن باشقىلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان زىياپەت (مەسىلەن، چاي ئۆتكۈزمەك)»؛ «قۇدا بولغان ئىككى تەرەپتىن ئوغۇل تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە تويلۇق سوۋغىلىرىنى ئاپىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان زىياپەت (مەسىلەن، چوڭ چاي)» دېگەن مەنىلىرى ئەنە شۇ «چاي» سۆزىنىڭ كۆچمە مەنىلىرى بولۇپ، بىرىنچى كۆچمە مەنىسى ئەسلىي مەنىسى ئاساسىدا بىۋاسىتە شەكىللەنگەن بولسا، ئىككىنچى كۆچمە مەنىسى بىرىنچى كۆچمە مەنىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى كۆچمە مەنىلىرى بولسا ئىككىنچى كۆچمە مەنىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى ئاساسەن ئىككى خىل ئۇسۇل ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ.

1. كېڭەيتىش

كېڭەيتىش — مەلۇم بىر سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى

---

• بۇ ماقالە 2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تاپشۇرۇۋېلىندى.
ئاپتور: يارى ئەبەيدۇللا (1957 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قورغاستا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كېڭەيتىپ، شۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن شەيئى ياكى ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر شەيئى ياكى ھادىسىلەرنىمۇ شۇ سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن باشقا مەنىلىرىگە قارىتىلىدۇ. كېڭەيتىشتە شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك ئۆزئارا باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت ئاساس قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئايال» دېگەن سۆزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنىسى «خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئومۇمىي نامى» دېگەندىن ئىبارەت بولسا، ئۇنىڭ كېيىن بارلىققا كەلگەن يەنە بىر مەنىسى «ئېرى بار خوتۇن، رەپىقە» دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدا سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن شەيئى بىلەن كېيىنكى مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى تۈر ـ جىنس مۇناسىۋىتى ئاساس قىلىنغان.

«يۆتەل» سۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنىسى «نەپەس يولىنىڭ غىدىقلىنىشى، قىچىشىشى ياكى كېسەللىنىشى تۈپەيلىدىن خىرىلداق ۋە شاۋقۇن ئارىلاش قېقىلىپ ـ قېقىلىپ كۈچلۈك، زەرب بىلەن نەپەس چىقارماق (مەسىلەن، بالا بىر كېچە يۆتىلىپ چىقتى)» دېگەن مەنىدە بولسا، ئۇنىڭ كېيىن بارلىققا كەلگەن يېڭى مەنىسى «كاناي ۋە كانايچىلار ياللۇغلانغاندا، يات نەرسىلەر، فىزىكىلىق ياكى خىمىيىلىك نەرسىلەر غىدىقلىغاندا پەيدا بولىدىغان مۇداپىئە رېفلېكسى (مەسىلەن، ئۇنىڭ يۆتىلى خېلى توختىدى)» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا سۆزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەت بىلەن كېيىنكى مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەت ئاساس قىلىنغان.

2. ئوخشىتىش

ئوخشىتىش دېگەندە تەقلىد قىلىش، كۆچۈرۈپ ئېلىش، مىسالغا ئېلىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق سۆزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنىسى ئاساسىدا يېڭى مەنىلەرنى ھاسىل قىلىش نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئوخشىتىش ئارقىلىق يېڭى (كۆچمە) مەنىلەرنى شەكىللەندۈرۈشتە شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق مۇناسىۋەت ئاساس قىلىنىدۇ. يەنى سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى شۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن شەيئىنىڭ بەلگىلىك ئالاھىدىلىكى (خاراكتېرى، شەكلى، ئورنى، مۇناسىۋەت، فۇنكسىيە، ھەرىكىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار) جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلارنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان ھالدا شەكىللىنىدۇ. شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق مۇناسىۋەت ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) خاراكتېر جەھەتتىكى ئوخشاشلىق. بۇنىڭدا سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن شەيئىنىڭ خاراكتېرى ياكى ئالاھىدىلىكى بىلەن يەنە بىر شەيئىنىڭ خاراكتېرى ياكى ئالاھىدىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ئاساس قىلىنىپ، سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى خاراكتېر ياكى ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشاش بولغان يەنە بىر شەيئىنىڭ خاراكتېرى ياكى ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەشكە ئۆتىدۇ. مەسىلەن، «ساغلام» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى «ئاغرىقتىن، كېسەلدىن خالىي، ساق» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ سۆزدىن ئىپادىلەنگەن بۇ خىل خاراكتېر ياكى ئالاھىدىلىك كېيىنكى دەۋرلەردە «گاراڭ ـ گۈرۈڭ ياكى غىژ ـ غىژدىن خالىي، بۇغۇلمىغان، ساز (مەسىلەن، بۇ ساغلام، جەلپ قىلغۇچى، بىجىرىم ئاۋازنىڭ قانداقتۇ بىر يەرلىرى سادىققا تونۇشتەك بىلىنىدى)» «زىيانلىق، ناچار ئىللەتلەردىن خالىي، پاك، ساپ (مەسىلەن، رازىيە ئۇنىڭ ساغلام قاراشقا ئىگە قەيسەر يىگىت ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىپ يەتكەنىدى)»؛ «روھىي جەھەتتىن زەخىملەنمىگەن، ساق (مەسىلەن، سالامەت تەندە ساغلام ئەقىل)» دېگەندەك خاراكتېر ياكى ئالاھىدىلىكلەرگە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن، نەتىجىدە ئۇ سۆزنىڭ يۇقىرىقىدەك يېڭى (كۆچمە) مەنىلىرى بارلىققا كەلگەن.

(2) شەكىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىق. بۇنىڭدا سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن شەيئىنىڭ شەكلى ياكى كۆرۈنۈشى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ئاساس قىلىنىپ، سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى شەكىل جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشاش بولغان ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر شەيئىنى ئىپادىلەشكە ئۆتىدۇ. مەسىلەن، «قانات» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى «قۇش ۋە ھاشاراتلارنىڭ بەدىنىنىڭ ئوڭ ۋە سولدىن ئىبارەت ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان ئۇچۇش ئورگىنى» دىن ئىبارەت ئىدى. بۇ سۆزدىن ئىپادىلەنگەن شەيئىنىڭ شەكلى كېيىنكى دەۋرلەردە «ئايروپىلاننىڭ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادا مۇئەللەق تۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قاناتسىمان يېيىق قىسمى»؛ «چاقپەلەك، شامالدۇرغۇچقا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئايلىنىشقا ياكى شامال چىقىرىشقا ياردەم بېرىدىغان قىسمى»؛ «ئاپتوموبىل ۋېلىسىپىت قاتارلىقلارنىڭ چاقلىرى ئۈستىگە لايدىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىتىدە ئورنىتىلغان قىسمى»؛ «ئىشىك، دېرىزە قاتارلىقلارنىڭ ئېچىلىپ ـ يېپىلىدىغان ھەر بىر بۆلىكى» دېگەندەك شەيئىلەرنى ئىپادىلەشكە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. نەتىجىدە «قانات» سۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك كۆچمە مەنىلىرى شەكىللەنگەن. «باش» سۆزىنىڭ «بەزى زىرائەتلەر ياكى كۆكتاتلارنىڭ كاللەك بولىدىغان مېۋىسى، ھوسۇلى (مەسىلەن، باش تەرمەك،

باش پىياز)» دېگەن كۆچمە مەنىسىمۇ شەيئىلەرنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

(3) ئورۇن جەھەتتىكى ئوخشاشلىق. بۇنىڭدا سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن شەيئىنىڭ ئورنى بىلەن يەنە بىر شەيئىنىڭ ئورنى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ئاساس قىلىنىپ، سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئورۇن جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشاش بولغان ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر شەيئىنى ئىپادىلەشكە كۆچۈرۈپ كېلىنىدۇ. مەسىلەن، «باش» سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسى «ئادەم بەدىنىنىڭ بويۇندىن يۇقىرى، ھايۋان بەدىنىنىڭ بويۇندىن ئالدىنقى قىسمى» دىن ئىبارەت ئىدى. دېمەك «باش» ئادەمنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قىسمى، ھايۋاننىڭ ئەڭ ئالدىنقى قىسمى ھېسابلىنىدۇ. «باش» نىڭ ئادەم ياكى ھايۋان بەدىنىدە تۇتقان مانا مۇشۇنداق ئورنى كېيىنكى دەۋرلەردە «تىك، ئۆرە نەرسىلەرنىڭ يۇقىرى تەرىپى، چوققىسى (مەسىلەن، تاغ بېشى، تونۇر بېشى)» نى؛ «بىرەر نەرسىنىڭ باشلانغان جايى، ئالدىنقى نۇقتىسى (مەسىلەن، دەريانىڭ بېشى، يىلنىڭ بېشى، گەپنىڭ بېشى، ئىشنىڭ بېشى)» نى؛ «بىرىنچى (مەسىلەن، باش كۆۋرۈك، باش بارماق)» نى؛ «ئاۋۋال، بۇرۇن، دەسلەپ (مەسىلەن، مەن باشتا كەلدىم)» نى ئىپادىلەشكە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. نەتىجىدە «باش» سۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك كۆچمە مەنىلىرى بارلىققا كەلگەن. «ئاياغ» سۆزىنىڭ «كۆن، خۇرۇم قاتارلىق رەختلەردىن پۇتقا كىيىش ئۈچۈن تىكىلگەن ئۆتۈك، توپلەي، كەشكە ئوخشاش ئاياغ كىيىمى (تولا يول يۈرۈپ، ئايىغىمنىڭ چەمى تېشىلىپ كېتەي، ـ دېدى)»؛ «باش تەرەپكە نىسبەتەن قارشى تەرەپ (مەسىلەن، كارىۋاتنىڭ ئايىغى، مەھەللىنىڭ ئايىغى)»؛ «بىرەر ئىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا نىسبەتەن ئاخىرلىشىش نۇقتىسى (مەسىلەن، ئۇ شۇنداق زېرەككى، گەپنىڭ بېشى چىقىپ بولغۇچە، ئايىغىنى بىلىپ بولاتتى)» دېگەندەك كۆچمە مەنىلىرىمۇ شەيئىلەرنىڭ ئورۇن جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

(4) مۇناسىۋەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىق. بۇنىڭدا سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن شەيئىنىڭ مۇناسىۋەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن يەنە بىر شەيئىنىڭ مۇناسىۋەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ياكى ئورتاقلىق ئاساس قىلىنىپ، سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى مۇناسىۋەت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشاش بولغان ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر شەيئىنى ئىپادىلەشكە ئۆتىدۇ. مەسىلەن، «قېرىنداش» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى «بىر ئاتا ـ ئانىدىن بولغان پەرزەنتلەر يەنى ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار» دىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ سۆزدىن ئىپادىلەنگەن بۇ خىل مۇناسىۋەت ئالاھىدىلىكى كېيىنكى دەۋرلەردە «بىر ئاتا ـ ئانىدىن بولمىغان، لېكىن بىر ئەۋلاد (ئەجداد) قا مەنسۇپ بولغان كىشىلەر (بىرى باشقىسىغا نىسبەتەن)» نى ۋە «ئۆزى بىلەن مەلۇم قانداشلىق ياكى يېقىن ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى بولغان بىرەر خەلق، مىللەت (مەسىلەن، قېرىنداش مىللەت، قېرىنداش ئۆلكە)» نىمۇ ئىپادىلەشكە ئۆتكەن. نەتىجىدە «قېرىنداش» سۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك كۆچمە مەنىلىرى شەكىللەنگەن.

(5) فۇنكسىيە جەھەتتىكى ئوخشاشلىق. بۇنىڭدا سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن شەيئىنىڭ فۇنكسىيەلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن يەنە بىر شەيئىنىڭ فۇنكسىيەلىك ئالاھىدىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ئاساس قىلىنىپ، سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى فۇنكسىيەلىك ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشاش بولغان يەنە بىر شەيئىنى ئىپادىلەشكە ئۆتىدۇ. مەسىلەن، «باش» دېگەن سۆزنى ئالساق، باش — ئادەم ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ مېڭە جايلاشقان قىسمى بولۇپ، ئادەم ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىگە قوماندانلىق قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش رولىغا ئىگە بولغان ئەڭ مۇھىم قىسىم (ئەزا) ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا «باش» سۆزىدىن ئىپادىلەنگەن مانا مۇشۇ خىل فۇنكسىيەلىك ئالاھىدىلىك كېيىنكى دەۋرلەردە «باشلىق، رەھبەر (مەسىلەن، سىزنى ئۇلارغا باش قىلىپ ئەۋەتىمىز)»؛ «بىرەر كەسىپ ياكى ساھەدە باشقىلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئورنى باشقىلاردىن يۇقىرى (مەسىلەن، باش شۇجى، باش كاتىپ، باش ئىنژېنېر)»؛ «ئەڭ مۇھىم، ئاساسىي (مەسىلەن، باش ۋەزىپە، باش بۆلەك)»، «مېڭە، ئەقىل، ھوش (مەسىلەن، ئۇنىڭ بېشى جايىدا ئەمەس، بولمىسا ئۇنداق گەپ قىلامدۇ؟)» دېگەندەك شەيئىلەرنى ئىپادىلەشكە ئۆتكەن. نەتىجىدە «باش» سۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك كۆچمە مەنىلىرى شەكىللەنگەن. «ئاچقۇچ» سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسى «قۇلۇپنى ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مېتال ئەسۋاب» تىن ئىبارەت ئىدى. دېمەك «ئاچقۇچ» نىڭ رولى قۇلۇپنى ئېچىشتا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا «ئاچقۇچ» سۆزىدىن ئىپادىلىنىدىغان بۇ خىل فۇنكسىيەلىك ئالاھىدىلىك كېيىنكى دەۋرلەردە «بىرەر ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئامىل، چارە (مەسىلەن، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى رەھبەرلىكتە)»؛ «لۇغەتلەردە زۆرۈر تېپىلغان سۆزلەرنى ئىزدەشتە قوللىنىلىدىغان جەدۋەل (مەسىلەن، لۇغەتنىڭ ئاچقۇچى)» دېگەندەك شەيئىلەرنىمۇ ئىپادىلەشكە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. نەتىجىدە «ئاچقۇچ»

سۆزنىڭ يۇقىرىقىدەك كۆچمە مەنىلىرى شەكىللەنگەن.

(6) ئۇسۇل جەھەتتىكى ئوخشاشلىق. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئۇسۇل مەلۇم بىر ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئۇسۇلىغا قارىتىلىدۇ. ئۇسۇل جەھەتتىكى ئوخشاشلىقتا سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن مەلۇم ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئۇسۇلى بىلەن يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ئاساس قىلىنىپ، سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئۇسۇلى يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئۇسۇلىنى ئىپادىلەشكە كۆچۈرۈپ كېلىنىدۇ. مەسىلەن، «سۈركىلىش» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى «بىر جىسىم ئىككىنچى بىر جىسىم ئۈستىدە ھەرىكەت قىلغاندا، بۇ ئىككى جىسىم يۈزلىرى ئارىسىدا پەيدا بولىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە توسالغۇلۇق قىلىدىغان قارشىلىق»تىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئۇسۇلى كېيىنكى دەۋرلەردە «ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ياكى پارتىيە – گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان پايدا – زىيان توقۇنۇشى، زىددىيەت (مەسىلەن، ئۇ چاغلاردا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىپ، ئىككى تەرەپنىڭ سۈركىلىشى كۈچەيگەنىدى)»نى ئىپادىلەشكە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. نەتىجىدە «سۈركىلىش» سۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك كۆچمە مەنىسى بارلىققا كەلگەن. «سايرىماق» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى «قۇشلارنىڭ تۈرلۈك ئاۋازلارنى چىقىرىشى»دىن ئىبارەت بولسا، ئۇ سۆزدىن ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئۇسۇلى كېيىنكى دەۋرلەردە «مۇڭلۇق كۈيدە ئاۋاز چىقارماق (مەسىلەن، قولۇمدا يەنە سايرىدى راۋاپ، ناخشامنى ئېيتىپ بۇلبۇلدەك سايراپ)»؛ «چاڭ كەلتۈرمەك، ياڭراتماق (مەسىلەن، جەڭگىۋار سىگنال خەلق ئەسكەرلىرىنى تېز يىغىلىشقا چاقىرىپ، جەڭ مارشىغا سايرىماقتا ئىدى)»؛ «بىر خىل ئاھاڭدا توختىماي سۆزلىمەك، ۋاتىلدىماق (مەسىلەن، بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويسام، سايراپلا كەتتىڭغۇ؟)» دېگەندەك ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلەشكە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن، نەتىجىدە «سايرىماق» سۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك كۆچمە مەنىلىرى بارلىققا كەلگەن.

(7) نەتىجە جەھەتتىكى ئوخشاشلىق. بۇنىڭغا سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن مەلۇم ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدىن ھاسىل بولغان نەتىجە بىلەن يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدىن ھاسىل بولغان نەتىجە ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ئاساس قىلىنىدۇ ۋە سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەت يەنە بىر ھەرىكەتنى ئىپادىلەشكە كۆچۈرۈپ كېلىنىدۇ. مەسىلەن، «سېسىماق» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى «سېسىق پۇراق چىقارماق، سېسىق ياكى يېقىمسىز ھىد پەيدا قىلماق (مەسىلەن، بۇ ئالمىلار سېسىپ كېتىپتۇ)» دېگەندىن ئىبارەت بولسا، ئۇنىڭ «بىرەر ئەسكى ئىش قىلىپ قويغانلىقى سەۋەبلىك كىشىلەر ئارىسىدا يۈزى تۆكۈلمەك، نەزەردىن چۈشمەك، سەت كۆرۈنمەك (مەسىلەن، ئۇ ئايال شۇ ئىشى بىلەن سېسىغاندىمۇ ئاجايىپ سېسىپ كەتتى)» دېگەن كۆچمە مەنىسى ئەنە شۇ «سېسىماق» سۆزىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدىن ھاسىل بولغان نەتىجە جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. «چىرىمەك» سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسى «مىكرو ئورگانىزملارنىڭ تەسىرى بىلەن بۇزۇلماق، كېرەكسىز ھالغا كەلمەك، ئىشتىن چىقماق، سېسىماق (مەسىلەن، ياغاچ سۇدا ئوڭاي چىرىپ كېتىدۇ)» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ سۆزنىڭ «ئاينىماق، بۇزۇلماق، ھالاكەتكە يۈز تۇتماق، زاۋاللىققا يۈزلەنمەك (مەسىلەن، چىرىگەن ھاكىمىيەت ئاخىرى بېرىپ گۇمران بولىدۇ)» دېگەن كۆچمە مەنىسى ئەنە شۇ «چىرىمەك» سۆزىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدىن ھاسىل بولغان نەتىجە جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

بەزى سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىلىرى شەيئىلەرنىڭ بىرلا جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلسە، يەنە بەزى سۆزلەرنىڭ تۈرلۈك كۆچمە مەنىلىرى ئەينى بىر شەيئىنىڭ بىرقانچە جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، «باش» سۆزىنىڭ كۆچمە مەنىلىرىنىڭ بەزىلىرى شەيئىلەرنىڭ ئورۇن جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ئاساسىدا، بەزىلىرى شەيئىلەرنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ئاساسىدا، يەنە بەزىلىرى شەيئىلەرنىڭ فۇنكسىيەسى جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگىنىگە ئوخشاش.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى، سۆزنىڭ ئوخشىتىشتىن ھاسىل بولغان كۆچمە مەنىسى ئادەتتە سۆزنىڭ ئوخشاتما مەنىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۆزنىڭ بۇ خىل كۆچمە مەنىسى بىلەن سۆزنىڭ ۋاقىتلىق ئوخشىتىپ ئىشلىتىلىشىدىن ھاسىل بولغان «كۆچمە» مەنىسىنى ئەينى بىر نەرسە دەپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. سۆزلەرنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كۆچمە مەنىسى سۆزنىڭ تۇراقلىق مەنىسى يەنى ئۇيغۇر تىلىدا تۇراقلاشقان، ئومۇملاشقان بىر خىل مەنە بولۇپ، بۇ خىل مەنە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان، ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي كوللېكتىپقا چۈشىنىشلىك بولغان، ئومۇملاشقان بىر خىل مەنە

ھېسابلىنىدۇ. سۆزنىڭ ۋاقىتلىق ئوخشىتىپ ئىشلىتىلىشىدىن ھاسىل بولغان «كۆچمە» مەنىسى بولسا سۆزنىڭ تۇراقلىق مەنىسى ئەمەس، يەنى ئۇ خىل مەنە ئۇيغۇر تىلىدا تۇراقلاشمىغان، ئومۇملاشمىغان بىر خىل ۋاقىتلىق مەنە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى سۆزلەرنىڭ ئۇ خىل «كۆچمە» مەنىسى شۇ سۆزنىڭ مۇئەييەن كونتېكىستتا ئوينىغان ۋاقىتلىق رولىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر ئۇ سۆزلەر شۇ كونتېكىستتىن ئايرىلسىلا، ئۇ خىل مەنىلەرگە ئىگە بولالمايدۇ. مەسىلەن، «شېئىر، ھېسسىيات، تىل، ئاھاڭ، مەنە» دېگەن سۆزلەر ئەسلىي ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆزلىرىگە خاس لۇغەت مەنىسىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن «شېئىر بىر دەرەخ بولۇپ، ھېسسىيات — يىلتىز، تىل — مايسا، ئاھاڭ — چېچەك، مەنە — مېۋىدۇر» دېگەن كونتېكىستتا «شېئىر» سۆزى «دەرەخ»، «ھېسسىيات» سۆزى «يىلتىز»، «تىل» سۆزى «مايسا»، ئاھاڭ» سۆزى «چېچەك»، «مەنە» سۆزى «مېۋە» دېگەن ۋاقىتلىق مەنىلەرگە ئىگە قىلىنغان. لېكىن ئۇ سۆزلەر ئاشۇ كونتېكىستتىن ئايرىلسىلا، يۇقىرىقىدەك مەنىلەرگە ئىگە بولالمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك «سۇ تامچىسى دەيدىكەن: مەن ئىشچىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا تەر، زەئىپلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆز يېشى، ھورۇنلارنىڭ ۋۇجۇدىدا شۆلگەي» دېگەن كونتېكىستتا «سۇ» سۆزى «تەر»، «كۆز يېشى»، «شۆلگەي» دېگەن ئۈچ خىل ۋاقىتلىق مەنىگە ئىگە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن «سۇ» سۆزى شۇ كونتېكىستتىن ئايرىلسىلا، ئۇنداق مەنىلەرگە ئىگە بولالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «ماتېماتىكا — پەنلەرنىڭ خانىشى»، «ئىنقىلاب — تارىخنىڭ پاراۋوزى»، «ئوقۇتقۇچى — ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى»، «ئوقۇتقۇچى — مەرىپەت تەگرىسى»، «بىلىم - كۈچ»، «بالىلار — كەلگۈسىنىڭ گۈل - غۇنچىلىرى»، «سۇ - يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى»، «باش تېما - ماقالىنىڭ جېنى» دېگەن كونتېكىستلاردا «ماتېماتىكا، ئىنقىلاب، ئوقۇتقۇچى، بىلىم، بالىلار، سۇ، باش تېما» دېگەن سۆزلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ئىزاھلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سۆزلەر شۇ كونتېكىستلاردىن ئايرىلسا، يۇقىرىقىدەك مەنىلەرگە ئىگە بولالمايدۇ. شۇڭا، بۇ خىل «كۆچمە» مەنىلەر بىز ماقالىمىزدە توختالغان كۆچمە مەنىلەرگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى ئادەتتە ئوبرازلىق، جانلىق، ئېنىق، كونكرېت بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا سۆزلەر كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەندە، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمى ئاشىدۇ، نۇتۇق جانلىقلىقا، ئوبرازلىققا ئىگە بولىدۇ.

سۆزنىڭ كۆچمە مەنە ئېلىشى ۋە بۇ خىل كۆچمە مەنىلەرنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىنىشى ھەم ئومۇملىشىشى تىلدا كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئاساسىدۇر.

## پايدىلانمىلار


1. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى.

2. كۈرەش مەھمۇتجان رەئىسى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىلى نەشرى.

3. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىلى نەشرى.

4. يولۋاس راشىدىن: «ئىستىلىستىكا ساۋادى»، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2002 - يىلى باستۇرغان.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

ماقالە نومۇرى: 1005—5878(2010)04—060—08

# ئالىي مەكتەپ ئىنستىتۇتلاردا ئۇقۇتۇشى ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىيالىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر توغرىسىدا

ئىسمەت قاسىم
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئالىي مەكتەپ ئىنستىتۇتلاردا ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئىنستىتۇتلاردا ئىلمىنى ئاساسلىق پەنلەر قاتارىدا ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى تەكىتلىنىدۇ، ھەمدە نۆۋەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان دەرسلىكلەردە ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر ھەل قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文提出高校修辞教学的重要性，强调高校修辞学科作为基础课的必要性，解决当前使用的教材中存在的一部分问题。

**Abstract**: In this paper, the author raises the importance of teaching college rhetoric, emphasizes the necessity of rhetoric as the elementary course, and gives some solutions to the current problems in the teaching materials.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز»، «ئىككى نەرسە بىلەن ئادەم قېرىمايدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ياخشى قىلىق، يەنە بىرى ياخشى سۆزدۇر»، «ئەقىل ھەم بىلىمنىڭ تەرجىمىھالى تىلدۇر، ئادەمنى نۇرلاندۇرىدىغان بۇ ماھىر تىلنى بىل» دېگەنىدى. بۇ ئارقىلىق تىل گۈزەللىكىنىڭ ئىنسان ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئېسىل تەۋەررۈك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ خىسلىتى ئارقىلىق ئادەمنىڭ مەڭگۈ قېرىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، يەنە ئىلىم ـ پەندە كامالەتكە يېتىش، ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇش ھەم بەختلىك بىر ئىنسان بولۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى تىل ئىكەنلىكىنى، ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسى گۈزەل تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق ئوخشىتىش ھەم جانلىق سۆز ـ ئىبارىلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا، تىل ئامىلى ناھايىتى مۇھىم. مىللىي تىل بولمىسا، مىللىي مەدەنىيەتمۇ بولمايدۇ. قىسقىسى، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتى تىلدىن ئايرىلالمايدۇ①.

تىل ئەنە شۇنداق مۇھىم بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك، توغرا پايدىلىنىشىمىز لازىم. بىزدە سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىكى ئالاھىدىلىكلەر تۈرلۈك ژانىرلاردا ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: «يۈزى»، «ھۆسنى»،

• بۇ ماقالە 2009 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
ئاپتور: ئىسمەت قاسىم (1962 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قومۇلدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى ئوقۇتۇشى ھەم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

«جامالى» ، «رۇخسارى» دېگەن سۆزلەر مەنىداش سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى «يۈزى» دېگەن سۆزلا كونكرېت مەنىگە ئىگە سۆز، قالغانلىرى ئابستراكتنى مەنىگە ئىگە سۆز، شۇڭا «يۈزىگە ئۇرماق» ، «يۈزىگە تۈكۈرمەك» دېگىلى بولىدۇ، ئەمما «ھۆسنىگە ئۇرماق» ، «جامالىغا تۈكۈرمەك» ، «رۇخسارىغا تۈكۈرمەك» ياكى «جامالىغا ئۇرماق» دېگىلى بولمايدۇ. يەنە، «گۆش» دېگەن سۆزنى ئالساق، بۇ سۆز تۇرمۇشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان، ھەممە ئادەم چۈشىنىدىغان ئاممىباپ سۆز. ئەمما بۇ سۆزگە مەنىداش بولغان «مۇسكۇل» دېگەن سۆز مېدىتسىنادا ئىشلىتىلىدۇ. «ئەت» سۆزى «ئەتلىك قوي» ، «بالا ئەت ئالماپتۇ» دېگەن بىرىكمىلەردە ئىشلىتىلىدۇ، دېمەك، ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى سۆزلەرنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، مۇۋاپىق سۆز تاللاپ ئىشلىتىشكە، تىلنىڭ جانلىق، ئېنىق توغرا، راۋان بولۇشىنى كۆزلەيتتىپ، جۈملىنىڭ تەسىرلىك ۋە ئوبرازلىق بولۇشىغا ئالاھىدە ياردەم بېرىدۇ. ئىستىلىستىكا تىلنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە قېلىپلىشىشى بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ بىرلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. تىل يۇقىرى دەرىجىدە قېلىپلاشقاندىلا، ئاندىن كىشىلەر بىر بىرى بىلەن ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئۇنداق بولسا ئىستىلىستىكا دېگەن نېمە؟ ئۇ نېمىنى تەتقىق قىلىدۇ؟ ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مۇئەييەن بىر تىلدىكى مەۋجۇت تىل ماتېرىياللىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، شۇ تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن ئىستىلىستىكا ئىلمى دەپ ئاتىلىدۇ②.

ھەممىمىزگە مەلۇم، فونېتىكا تىل تاۋۇشلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ، لېكسىكولوگىيە تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولغان سۆزلەرنىڭ لۇغەت سوستاۋىنى، سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى تەتقىق قىلىدۇ. گىراماتىكا بولسا، تىلنىڭ قۇرۇلۇش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئىستىلىستىكا بولسا، تىلنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلماستىن، بەلكى تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا ئالاقىدار بولغان بارلىق مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ③. ئىستىلىستىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى پەقەت ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ھازىر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىستىلىستىكاشۇناسلار ئىستىلىستىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە نۇقتىسىنى پۈتكۈل تىل ساھەسىگە ئېلىپ كىرىش كېرەك، دەپ تەكىتلەۋاتىدۇ ھەم بۇ ئىلىمنى شۇ ئاساستا تەتقىق قىلىنىپ، چوڭقۇرلىشىپ بېرىۋاتىدۇ.

ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىلا قەدىمكى گرېكلار ئىستىلىستىكا، لوگىكا، گىراماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ پەننى مەنىسەپكە ئولتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ياۋروپادىكى ئالىي مەكتەپلەردە، بولۇپمۇ ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە 80 ـ يىللاردىن باشلاپلا، ئىستىلىستىكا ئوقۇتۇشى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان. ئامېرىكىدا ئىستىلىستىكا ئىلمى ئۆتتۈشمە پەن ھېسابلىنىپ، ئۇ پەلسەپە، تىلشۇناسلىق، سىياسىي نەزەرىيە، ئالاقە تەتقىقاتى، پسىخولوگىيە، پسىخولوگىيە ئانالىزى، ئىنسانشۇناسلىق ھەم سىياسىي نەزەرىيە قاتارلىق نۇرغۇن پەنلەر بىلەن ئالاقىدار دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئامېرىكىدا ئىستىلىستىكا ئوقۇتۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. ھەتتا ئالىي مەكتەپلەردىكى ماتېماتىكا كەسىپلىرى ۋە چەت تىلى كەسىپلىرىدىمۇ ئىستىلىستىكا دەرسى تەسىس قىلىنغان. ئىستىلىستىكا ئىلمى بويىچە تەربىيەلەنگەن دوكتور، ئاسپىرانتلارنىڭ سانى كۆنسايىن ئاشقان④.

شۇنداق ئىكەن بىزمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى كۈچلۈك تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچىگە، دادىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، جەمئىيەت ۋە ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپىگە يەتكەن ئۆلچەملىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش، شۇنداقلا مول كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىكى بەدىئىي ۋاستىلەر تەتقىقاتىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ ئىستىلىستىكا ئوقۇتۇشىنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىگە سىڭدۈرۈشىمىز كېرەك. ھەم ئىستىلىستىكا ئىلمى بويىچە ئاسپىرانت ۋە دوكتور تەربىيەلەش نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلىپ ئاسپىرانت، دوكتورلارنى تەربىيەلىشىمىز، بولۇپمۇ ئىستىلىستىكا نەزەرىيە تەتقىقاتىغا زور كۈچ چىقىرىشىمىز، ئىستىلىستىكا ئىلمىنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئىستىلىستىكا دەرسى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئۆتىلەتتى. تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەقەت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋە ئاسپىرانتلارغىلا ئۆتۈلۈۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ھازىر بىزدە بار دەرسلىكلىرىمىزنىڭ مەزمۇنى ساپ، ئىشلىتىلگەن سۆز ـ جۈملىلىرى توغرا، راۋان، ئوبرازلىق، جەلىپ قىلارلىق بولۇشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى مۇكەممەل، يۇقىرى سۈپەتلىك دەرسلىك

بىلەن تەمىنلەش ناھايىتى مۇھىم. تۆۋەندە دەرسلىكلىرىمىزدە ساقلىنىۋاتقان قىسمەن مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن⑤. (تۆۋەندە دەرسلىك، ـ دەپ ئېلىنىدۇ)

## 1. ئىملا جەھەتتىكى مەسىلىلەر

1) دەرسلىك 14 ـ بەت تۆۋەندىن 7 ـ قۇر «لىرىك» دېگەن سۆز «لېرىك» دەپ بېسىلغان.

2) دەرسلىك 16 ـ بەتتىكى ئەھمەتشاھ قارىقاشىنىڭ نەزەر مۇپتىغا يازغان شېئىرىي سالام خېتىنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىكى «ئارىقنى (ئېرىقنى)» دېگەن سۆز «ئارنى» دەپ بېسىلغان.

3) دەرسلىك 33 ـ بەتتىكى شېئىرنىڭ «يالغۇز يۈرسە چاڭ چىقىرالماس ياخشى ئات» دېگەن (4 ـ) مىسراسى «يالغۇز يۈرسەڭ چىقىرالماس ياخشى ئات» دەپ بېسىلغان. «چاڭ» سۆزىمۇ چۈشۈپ قالغان.

4) دەرسلىك 73 ـ بەت يۇقىرىدىن 12 ـ قۇر «چىقىرىمەن» سۆزى «چىقىرىمە» دەپ بېسىلغان.

5) دەرسلىك 91 ـ بەت يۇقىرىدىن 19 ـ قۇر «گويا» دېگەن سۆز «گۆيا» دەپ بېسىلغان.

6) دەرسلىك 118 ـ بەت يۇقىرىدىن 15 ـ قۇر «پۇرايدىغان» دېگەن سۆز «بۇرايدىغان» دەپ بېسىلغان.

7) دەرسلىك 129 ـ بەت يۇقىرىدىن 7 ـ قۇر «ئارتىلغان» دېگەن سۆز «ئارتىلغا» دەپ بېسىلغان.

8) دەرسلىك 144 ـ بەت يۇقىرىدىن 3 ـ قۇر « قىيا قوزغۇنغا» دېگەن سۆز «قىيا قوزغۇنغا» دەپ بېسىلغان.

9) دەرسلىك 176 ـ بەت تۆۋەندىن 7 ـ قۇر «ئۆتمەسمىدى» دېگەن سۆز «ئۆتەمسىدى» دەپ بېسىلغان.

10) دەرسلىك 189 ـ بەت تۆۋەندىن 4 ـ قۇر «ئۈستىكى» دېگەن سۆز «ئۈستىگە» دەپ بېسىلغان.

11) دەرسلىك 195 ـ بەت يۇقىرىدىن 11 ـ قۇر «يوخۇاتەي» دېگەن سۆز «يخۇتەي» دەپ بېسىلغان.

12) دەرسلىك 232 ـ بەت يۇقىرىدىن 1 ـ قۇر «خەلقنىڭ» دېگەن سۆز «خەلقلەرنىڭ» دەپ بېسىلغان. «خەلق» سۆزىنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمىغان شەكلىلا كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ، تىلىمىزدا كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ كەينىگە يەنە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشىدىغان قائىدە يوق.

13) دەرسلىك 234 ـ بەت تۆۋەندىن 12 ـ قۇر «سىيلىقلاشتۇرۇپ» دېگەن سۆز «سىلىقلاشتۇرۇپ» دەپ بېسىلغان.

14) دەرسلىك 245 ـ بەت يۇقىرىدىن 11 ـ قۇر «خىجىل» دېگەن سۆز «خىقىل» دەپ بېسىلغان.

15) دەرسلىك 246 ـ بەت يۇقىرىدىن 13 ـ قۇر «پۇبلىستىك» دېگەن سۆز «پوبلىستىك» دەپ بېسىلغان.

16) دەرسلىك 320 ـ بەت يۇقىرىدىن 12 ـ قۇر «بىئەپ» دېگەن سۆز «بىئەت» دەپ بېسىلغان.

17) دەرسلىك 340 ـ بەت تۆۋەندىن 3 ـ قۇر «مەھسۇلى» دېگەن سۆز «مەسئۇلى» دەپ بېسىلغان.

ئادەتتە ئىملا ۋە تىنىش بەلگىلىرى جەھەتتىكى خاتالىقنى ئادەتتىكى خاتالىق دەپ ئۇنچىغا سەل قارىلىۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىستىلىستىكا ئادەتتە پاسسىپ ئىستىلىستىكا ياكى ئادەتتىكى ئىستىلىستىكا ۋە ئاكتىپ ئىستىلىستىكا ياكى ئالاھىدە ئىستىلىستىكا دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئادەتتىكى ئىستىلىستىكا ئۆچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋاستىلەر ئادەتتىكى ئىستىلىستىك ۋاستىلەر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

بىرىنچى، سۆزلەرنى ئىملالىق يېزىش، گەپنى ئېنىق، روشەن تەلەپپۇزلۇق قىلىش . ئىككىنچى، تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا قوللىنىش. ئۈچىنچى، سۆزلەرنى دەل جايىغا قويۇپ ئىشلىتىش. ئۇنىڭدىن باشقا، باش قۇردىن يېزىش، قۇر كۆچۈرۈش، مۇھىم نۇقتىلارنىڭ ئاستىغا تەكىتلەش بەلگىسى قويۇش قاتارلىقلارمۇ ئادەتتىكى ئىستىلىستىك ۋاستىلەر كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ⑥.

قىسقىسى، ئىملا ۋە تىنىش بەلگىلىرىمۇ ئادەتتىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن بولۇپ، ئىملا ۋە تىنىش بەلگىلىرىنىڭ يېزىقچىلىقتىكى ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. ماقالە ـ ئەسەر يازغاندا، سۆزلەرنى ئىملا قائىدىسى بويىچە يېزىش، گەپنى روشەن تەلەپپۇزلۇق قىلىش، سۆز ـ جۈملىلەرنى ئىملا قائىدىسى بويىچە توغرا يېزىش لازىم، ئەگەر ئىملا قائىدىسى بويىچە يېزىلمىسا، ئىپادىلىمەكچى بولغان پىكىر روشەن ئىپادىلەنمەيلا قالماستىن، بەلكى خاتا ئۇقۇم پەيدا قىلىشقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا زور خاتالىقلار يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن.

## 2. ئۇقۇم ئېنىق بولماسلىق مەسىلىسى

1) دەرسلىك 6 - بەت يۇقىرىدىن 10 - قۇر: «‹بالا - قازا باينىڭ مېلىغا كېلەر، كەمبەغەلنىڭ جېنىغا› دېگەن ماقال - تەمسىلدىكى» دېگەن جۈملىدىكى «ماقال - تەمسىل» دېگەن ئاتالغۇ توغرا ئىشلىتىلمىگەن. يۇقىرىقى جۈملىدىكى تۇراقلىق بىرىكمە «ماقال»، «تەمسىل» ئەمەس. «ماقال» دا ئۇيى - پىكىر بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، «تەمسىل» دە ئۇيى - پىكىر مىسال قىلىپ كەلتۈرۈش، ئوخشىتىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ⑦. شۇڭا يۇقىرىقى تىل شارائىتىدا «ماقال - تەمسىل» دېمەيمىز، «ماقال» دەيمىز.

2) دەرسلىك 8 - بەت يۇقىرىدىن 2 - قۇر «ھادىسىلەرنىڭ خاراكتېرى بىلەن باغلىنىشلىرىنى توغرا ھەم مۇۋاپىق، تاللانغان سۆزلەر ئارقىلىق جۈملىلەرنى مۇككەممەل تەشكىللەپ، پىكىرنى ئېنىق، توغرا تىل بىلەن ئەكس - ئەتتۈرۈپ بېرىشكە ئالاھىدە ماھىر بولۇش لازىم.» دېگەن جۈملىدىكى «توغرا تىل» دېگەن بىرىكمە توغرا ئىشلىتىلمىگەن. تىلىمىزدا «توغرا تىل»، «خاتا تىل» دېگەن سۆز ياكى بىرىكمە يوق، سۆزلەر ئايرىم تۇرغاندا، ئۇنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ، پەقەت گرامماتىكىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈپ، جۈملە تەركىبىگە كىرگەندە، ئۇنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. يۇقىرىقى جۈملىدە يەنە، «جۈملىلەرنى مۇكەممەل تەشكىللەپ» دېگەن بىرىكمىمۇ توغرا ئىشلىتىلمىگەن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئارقىلىق» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىمۇ جايىدا ئەمەس. بۇ جۈملىدە ئۇقۇم ئېنىق بولماسلىق مەسىلىسى ئېغىر. بۇ جۈملە «ھادىسىلەرنىڭ خاراكتېرى بىلەن باغلىنىشلىرىنى مۇۋاپىق تاللانغان سۆزلەر، راۋان جۈملىلەر ئارقىلىق، پىكىرنى ئېنىق، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە ئالاھىدە ماھىر بولۇش لازىم» دېيىلسە توغرا بولغان بولاتتى.

3) دەرسلىك 14 - بەت تۆۋەندىن 7 - قۇر «تىلدىن ئىبارەت پىكىر ئالماشتۇرۇش قورالىنىڭ رولىنى توغرا، ئېنىق ھەم لېرىك قىلىپ ئىشلىتىشتىن ئىبارەت» دېگەن جۈملىدە پىكىر ئېنىق ئەمەس، بۇ جۈملە «تىلدىن ئىبارەت پىكىر ئالماشتۇرۇش قورالىنىڭ رولىدىن توغرا پايدىلىنىشتىن ئىبارەت» بولۇشى كېرەك. «ئېنىق ھەم لېرىك قىلىپ ئىشلىتىشتىن ئىبارەت» دېگەن بىرىكمىمۇ ئارتۇقچە.

4) دەرسلىك 15 - بەت تۆۋەندىن 9 - قۇر «قېرىغاندا كۆرۈشتۇم مەن تاغ بىرلە، قازدىم تاغنى مەن تىرناق بىرلە» دېگەن مىسالدىكى «كۆرۈشتۇم» دېگەن سۆز «كۆرەشتىم» (كۆرەش قىلدىم) بولۇشى كېرەك.

5) دەرسلىك 24 - بەت تۆۋەندىن 1 - قۇر «ئىشلەتكەن سۆز ئاممىباپ، ئاددىي - ساددا بولۇشى لازىم». بۇ جۈملىدىكى «ئاددىي - ساددا» دېگەن سۆز ئادەم ۋە كىيىم - كېچەككە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. يۇقىرىقى جۈملە «ئىشلەتكەن سۆز ئاممىباپ بولۇشى لازىم» دېيىلسىلا كۇپايە بولاتتى.

6) دەرسلىك 32 - بەت تۆۋەندىن 5 - قۇر «يەنە بىرى ‹شەيئىلەرنىڭ ئۈستىگە بېرىلىدىغان سىر›نى بىلدۈرىدۇ» دېگەن جۈملىدىكى «شەيئىلەر» ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق نەرسىلەر ۋە ھادىسىلەرنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا يۇقىرىقى جۈملە «يەنە بىرى ‹ئۆي جاھازلىرىنىڭ ئۈستىگە بېرىدىغان سىر›نى بىلدۈرىدۇ»، بولۇشى كېرەك.

7) دەرسلىك 48 - بەت تۆۋەندىن 3 - قۇر «تۈزۈلگەن جۈملىلەردىكى سۆزلەر ئادەتتىكى سۆزلەر (ياكى ئاممىباب سۆزلەر) قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى لازىم» بولۇشى كېرەك.

روشەنكى، سۆز بىلەن ئۇقۇمنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ، ئۇقۇم سۆزنىڭ مەزمۇنى، سۆز ئۇقۇمنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ماقالە - نۇتۇق تىلىدىكى جۈملىلەردە سۆزلەرنى مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىپ، ئىشلەتكەن سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن ئېنىق، توغرا، تۇس جەھەتتىن روشەن، ئىنتوناتسىيەسى بىردەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى، گرامماتىكىلىق مەنىسى، ۋە تۇس مەنىسى شۇنداقلا سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشنى بىلمىسەك تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايمىز. قىسقىسى، يۇقىرىقىدەك ئۇقۇم ئېنىق بولماسلىق مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ.

## 3. تۇراقلىق تەركىبلەرنى بۇزۇپ ئىشلىتىش مەسىلىسى

1) دەرسلىك 8 ـ بەت يۇقىرىدىن 5 ـ قۇر «ئاش تۇزى بىلەن تەملىك، ئادەم سۆزى بىلەن پەملىك» ياكى «ئاش تۇزى بىلەن، ئادەم سۆزى بىلەن» دېگەن ماقالنى «ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن، ئادەمنىڭ تەمى سۆز بىلەن» دەپ بۇزۇپ ئىشلەتكەن. «ئادەمنىڭ تەمى» دېگەن بىرىكمىمۇ ئەزەلدىن بولغان ئەمەس.

2) دەرسلىك 37 ـ بەت يۇقىرىدىن 6 ـ قۇر «قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرۇت يەر» دېگەن ماقالنى «قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرۇت يەيدۇ» دەپ ماقالنىڭ ماقاللىق قىممىتىنى يوقىتىپ، ئادەتتىكى جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان.

3) دەرسلىك 37 ـ بەت يۇقىرىدىن 8 ـ قۇر «ۋاپاسىز قېرىنداشتىن، ۋاپادار دوست ياخشى» دېگەن ماقالنى «ۋاپاسىز قېرىنداشتىن، ۋاپادار قوشنا ياخشى» دەپ بۇزۇپ ئىشلەتكەن.

4) دەرسلىك 37 ـ بەت يۇقىرىدىن 9 ـ قۇر «ياخشى سۆز جان ئوزۇقى، يامان سۆز ئۆلۈم قوزۇقى» دېگەن ماقالنى «ياخشى سۆز جان ئوزۇقى، يامان سۆز ئۆلۈم قوۋزۇقى» دەپ بۇزۇپ ئىشلەتكەن.

تىلىمىزدىكى ماقال ـ تەمسىللەر ئۇزۇن يىللىق ئىشلىتىش داۋامىدا تۇراقلاشقان بولۇپ، ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ شېئىرىي تۈسى قويۇق، مۇزىكىلىقلىقى يۇقىرى، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك بولىدۇ، ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئىدىئوملاردىنمۇ زىچ ۋە يۇقىرى دەرىجىدە تۇراقلىق بولىدۇ. ئادەتتە، ئۇنىڭغا ھېچقانداق سۆز قوشۇشقا، چۈشۈرۈپ قويۇشقا ياكى تەركىبىدىكى سۆزلەرنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. شۇڭا يۇقىرىقىدەك بۇزۇپ ئىشلىتىش ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ⑧.

## 4. سۆز تاللاش مەسىلىسى

1) دەرسلىك 26 ـ بەت تۆۋەندىن 9 ـ قۇر «‹ئەخلاق ئادەم زىننىتى، دېگەن بۇ سۆزلەر ناھايىتى مۇۋاپىق تاللانغان بولۇپ، مەزمۇنى ئېنىق، توغرا، گۈزەل بىر جۈملىنى ھاسىل قىلغان» دېگەن جۈملىدىكى «گۈزەل بىر جۈملىنى» دېگەن بىرىكمىدىكى «گۈزەل» سۆزى مۇۋاپىق ئىشلىتىلمىگەن. تىلىمىزدىكى جۈملىلەر «گۈزەل جۈملە» ياكى «سەت جۈملە» دەپ تۈرگە ئايرىلمايدۇ، «مۇۋاپىق»، «نامۇۋاپىق» ياكى «راۋان»، «راۋان ئەمەس» دەپ ئايرىلىدۇ، شۇڭا «گۈزەل بىر جۈملىنى» دېگەن بىرىكمە «راۋان بىر جۈملىنى» بولسا مۇۋاپىق بولاتتى.

2) دەرسلىك 40 ـ بەت تۆۋەندىن 1 ـ قۇر «مورفولوگىيە قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا سۆز ياساپ تىلنىڭ ساپلىقىنى بۇزۇشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك» دېگەن جۈملىدىكى «تىلنىڭ ساپلىقىنى بۇزۇشتىن» دېگەن بىرىكمىدىكى سۆزلەر مۇۋاپىق تاللانمىغانلىقتىن يۇقىرىقىدەك كېلەڭسىز بىرىكمە پەيدا بولۇپ قالغان، ئەسلىي بۇ جۈملە «تىلنى بۇزۇشتىن ساقلىنىش كېرەك» بولۇشى كېرەك ئىدى.

3) دەرسلىك 42 ـ بەت تۆۋەندىن 11 ـ قۇر «ھازىر نۇتقىمىزدا كۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى گىراماتىكا بىلەن ئىستىلىستىكىغا تەئەللۇق مەسىلىلەر بولسا، يەنى ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە ئەقلىي خۇلاسىدىن ئىبارەت. . . » دېگەن جۈملىدىكى «تەئەللۇق» سۆزى بىلەن «تەۋە» سۆزى مەنىداش سۆزلەر بولسىمۇ، «تەئەللۇق» سۆزىنىڭ ئورنىغا «تەۋە» سۆزى ئىشلىتىلگەن بولسا تېخىمۇ مۇۋاپىق بولغان بولاتتى. بۇ جۈملىدە يەنە «كۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ» دېگەن بىرىكمە «كۆرۈلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ» دېيىلگەن بولسا ياخشى بولاتتى.

4) دەرسلىك 67 ـ بەت يۇقىرىدىن 8 ـ قۇر «تەلەپپۇز دېگىنىمىز، نۇتۇق جەريانىدا تەلەپپۇز قائىدىسىگە رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، تىلدىكى تاۋۇشلارنى تولۇق تەلەپپۇز قىلىش، تاۋۇشلارنى قانداق ئورۇندا تۆۋەنلىتىپ تەلەپپۇز قىلىش، قانداق ئورۇندا ئۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىش، قانداق ئورۇندا سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ». يۇقىرىقى مىسالدىكى «تۆۋەنلىتىپ»، «تۆۋەنلەتمەي»، «سوزۇپ»، «ئۇزۇپ» سۆزلىرىنىڭ تىلىمىزدا قېلىپلاشقان شەكلى «يۇقىرى»، «تۆۋەن»، «ئۇزۇن»، «قىسقا».

5) دەرسلىك 67 ـ بەت تۆۋەندىن 5 ـ قۇر «رىتىملىق خۇسۇسىيەت ئاۋازنىڭ ئۇزۇن قىسقا (سوزۇلمىلىقىنى)، راۋانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىككى ئاساسلىق ئامىل بولۇپ، . . . .» بۇ جۈملىدىكى

«سوزۇلمىلىقى» دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا قېلىپلاشقىنى «سوزۇلۇشچان».

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىق، جايىدا تاللىنىشى ئوي ـ پىكىرنىڭ توغرا، ئېنىق ئىپادىلىنىشىنىڭ كاپالىتى. ئەگەر سۆزلەر مۇۋاپىق تاللانمىسا ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي ـ پىكىر توغرا ئىپادىلەنمەيلا قالماي، بەلكى بىرمۇنچە قالايمىقانچىلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، سۆز ئىشلىتىشتە سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسى، كونكرېت مەنىسى ۋە ئابستراكت مەنىسىنى ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن مەلۇم بىر سۆزنىڭ كونكرېت شارائىتتا قانداق سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، شۇنداقلا سۆزنىڭ مەنىسى بىلەن ئىشلىتىلىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئاندىن سۆز ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

## 5. سۆز ـ ئىبارە ۋە ئاتالغۇلارنى بۇزۇپ ئىشلىتىش مەسىلىسى

1) دەرسلىك 203 ـ بەت يۇقىرىدىن 8 ـ قۇر «غەربىي ياۋروپانىڭ بىر تەرجىمان يازغۇچىسى ستالىن بىلەن تارىخىي شەخسلەر ئۈستىدە سۆھبەتلەشكەندە. . . .» دېگەن جۈملىدە ئىملا خاتالىقى تۈپەيلىدىن «تەرجىمان يازغۇچى» دېگەن تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى غەيرىي ئاتالغۇ پەيدا بولغان، توغرىسى «تەرجىمىھال يازغۇچىسى» بولۇپ، تەرجىمىھال ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى ئەدەبىي تەرجىمىھال يەنە بىرى قىسقىچە تەرجىمىھال، ئەدەبىي تەرجىمىھالدا دۆلەت ئەربابى، ئالىم، مۇتەخەسسىس، پەيلاسوپ قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھاياتىي، كەچۈرمىشى، ئىش ـ ئىزلىرى، پائالىيىتى تەپسىلىي يېزىلىدۇ. قىسقىچە تەرجىمىھالدا. . . قىسقىچە يېزىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى يازىدىغان يازغۇچىنى «تەرجىمىھال يازغۇچىسى» دەيمىز.

2) دەرسلىك 234 ـ بەت تۆۋەندىن 5 ـ قۇردا «ئەدەپسىز سۆز» دېگەن ئىبارە بار، بۇ ئىبارە «قوپال سۆز» دېگەن ئىبارىنىڭ بۇزۇلغان شەكلى بولۇپ، تىلىمىزدا «ئەدەپسىز سۆز» ياكى «ئەدەپلىك سۆز» دېگەن سۆز يوق.

3) دەرسلىك 254 ـ بەت يۇقىرىدىن 2 ـ قۇردا «مايسىزار بۇغداي ئېتىزى» دېگەن ئاتالغۇنى ئۇچرىتىمىز، بۇ بۇزۇلغان ئاتالغۇ بولۇپ، ئادەتتە «بۇغدايلىق»، «بۇغداي ئېتىزى» ياكى «مايسىزار» دەپلا ئىشلىتىپ كېلىۋاتىمىز. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتساق «مايسىزار» دېگىنىمىز «بۇغدايلىق»نىڭ تېخى دان تۇتمىغان مايسا پەسلىدىكى ئاتىلىشى، «بۇغدايلىق» ياكى «بۇغداي ئېتىزى» دېگىنىمىز بۇغداينىڭ دان تۇتقان، پىشىشقا يېقىنلاشقان ياكى پىشقان پەسلىدىكى ئاتىلىشى. شۇڭا يۇقىرىقى «مايسىزار بۇغداي ئېتىزى» دېگەن ئاتالغۇنى، ئەگەر بۇغداي مايسا پەسلى بولغان بولسا «مايسىزار» دەپ، ئەگەر دان تۇتقان ياكى پىشقان پەسلى بولسا يۇقىرىقىدەك ئاتىساق بولىدۇ.

14) دەرسلىك 254 ـ بەت يۇقىرىدىن 6 ـ قۇردا «مايسىزارلىق» دېگەن ئاتالغۇ بار، بۇ ئاتالغۇمۇ بۇزۇلغان ئاتالغۇ. بۇ ئاتالغۇدىكى «لىق» قوشۇمچىسى بىلەن «زار»قوشۇمچىسى ئوخشاشلا دائىرىنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا «مايسىزار» بولۇشى كېرەك.

5) دەرسلىك 254 ـ بەت يۇقىرىدىن 12 ـ قۇر «تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېشىل مايسىزارلىق ئېتىزلارنى بىردىنلا كۆك ـ يېشىل دەرياغا ئوخشاتقان» دېگەن جۈملىدىكى «كۆك ـ يېشىل دەريا» دېگەن بىرىكمە ياكى «كۆك دەريا» ياكى «يېشىل دەريا» بولۇشى كېرەك.

6) دەرسلىك 265 ـ بەت تۆۋەندىن 8 ـ قۇر «ھاياجانلىق سوراقنىڭ ئاساسلىق ئىستىلىستىكىلىق رولى ئىنتوناتسىيەنى كۈچەيتىپ، تىلنىڭ كۆرۈنۈشىنى (قىياپىتى) ھەيۋەتلىك قىلىش»، «جانلىق قىياپەت پەيدا قىلىپ» دېگەندەك كېلەڭسىز ئاتالغۇلار مەزمۇننىڭ توغرا ئىپادىلىنىشىگە تەسىر يەتكۈزگەن. تىلىمىزدا «تىلنىڭ كۆرۈنۈشى»، «تىلنىڭ قىياپىتى» دېگەن بىرىكمە يوق، «ھەيۋەتلىك» دېگەن سۆز «كاتتا»، «زور»، «كۆركەم» دەپ ئىزاھلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا «تىل» بىلەن «ھەيۋەتلىك» ھەرگىز بىرىكىپ كەلمەيدۇ. «تىلنىڭ كۆرۈنۈشىنى ھەيۋەتلىك قىلىش» ۋە «جانلىق قىياپەت پەيدا قىلىش» ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، يېزىقنىڭ كۆرۈنۈشىنى يەنى ھەرپنىڭ كۆرۈنۈشىنى جەلىپ قىلارلىق قىلىش مۇمكىن، مەسىلەن، ھەرپلەرنى بولۇپمۇ باش ھەرپلەرنى ھەر خىل شەكىل چىقىرىپ يېزىش مۇمكىن. بۇ جۈملە «ھاياجانلىق سوراقنىڭ ئاساسلىق ئىستىلىستىكىلىق رولى ئىنتوناتسىيىنى كۈچەيتىپ تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئىپادىلىگەن مەزمۇننى جانلىق، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىدۇ.» دەپ ئېلىنغان بولسا جۈملە توغرا ھەم راۋان بولغان بولاتتى.

7) دەرسلىك 311 ـ بەت تۆۋەندىن 3 ـ قۇردا «ئىزوپ مەسەللىرى»، 312 ـ بەت تۆۋەندىن 5 ـ قۇرلاردا «يىسو مەسەللىرى» دېگەن ئاتالغۇلار بار. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى ئاتالغۇ بىرلا «ئىزوپ مەسەللىرى» دېگەن ئاتالغۇ بولۇپ، بىرى ئۇيغۇرچە، بىرى خەنزۇچە ئېلىنغاچقا ئىككى خىل ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

تىلىمىزدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىشتە قىسمەن سەۋەنلىكلەر بولسىمۇ، لېكىن «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»، «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»، «كۆپ ئىقتىدارلىق ئېلېكترونلۇق لۇغەت» قاتارلىق قورال كىتابلاردىن پايدىلانساق، سۆز ـ ئىبارە ۋە ئاتالغۇلارنى بۇزۇپ ئىشلىتىشتىن ساقلىنالايمىز.

## 6. سوز ـ ئىبارىلەرنى چۈشۈرۈپ قويۇش مەسىلىسى

1) دەرسلىك 6 ـ بەت يۇقىرىدىن 13 ـ قۇر «ماقالىنىڭ ئەسلىي شەكلىنى بۇزۇپ تاشلىغان» دېگەن جۈملىدىكى «بۇزۇپ» سۆزى چۈشۈپ قالغان.

2) دەرسلىك 24 ـ بەت يۇقىرىدىن 7 ـ قۇر «ئەگەر سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشنى بىلمىسەك، ئەملگە ئاشۇرالمايمىز» دېگەن جۈملىدە نېمىنى ئەملگە ئاشۇرۇش مەسىلىسى ئېنىق ئەمەس، كونتېكست مەزمۇنىدىن قارايدىغان بولساق، بۇ جۈملىدە «تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى» دېگەن مەزمۇن چۈشۈپ قالغان.

3) دەرسلىك 27 ـ بەت يۇقىرىدىن 1 ـ قۇر «يەنى سۆزلەرنىڭ هەر خىل مەنىلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقىش بىللە، نۇرغۇن سۆزلەرنى ئىگىلىۋېلىش لازىم» دېگەن جۈملە «يەنى سۆزلەرنىڭ هەر خىل مەنىلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نۇرغۇن سۆزلەرنى ئىگىلىۋېلىش لازىم» بولۇشى كېرەك.

5) دەرسلىك 342 ـ بەت تۆۋەندىن 11 ـ قۇر «گۈل ـ چېچەككە پۈركۈنەر تاغنا، باهاردا قەبرىمىز» دېگەن مىسرادىكى «تاغنا (قۇمۇل شېۋىسى، «ئەتە، دېگەن مەنىدە)» دېگەن سۆز چۈشۈپ قالغان.

يۇقىرىقى مىساللاردا سۆز چۈشۈپ قېلىش سەۋەبى بىلەن مەزمۇن توغرا ئىپادىلەنمەيلا قالماي، مەزمۇندا خاتالىق كېلىپ چىققان

## 7. دەرسلىك مەزمۇنىغا خىلاپ مىساللار مەسىلىسى

دەرسلىككە دەرس مەزمۇنىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ياكى سۆز ـ جۈملىلىرى خاتا، ۋاقتى ئۆتكەن مىساللار كىرگۈزۈلگەن.

1) دەرسلىك 25 ـ بەت تۆۋەندىن 12 ـ قۇر «ماگىزىنىمىزدا بۇگۈندىن باشلاپ باهاسى چۈشۈرۈلگەن ئايال ـ قىزلارنىڭ كىيىمى سېتىلىدۇ. خېرىدارلارنىڭ قىزغىن سېتىۋېلىشىنى قارشى ئالىمىز» دېگەن مىسال، ئىشلەتكەن سۆزلەر ئىككى بىسلىق بولۇپ قالماسلىقى كېرەك، دېگەن مەزمۇنغا ئېلىنغان مىسال بولۇپ، بۇ مىسالنىڭ مەزمۇن بىلەن هېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. بۇ مىسال ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئورنى مۇۋاپىق بولماسلىق دېگەن مەزمۇنغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. مىسالدىكى «باهاسى چۈشۈرۈلگەن ئايال ـ قىزلارنىڭ كىيىمى» ئەمەس «قىزلار ۋە ئاياللارنىڭ باهاسى چۈشۈرۈلگەن كىيىمى» بولۇشى كېرەك.

2) دەرسلىك 276 ـ بەت يۇقىرىدىن 10 ـ قۇر «جىمجىت قاراڭغۇ كېچە. دېڭىز سۈيى غەزەپ بىلەن قىرغاقتىكى قىيا تاشلارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئادەمنىڭ ئەرۋاهى ئۇرككۇدەك، ئەمما هەمىشە بىر خىل يېقىمسىز ئاۋاز چىقىراتتى. لېكىن داۋجىلىڭ قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان قۇملۇقتا تىقىلغان، ئۇ ئۆلمىگەنىدى. ئۇ ئۆزىنى چولڭ دېڭىزغا ئاتاي دەۋەتقاندا، مۇلايىم بىر جۈپ بىلەك ئۇنى قۇچاقلىۋالدى».

يۇقىرىقى مىسالدىكى «ئادەمنىڭ ئەرۋاهى ئۇرككۇدەك» دېگەن بىرىكمە، بۇزۇلغان بىرىكمە. تىلىمىزدا قېلىپلاشقان شەكلى «ئادەمنىڭ ئەرۋاهى ئۇچقۇدەك». تىلىمىزدا «مۇلايىم بىر جۈپ بىلەك» دەيدىغان بىرىكمە ئەزەلدىن بولغان ئەمەس، بۇ بىرىكمە «ئۇنى مۇلايىملىق بىلەن قۇچاقلىۋالدى» دېيىلسە توغرا بولاتتى.

3) دەرسلىك 277 ـ بەت يۇقىرىدىن 1 ـ قۇر «يىراقلاردا پاسۇر ـ پۇس قىلىپ ئېتىلىۋاتقان پوجاڭزا ئاۋازى غۇۋۇا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك گۈلدۈرلەپ، لەپشىپ يېغىۋاتقان قار بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. بىر ئالغان ئىدى. بۇ ئاۋاز ئىچىدە بىر ئاز ئېزىلىپ كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشۈپ قالدى. ئەتىگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋام قىلغان گۇمانلىق خىياللار ‹بەخت تىلەش، گۈلدۈر ـ تاراقلار مېگەمدىن تامام ئۆچۈپ كەتتى...».

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدە «پاسۇر ـ پۇس»، «لەپشىپ»، «گۈلدۈر ـ تاراق» دېگەن ئىملىق سۆز يوق، «غۇۋۇا ئاڭلاناق» دېگەن بىرىكمىمۇ يوق، توغرىسى «پاس ـ پۇس» ياكى «پاراس ـ پۇرۇس»، «لەپىلدەپ»، «گۈلدۈر ـ غاراس» ياكى «تاراق ـ تۇرۇق»، «غۇۋۇا» سۆزى بىلەن «ئاڭلاناق» سۆزى بىرىكىپ كەلمەيدۇ. تىلىمىزدا «غۇۋۇا» سۆزى «كۆرمەك» سۆزى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ «غۇۋۇا كۆرمەك» دېگەن بىرىكمىنى ھاسىل قىلىپ، كۆزنىڭ كۆرۈش دەرىجىسىنى، «ئاڭلىماق» سۆزى، «ئېنىق، ئوچۇق، ئازراق» دېگەن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىپ «ئېنىق ئاڭلىماق»، «ئوچۇق ئاڭلىماق»، «ئازراق ئاڭلىماق» دېگەن بىرىكمىلەرنى ھاسىل قىلىپ، قۇلاقنىڭ ئاڭلاش دەرىجىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىقى بەزى مىساللار تولىمۇ كونىرىغان مىساللار بولۇپ، 2004 ـ يىلى نەشر قىلىنغان دەرسلىككە ئەرزىگۈدەك مىسالمۇ ئەمەس. بولۇپمۇ «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى» دېگەن دەرسلىككە تېخىمۇ مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. دەرسلىكىمىز «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى» بولغاندىكىن، دەرسلىككە كىرگۈزۈلىدىغان مىساللار تەرجىمە ئەسەرلەردىن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن ئېلىنغىنى تۈزۈك. مىسال مەنبەسىنى ئويلىشىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

دېمەك، يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىستىلىستىكا ئىلمى تىلدىكى مەۋجۇت تىل ماتېرىياللىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش، تىلنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت قورۇلۇشىدىكى ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش تەبىئىي ھالدا شۇ تىلدىكى مەۋجۇت تىل ماتېرىياللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكا ئوقۇتۇشىنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىگە يۈزلەندۈرۈشىمىز ۋە ئىستىلىستىكا ئەمەلىيىتىنى ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئىستىلىستىكىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، دەرسلىك ماتېرىيالىمىز دەرسلىك پروگراممىسىغا ئۇيغۇن، خاتاسىز بولۇشى، سۆز ـ جۈملىلەر دەرسلىكتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن مىساللار يېڭى، ئاممىباپ، ئۈرنەك قىلغۇدەك مىساللار بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، دەرسنى توغرا، ئۈلچەملىك، قايىل قىلارلىق، جەلپ قىلارلىق قىلىپ سۆزلىيەلەيمىز.

**ئىزاھلار:**


①⑤ سەمەت تۇرسۇن: «ئۇيغۇر تىلى ئىسلىتىستىكىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، 10 ـ بەت.

②③⑥⑦⑧ ئابدۇرەئوپ پولات: «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، 143ـ، 147 ـ، 325 ـ، 330 ـ بەتلەر.

④ ۋېن كېشۇي: «ئىستىلىستىكا ئۆگىنىش» ژۇرنىلى «ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىستىلىستىكا ئوقۇتۇشى توغرىسىدا»، 1999 ـ يىللىق 3 ـ سان 15 ـ بەت.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

ماقالە نومۇرى: 1005—5878(2010)04—068—06

# ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاشلىق يەنچىشقا ئىشلىتىش تېخنىكىسىغا نەزەر

زۇلپىيە ياسىن
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي تەشۋىقات بۆلۈمى، ئۈرۈمچى. 830000)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ۋە قېزىۋېلىنغان قەدىمكى يارغۇنچاق ۋە تۈگمەنلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىياتى توغرىسىدىكى بايانلار ئارقىلىق تېرىقچىلىق ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ بۇ ماكاندا تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ.

**摘要**：本文通过对新疆各地收集和发掘的石杵和石磨的产生与发展的论述，证实这片土地上种植业自古至今一直在发展。

**Abstract**: Based on the exposition about the coming into being and development of the stone pestle and stone grinder unearthed in various parts of Xinjiang, the author of this article proves that crop farming has been developing since ancient times.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G03      ماتېرىيال بەلگىسى: A

پارلاق تارىم مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، ھۈنەر ـ سەنئەت، سودا ـ سېتىق، كارىزچىلىق ۋە تۈگمەنچىلىك قاتارلىق كۆپ خىل مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى يارىتىش بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەككە بولغان تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاشلىق ۋە ياغلىق دانىنى پىشىشقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغان ۋە راۋاجلاندۇرغان. يېزا ئىگىلىكى ۋە باغۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۈزۈمدىن ماي ئىشلەش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ تەۋەسىدىن يارغۇنچاق، ئۇلاغ تۈگمىنى، سۇ تۈگمىنى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپلەپ بايقالغان.

سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرىدە: ھونلارنىڭ تېرىق تېرىيدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ «شىمالدىكى جايلارغا بالدۇر سوغۇق چۈشىدۇ، تېرىق تېرىشقا قولايسىز، لېكىن ھونلار ئۆز يەرلىرىدە تېرىق تېرىغان» دەپ يېزىپ شۇ دەۋىردە غەربىي يۇرتتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىدا مەخسۇس يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرىدىغان تۆت دەرىجىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى بايان قىلغان.

يازما مەنبەلەردە، شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەرگە خەلق ئىگىدارچىلىق قىلغانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار بار بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى قاراخانىيلارغا قاراشلىق ياركەندە بۇغداي تېرىلىدىغانلىقى يېزىلغان. شۇنىڭ

• بۇ ماقالە 20 ـ يىلى ـ ئاينىڭ ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
ئاپتور: زۇلپىيە ياسىن (1965 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ياردەمچى تەتقىقاتچىسى.

بىلەن بىر ۋاقىتتا خانلىق تېررىتورىيەسىدە دانلىق ئاشلىق ۋە پۇرچاقتىن باشقا، كەندىر، كۇنجۇت، كېۋەز قاتارلىقلار تېرىلغان. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامانغا ئائىت تارىخىي مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ئەجدادلار يەرنى كالا قېتىپ بىلەن ئۇغۇتلاپ كەلگەن. ئاشلىقنى يارغۇنچاق ۋە تۈگمەندە تارتقان بولۇپ بۇ تۈگمەنلەر شۇ دەۋر ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ نامايەندىسى ئىدى.

شىنجاڭ تۈگمىنىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى ھېسابلىنىدىغان يارغۇنچاق يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا تاش، ياغاچ، مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان يارغۇنچاق، تۈگمەن، تاش ئورغاق، ياغاچ كۈرەك، ياغاچ ئارا ... قاتارلىقلار ئىشلىتىلگەن.

يارغۇنچاق — دانلىق ئاشلىقتىن يارما يارىدىغان سايمان. شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، يارغۇنچاق يېڭى تاش قورال دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. بۈنى تۇرپاننىڭ ئاستانە، مورىدىكى سىداۋگۇ، ئۈرۈمچىدىكى سەيۇۋپۇ، لوپنۇر، قەشقەرنىڭ كوناشەھەر (تۇققوزاق) ناھىيەسىدىكى ئوپال قاتارلىق جايلاردىن بايقالغان تاش قوراللار ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. دېھقانچىلىقنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يارغۇنچاق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالى شۇنداقلا، ئەجدادلارنىڭ ئانا ماكانى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئورخۇن ـ سېلىنگا دەريا ۋادىلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەن. بۇ نۇقتىنى بىرونزا قورال دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە تەۋە خارابە ۋە قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان يارغۇنچاقلار چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شىنجاڭدىن بايقالغان يارغۇنچاقلارنىڭ شەكلى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس بولۇپ، قولۋاق شەكىللىك، ئېگەر شەكىللىك، دۈگىلەك شەكىللىك يارغۇنچاقلار بار.

2000 ـ يىلى 10 ـ ئايدا موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىدىكى قارا سۇ قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان سەككىز قەبرىنىڭ M1 نومۇرلۇق قەبرە③ دۆۋىسىدىن بىر دانە يارغۇنچاق تېشى قېزىۋېلىنغان، ئۈرۈمچىنىڭ تودۇڭخابا ئەسكى شەھىرى خارابىسى، تۇرپان ئايدىڭكۆل قەبرىستانلىقىدىنمۇ تاش پالتا، يارغۇنچاق ۋە ئېگەر شەكىللىك تاش يارغۇنچاقلا تېپىلغان. تۇرپاننىڭ ياڭخې قەبرىستانلىقىدىنمۇ ئېگەر شەكىللىك يارغۇنچاق تېپىلغان.



تاش يارغۇنچاق (تەخمىنەن 3000 يىل ئىلگىرى)، 1972 ـ يىل قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەسى ئوپال يېزىسىدىكى خارابىلىقتىن تېپىلغان

تۈگمەننىڭ ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، تۈگمەنگە ئادەم كۈچى، ئۇلاغ كۈچى ۋە سۇ كۈچى ئىشلىتىلەتتى. تۈگمەن — شال، بۇغداي، نوقۇت قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى ئۇنغا ئايلاندۇرىدىغان بىر خىل ئۈسكۈنە بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە دۆلىتىمىزدە سۇ تۈگمىنى كەشىپ قىلىنغان. ئۇ ئادەتتە ئىككى دۈگىلەك تاش بىلەن ياسىلىدۇ.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تاش تۈگمەن توغرىسىدا ئىلگىرى چەت ئەل ئالىملىرى تاش تۈگمەننى جاڭچەن غەربكە

سەبەر قىلغاندىن كېيىن، غەربتىن ئېلىپ بارغان دەپ قارىغان، روسىيەلىك نەتىقاتچى بارتولدنىڭ ئەسىرىدە تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىلگەن. «ئۇدۇندا تۈگمەن كۆپ ئىكەن. بۇ تۈگمەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاستىدىكى تېشى ھەرىكەتلىنىدىكەن، ئۈستىدىكى تېشى مىدىرلىمايدىكەن. ئۇ تۈگمەنلەردە جۇڭگونىڭ يىپەك يىپلىرىدىن توقۇلغان ئەلگەك بار ئىكەن. بۇ ئەلگەكلەر سۇ بىلەن ھەرىكەتلىنىدىكەن. ئۇن تاسقىلىپ تۆۋەنگە چۈشىدىكەن، كېپەك ئەلگەكتە قالىدىكەن. ئۇنىڭ يەنە بىر مەخسۇس جابدۇقى بولۇپ، يەرلىك خەلق ئۇنى ‹باداسياپ› دەپ ئاتايدىكەن، بۇنىڭدا ئاشلىق دانلىرى پاكىزلىنىدىكەن. دان بىر تەرەپكە، مەنگەن سامانلىرى بىر تەرەپكە چۈشۈپ، باداسياپ سۇ بىلەن ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىكەن». بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى، دېھقانچىلىق ئەنئەنىلىرى ۋە جۇغراپىيەلىك ئورنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىنى بەلگىلەپ بەرگەن. يەنى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۈچ تۈرى — بۇغداي يېتىشتۈرۈش، ئۈزۈمچىلىك، پاختىچىلىق بىرقەدەر ئومۇملاشقان. قەدىمكى قەشقەر ياكى ئەدىقۇت بولسۇن ئەجدادلىرىمىز تۈجۈپىلەپ دېھقانچىلىق قىلىپ، بۇغداي، شال، تېرىق، پۇرچاق، پاختا، كەندىر، كۆنجۈت قاتارلىق ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىپ، تۈگمەن ۋە يارغۇنچاقلاردا تارتىپ، ئۇن ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن، مۇۋاپىق مىقداردا تۇز ۋە سۇ قويۇپ ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ، ئۇنى تېخىمۇ پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئوزۇقلۇققا ئايلاندۇرغان. مەسىلەن: ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقان تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان، ئۇندىن تەييارلانغان ھەر خىل يېمەكلىكلەردىن نان، چۆچۈرە، بەششە (جۇۋاۋا)، قاتارلىق بۇيۇملار بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.



1972 ـ يىلى تۇرپان ئاستانا قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان نان



(1) 1969 ـ يىل تۇرپان ئاستانا 117 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان چۆچۈرە.

مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىدىكى ئۆكۈزنىڭ قوش بىلەن، ئادەمنىڭ كەتمەن بىلەن يەر ئاغدۇرۋاتقان كۆرۈنۈش غەربىي يۇرتتا دېھقانچىلىقنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.




باي ناھىيەسى قىزىل مىڭ ئۆيى 175 - نومۇرلۇق غاردىكى كەتمەن بىلەن يەر ئاغدۇرۇۋاتقان تام سۈرەت.
باي ناھىيەسى قىزىل مىڭ ئۆيى 175 - نومۇرلۇق غاردىكى ئۆكۈز قوش سۆرەۋاتقان تام سۈرەت.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئەجدادلىرىمىز ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەشتە قوللانغان سايمان ۋە قۇراللار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. يەنى: «ئۆگىنتچى» (ئۇن تارتقۇچى، تۈگمەنچى)، «ئىستەگۈ» (تۈگمەندە ئۈستىگە ئايلانغۇچى تاش ئورنىتىلغان ياغاچ قۇلاق)، «تەگىرمەن قوغۇش» (تۈگمەن نورى)، «سىبەك» (سۆۋەك، تۈگمەن تېشىنى چۆرگۈلتىدىغان تۆمۈر)، «سوكەن»، «چىغرىل» (تۈگمەن چاقى، چاقپىلەك)، «تۇشۇرگۇ» (چۈشۈرگە، تۈگمەن سۈيىنىڭ دەرياغا قوشۇلغان يېرى)، «يارمىش ئۇن» (يۇمشاق تارتىلغان ئۇن)، «تەگىرمەن تېشەدى» (تۈگمەن تېشىنى چەكتى، تۈگمەن تېشىنى چېكىپ قىرلىرىنى ئەشتتى)، تۈگمەنگە ئالاقىدار بۇ ئاتالغۇلار، ئۆز زامانىسىدىكى غەربىي يۇرتتا تۈگمەننىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. جۈملىدىن «تەگىرمەن قوغۇش»، «سوكەن»، «چىغرىل»، «تۇشۇرگۇ» قاتارلىق سۇ تۈگمىنىگە ئائىت ئاتالغۇلارمۇ ئەينى چاغدا سۇ تۈگمىنىنىڭ خېلى ئومۇملاشقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىز ياشاش ئۈچۈن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۇنىڭدىن يېمەكلىكلەرنى تەييارلىغان. مەسىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تارىخ كۆرگەزمە زالىدا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تۇرپاننىڭ ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان بوغداي، شال قاتارلىقلار بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ.





تۇرپان ئاستانىدىكى 214 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان بوغداي.
تۇرپان ئاستانىدىكى 70 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان شال.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش جەريانىدا ھەرقايسى جايلاردىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، قەبرىستانلىق ۋە مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن ئاشلىق پىششىقلاشتا ئىشلىتىلگەن قوراللار كۆپلەپ قېزىۋېلىنغان.



1 ـ 2 ـ 3 ـ 4 ـ رەسىمدىكىسى ئەمگەكچى ئاياللارنىڭ ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرگەن لاي قونچاقلار بولۇپ، 1972 ـ يىلى تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى 201 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان.

دېمەك، ئەجدادلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە تاشتىن پايدىلىنىپ ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ياساپ ئىشلەتكەن بولسا، كېيىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئېلىمىز ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى خەلقلەرگە ئوخشاش ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش تىرىكچىلىك ئۇسۇلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ جەرياندا ئۇلار باشقا قوۋملەر (مىللەتلەر) بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە تىرىكچىلىك ئۇسۇلىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق تىرىكچىلىك ئۇسۇلىنى ياخشىلىغان ۋە بېيىتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىدىكى پايدىلىق ئامىللار ئارقىلىق باشقىلارغا تەسىر كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ھەر خىل مېتالدىن، تاشتىن تۈرلۈك سايمانلارنى ياساپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىپ، يېزا ـ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقان، ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان تۆمۈر ساپان، ئورغاق، يارغۇنچاق قاتارلىق سايمانلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

شۇڭا ئالاقىدار ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ئاساسىدا بەزى تەسەۋۋۇر ياكى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى 1996 ـ يىلى چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى (ئەمنىيە دەۋرىدىن غەربىي خەن دەۋرىگىچە بولغان زامانلارغا توغرا كېلىدۇ) M65 نومۇرلۇق ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيەسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردىن مىلادىيە III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ) M20، M40 نومۇرلۇق قەبرىلەردىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىر دانە ۋە سەككىز دانە تېرىق توقچى قېزىۋېلىنغان بولۇپ، (توقاشنىڭ ئۇنى) تۈگمەندە تارتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان زاغۇنلۇق، سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئۇن يېمەكلىكلىرىدىن ۋە خوشۇت ناھىيەسى چىڭشۈيخې دېھقانچىلىق مەيدانى 4 ـ ئەترىتىنىڭ 500 مېتىر جەنۇبىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن بايقالغان، ئاستى تەرىپىنىڭ قېلىنلىقى 13 سانتىمېتىر، دان ئېزىدىغان قىسمىنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن 80 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىدىكى ئوق ئورنىتىلغان تۆشۈكنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن 80 سانتىمېتىر بولغان تۈگمەن تېشىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا تۈگمەن خەن دەۋرىدىن ئىلگىرى ياكى خەن دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئادەم كۈچى ئارقىلىق چۆرگىلەيدىغان تۈگمەن، ئۇلاغ تۈگمىنى قاتارلىقلارنى ئىشلەتكەن بولۇپ تۈگمەنلەر ئىچىدە ئۇلاق تۈگمىنى سۇ تۈگمىنىگە قارىغاندا ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇلاغ تۈگمىنىنى ئىنسانلار جەمئىيىتى

تەرەققىي قىلىپ ھايۋانلارنى كۆندۈرگەندىن كېيىنكى دەۋرنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. سۇ تۇگمىنى كېيىن دېگەندىمۇ جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى ئەجدادلار ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ ئۇزاق مۇددەتكىچە سۇ تۇگمىنى ئىشلىتىلگەن. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى نۇرغۇن جايلاردا سۇ تۇگمىنى ئومۇملاشقان.

## پايدىلانمىلار


1. ۋېي لىياڭتاۋ: «قاراقىتانلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىساد»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۈرۈمچى، 1996 ـ يىللىق 3 ـ سان 70 ـ بەت.

2. «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

3. بارتولد ئەسەرلىرى 8 ـ توم 62 ـ، 23 ـ بەتلەر، 1973 ـ يىلى مۇسكۋا نەشرى، «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»دىن ئېلىندى.

4. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى، 1 ـ توم 72 ـ، 184 ـ، 505 ـ، 524 ـ، 549 ـ، 637 ـ بەتلەر، 3 ـ توم.

5. ئىسراپىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە نەزەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۈرۈمچى، 2003 ـ يىللىق 1 ـ سان 41 ـ بەت، 2002 ـ يىللىق 3 ـ سان.

6. مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، سودا نەشرىياتى، 1977 ـ يىلى نەشرى، 16 ـ قىسىم 24 ـ بەت.

7. ياڭ شىڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ بەتلەر.

8. «پىچان ياڭخى قەبرىستانلىقىدىن كەلتۈرۈلگەن يېڭى نەتىجىلەر»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 ـ يىللىق 1 ـ سان 1 ـ بەت (خەنزۇچە).

9. ئوسمان تۆمۈر: «تارىخىي ئىزلار ـ تارىخىي چىنلىقتىن دېرەك بېرىدۇ»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى» ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 2 ـ سانى، 63 ـ بەت.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ماقالە نومۇرى: 1005—5878(2010)04—074—07

# «قۇتادغۇبىلىك»تىكى كۆپ خىل مەدەنىيەت توغرىسىدا قىسقىچە بايان*

ئەزىزە ئەبەيدۇللا
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: «قۇتادغۇبىلىك» قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەتكە ئىگە. شۇنداقلا يەنە بۇ ئەسەر ئۆزى بىلەن قوشنا بولغان بىرقانچە مەدەنىيەت بۆشۈكى ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، كۆپ خىل مەدەنىيەت قۇرۇلما شەكلىنى ئىپادىلىگەن. ماقالىدە مۇشۇ ھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：《福乐智慧》是古代维吾尔人民的巨著，因此必然与本民族的传统文化有着深刻的关系。这部作品同时也受到与之相邻的几个文化摇篮及多种文化的影响，表现出多种文化结构形式。

**Abstract**: Wisdom of Royal Glory is a masterpiece of ancient Uygur people. Inevitably this work is closely related to Uyghur traditional culture. It also influenced by the cultures of several neighboring countries and other various cultures; and displayed in multi—cultural structure.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:G03　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تەتقىقات ئارقا كۆرۈنۈشى

«قۇتادغۇبىلىك» XI ئەسىردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان داستان. مۇئەللىپ بۇ داستاننى ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ئىبنى سۇلايمان ئارسلان قاراخانغا تەقدىم قىلغان ھەمدە تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان — ئەبۇ ئەلى ئىبنى سۇلايمان ئارسلان قاراخان مۇئەللىپكە «خاس ھاجىپ» دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن. داستاندا پادىشاھ كۈنتۇغدى، ۋەزىر ئايتولدى، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش ۋە زاھىد ئودغۇرمىش قاتارلىق تۆت سىمۋول خاراكتېرلىك شەخس ئوتتۇرىسىدىكى دىيالوگ ئارقىلىق، مۇئەللىپنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشتىكى سىياسىي، پەلسەپىۋى ئىدىيەسى ئىپادىلەنگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى جەمئىيەت، سىياسەت، تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخىي داستان. ئەسەردىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئىدىيە سىستېمىسى، ئۆزىگە خاس تىل ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئۆچمەس ئەسەر بولۇپ قېلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ داستان يەنە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە

* بۇ ماقالە 2010 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
ئاپتور: ئەزىزە ئەبەيدۇللا (1984 ـ يىلى تۇغۇلغان)، فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ 2009 ـ يىللىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى.

ئېدىئولوگىيە سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىشنى مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك ئەڭگۈشتىرى، ئۇ دۇنيا مەدەنىيىتىدىمۇ بىرقەدەر ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى، جەنۇب ـ شىمال يىپەك يولىنىڭ كېسىشكەن جايى. ئۇ شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان مەركەز، دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت جۇڭگو، ھىندىستان، گىرېك، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىرىككەن جايى. بۇ يەردە ئۇزاق مۇددەت ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ھەر خىل مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىپ، رەڭگارەڭ، ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ياراتتى. بۇ خىل ئۇچۇق تىپلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى دۇنيا مەدەنىيىتىدە ئاز ئۇچرايدىغان كۆپ خىل مەدەنىيەت قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈردى.

قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى مۇسا ئارسلانخان تەختتىكى ۋاقىتتىلا، ئاللىقاچان ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس ھازىرلىغان. XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، دىنىي ئۇرۇش تەدرىجىي بېسىقىقاندىن كېيىن، قەشقەردە گۈللەپ راۋاجلانغان مەنزىرە كۆرۈلدى، يىپەك يولىدا سودا مىسلىسىز روناق تاپتى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى، شۇڭلاشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپلىگەن ئۆلىمالارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ئۇلار شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىگە كېلىپ بىلىم ئالدى، ئىلىم ئالماشتۇردى، ياكى كىتاب يېزىپ نام ئاتاقتا ئېرىشتى. غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى بالاساغۇندا ئابرۇيلۇق جەمەتتە تۇغۇلغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىمى مول بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ھەم جارى قىلدۇرۇپ، قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆچمەس داڭلىق ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»نى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈردى.

## 2. تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە، ساپ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرى، سىياسىي، پەلسەپۋى، ئېتىكا ۋە گۈزەللىك قارىشىنى ئىپادىلىدى. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، پارس، ئەرەب تىلىنى بىلىدىغان شائىر، ئۆلىمالار بارغانسېرى كۆپەيدى. بەزى شائىر، ئۆلىمالار ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ئىشلىتىشتىن ۋاز كېچىپ، ئەرەب ـ پارس تىلى بىلەن يېزىقچىلىق قىلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇشۇنداق مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىي يېزىقچىلىق ئېلىپ باردى. ھەممە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا «قۇتادغۇبىلىك»تىكى 13000 دىن ئارتۇق مىسرا شېئىردا ئىشلىتىلگەن ئەرەب، پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز يۈزگىمۇ يەتمەيدۇ، بۇ ھەقىقەتەن ئاددىي ئىش ئەمەس. تىل بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ ئانا تىلى بىلەن ئەسەر يېزىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇشىنى، ساداسىنى، ئوي ـ پىكرىنى ۋە قارىشىنى ئىپادىلىدى. مۇئەللىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئىشلەتكەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاساسلىق لۇغەت تەركىبى، كەڭ ئاممىغا تونۇش بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاساسلىق لۇغەت تەركىبلەردۇر.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى ۋەزىنلەر خەنزۇ شېئىرلىرىدىكى ۋەزىنلەر بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. خەنزۇ تىلىدا (بولۇپمۇ قەدىمكى خەنزۇ تىلى) بىر بوغۇملۇق سۆز ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. خەت، بوغۇم ۋە سۆز ئاساسىي جەھەتتىن ماسلىشىدۇ. شۇڭلاشقا ۋەزىنلىك شېئىر، رۇبائىيلارنىڭ شەكلى مەيلى كۆرۈش سېزىمى جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئاڭلاش سېزىمى جەھەتتىن بولسۇن ئىنتايىن رەتلىك بىلىنىدۇ. بىر ئۇسلۇبتا يېزىلغان بولسىلا، ھەربىر شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسىدىكى خەتلەرنىڭ سانى تەڭ بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا خەت دېگەن ئۇقۇم يوق، پەقەت سۆز دېگەن ئۇقۇم بار. ھەممە ئوخشاش بوغۇملۇق سۆزلەرمۇ ھەرپ سانىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغان سۆزلەرنى ياسايدۇ، شۇڭلاشقا خەنزۇ تىلىغا ئوخشاش رەتلىك كۆرۈش سېزىمى كۆرۈلمەيدۇ. لېكىن «قۇتادغۇبىلىك»تە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان تولۇق جۈملە شەكلى ئىشلىتىلگەن.

مۇئەللىپ پۈتۈن ئەسەرنى ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىپ چىققان. ھەممە ئۇنى ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىدىن قوبۇل قىلغان، بۇ بىر خىل قالتىس ئىجادىيەت بولۇپ كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسلىق شەكىللىرى ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىلغان.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى رۇبائىيلار قۇرۇلما جەھەتتىن مۇكەممەللىككە، مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇرلۇققا ئىگە. ئۇنىڭدا لىرىك ئامىللار بىلەن ئېپىك بايان، درامىملىق ئېپىزوتلار بىلەن تەبىئەت تەسۋىرى، ئوبرازلىق تەسۋىر

بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرى، پەلسەپۋىلىك تەپەككۇر بىلەن مەجاز (مېتافورا) ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغان، رۇبائىيلاردىكى تەسۋىرلەردە رېئالىزملىق روھ چاقناپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

1049 ئۆرلىگەن چۈشەر ھەم چۈشكەنلەر چىقار، يورىغان ئۆچەر ھەم يۈرگەنلەر تىنار،
1050 نە ئىشكىم قىلىنسا تولۇقلۇق كۈتەر، تولۇقلۇقتا يەتسە چۈشۈشكە يانار.
1650 يارامىلىق نېمىنىڭ بولۇر بەلگىسى، كىچىكتىن چوڭ ئۆلگۈنچە بىلىنگۈسى،
1709 بىلىمسىزگە دۆلەت ياراشسا كېلىپ، بىلىملىككە ئارتۇق ياراشۇر بېرىپ.
1710 بىلىمسىز بىلەن تۇرسا دۆلەت ئەگەر، بىلىملىكلەر تۇرغاي ئاساسىنى سېلىپ.

گېگېل شەرق شېئىرىيىتىنى تەھلىل قىلغاندا مۇنداق دېگەن: «شەرق شېئىرىيىتى مەنزىرە كۆرۈنۈشىنى ئىشلىتىشتە ۋە ئوخشىتىش جەھەتتە كۆركەملىككە ئىگە». «قۇتادغۇبىلىك»تە مېتافورى كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن. مۇئەللىپ ياساۋۇللارنىڭ ئوبرازىنى ياراتقاندا نۇرغۇنلىغان ھايۋانلارنى سىمۋول سۈپىتىدە قوللانغان. مۇئەللىپنىڭ كۆڭلىدىكى ياساۋۇللارنىڭ ئوبرازى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

2310 سوقۇشقاندا يولۋاس يۈرەكلىك كېرەك، تۇتۇشقاندا يىلپىز بىلەكلىك كېرەك،
2311 توڭگۇز كەبى تەرسا، بۆرىدەك كۈچى، ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك كۈچى.
2312 ئۇ بولسۇن ھىيلىگەر قىزىل تۈلكىدەك، ئاداۋەتچى بولسۇن بۇغرا تۆگىدەك،
2313 سېغىزخاندىن سەگەكرەك بولسۇن ئۆزى، كورسە قىيا قۇزغۇنىدەك يىراقنى كوزى.

«قۇتادغۇبىلىك»تىكى قەھرىمانلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر قەھرىمانلار ئېپوسىدىكى قەھرىمانلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى ئوخشاشلىققا ئىگە. يەنى يولۋاس، يىلپىز، ئېيىق، ياۋا توڭگۇز، بۆرە، شىر قاتارلىق ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان، بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر ئېپوسى، رىۋايەتلەر ۋە ھېكايەتلەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان ۋاستە. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

مۇئەللىپ قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. «قۇتادغۇبىلىك»تە نۇرغۇنلىغان خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى، خەلق قوشاقلىرى ۋە ئاقىل پەيلاسوپلارنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى ئىشلىتىلگەن. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بىۋاسىتە ئىشلىتىلگىنى 250 تىن ئارتۇق، ماقال ـ تەمسىلنىڭ مىقدارى خېلىلا كۆپ، ئۇلار ئوبرازلىق، جانلىق بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى ۋە سىنىپىي كۈرەشلىرىدە قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرى. مەسىلەن:

1914 ئىشتىمەك بىلە بولدى ئالىم كىشى، تولا سوز قىلىشتىن كېتۇر ئەر بېشى.
1915 ئىشتىمەك قۇلاقتا بېغىشلايدۇ زەۋق، تولا سۆزلىگەن سوزدە كوپ پايدا يوق،

### 3. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كوڭزىچىلىق ئېقىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى

مەيلى شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن ياكى غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ خەلقلىرى بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردە زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. ئۇزاق مۇددەتلىك قويۇق ئالاقە قىلىش جەريانىدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا تارقىلىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش، خەلققە بەخت يارىتىش غايىسى ئازدۇر ـ كۆپتۇر كوڭزىچىلىق ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. «مۇھاكىمە ۋە بايان» بولسا چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى كوڭزىچىلىق ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى كوڭزىنىڭ مۇرتلىرى كوڭزىنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلىگەن توپلام، ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان فېئودال ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مۇقەددەس كىتابىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. ئۇ توپلام گەرچە «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن ئوخشىمىغان دەۋردە، ئوخشىمىغان مىللەت تەرىپىدىن يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى ئەسەردىكى دۆلەت باشقۇرۇش، ئېتىكىلىق پەزىلەت قارىشىدا نۇرغۇنلىغان ئوخشاشلىق بار. سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق:

ئىككىلا ئەسەردە ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن، «مۇھاكىمە ۋە بايان»دا «مېھرىبان بولۇش» تەشەببۇس قىلىنغان، «قۇتادغۇبىلىك»تە بولسا «ئاق كۆڭۈل ۋە كۆيۈمچان بولۇش» تەشەببۇس قىلىنغان، ئىككىسىنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش، ھەمدە قوللانغان ۋاسىتىلىرىدىمۇ ئوخشاشلىق بار.

مەلۇمكى، كۇڭزىچىلىق ئېقىمىنىڭ مۇھىم ئىدىيەسى «رەھىمدىللىك سىياسىتى»نى يۈرگۈزۈش دېگەنلىك خەلققە ئەخلاق - پەزىلەتلىك، رەھىمدىللىك بىلەن ئەل باشقۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش، سىياسەت ئېنىق، ئادىل بولۇش كېرەك دېگەنلىكتۇر. «مېھرىبان بولۇش»نىڭ ماھىيىتى «خەلقنى ياخشى كۆرۈش»، «قۇتادغۇبىلىك»تە تىلغا ئېلىنغان پادىشاھ «ساۋابلىق ئىش قىلىش»، «كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بولۇش» ۋە «ئادىل - مېھرىبان بولۇش»نىڭ ماھىيىتىمۇ ئوخشاشلا خەلقنى سۆيۈش. مەسىلەن: «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇنداق يېزىلغان:

819 بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت ئېرۇر، ئادىل ئولسا بەگلەر، تىرىكلىك بولۇر،
1964 ئادىل ھەم بىلىملىك ئەل سۆيەر تېخى، كۆزى توق دىلى كەڭ، ھەم بولسۇن سېخى.
2160 خەلققە دىلىڭدىن بول سەن كۆيۈمچان، بول ياخشى ھەم ئىستە ياخشىلىق ھامان،
2169 سېخى ھەم ئىسىل ھەم ھايالىق، سىلىق، كۆيۈمچان بولۇپ بەگ كۆزەتسۇن خەلق.

خەلققە تېخىمۇ ياخشى ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، پادىشاھنىڭ پەزىلىتىنىڭ خەلققە كۆرسەتكەن تەسىرىگە تايىنىش تەكىتلەنگەن. ئىككىلا ئەسەردە مۇۋاپىق تۈزۈم ۋە قانۇن ئارقىلىق خەلقنى چەكلەپ دۆلەت باشقۇرۇش قارىشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«مۇھاكىمە ۋە بايان»دا گەرچە ئېنىق تۈزۈم ۋە قانۇن تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن «قائىدە - يوسۇن» ئارقىلىق خەلقنى چەكلەش تەشەببۇس قىلىنغان، «مۇھاكىمە ۋە بايان»دىكى «قائىدە - يوسۇن» كۆپ ۋاقىتلاردا تۈزۈم ۋە قانۇننى كۆرسىتىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»تىمۇ پادىشاھ چوقۇم قانۇن ئارقىلىق كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاپ، دۆلەت باشقۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، رەھىمسىز جازا ئۇسۇللىرى بىلەن خەلقنى ئېزىشكە قەتئىي قارشى تۇرغان. رەھىمسىز جازا ئۇسۇللىرى پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلىيالمايلا قالماستىن، بەلكى پادىشاھنىڭ سېسىق نامىنى جاھانغا يۇر كەتكۈزۈۋېتىدۇ.

252 جاھان بەگلىرىدىن كىم ئالىم ئىكەن، ئۇلار ياخشى قانۇن تۈزۈپ، ئۆلگەن،
545 ئەل ئىچرەكىم ئالسا بىر ئۈستۈن ئورۇن، تۈزسۇن ئەل ئۈچۈن بىر ياخشى قانۇن.
1458 قانۇننى تۈز ياخشى قانۇن تۈزگۈچى، يامان تۈزسە بولۇر تىرىك ئۆلگۈچى،
1459 يامان تەرتىپ ئورناتما، ئەي بەگ ھېكىم، يامان بولسا قانۇن بولالماس ھاكىم.

بىلىملىكلەرنى ئىشلىتىش جەھەتتە، ئىككىلا ئەسەردە ئېيتىلغان باسقۇچ، ئۆلچەم ۋە تەلەپ ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك. «مۇھاكىمە ۋە بايان»دا بىلىملىكلەرنى ئۆزۈن مۇددەت كۆزىتىپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئاندىن ئەخلاق - پەزىلەتلىك، ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى تاللاش تەۋسىيە قىلىنغان. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، خەلقنى ياخشى تەربىيەلەپ دۆلەتنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرغىلى بولىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»تىمۇ ئادەمنى ئوبدان كۆزىتىپ، ئارىسىدىن ئەلالىرىنى، ئەقىل - پاراسەتلىكلىرىنى تاللاش تەۋسىيە قىلىنغان.

263 بىلىمسىزگە تۆردە ئورۇن بولسا كور، بۇ تۆر بولدى پەگا، پەگا بولدى تۆر،
264 بۇ ھۆرمەت پۈتۈنلەي بىلىمگە ئېرۇر، ئۇ مەيلى ئىشىكتە يا تۆردە تۇرۇر.
328 يارامىلىق، يارامسىزنى ئايرىپ كۆرۈپ، كېرەكلىك، كېرەكسىزنى ئوبدان تونۇپ،
636 ئاۋۋال پۇشۇرۇپ ئىشتا، كورسۇن سىناپ، قەدىرلەپ كۆتۈرسۇن بۇنىڭغا قاراپ.

بۇ ئىككى ئەسەردە مۇنداق ئوخشاشلىقلارنىڭ بولۇشى مېنىڭچە تاسادىپىي ئەمەس، كۇڭزىچىلارنىڭ مۇھىم دەستۇرى «مۇھاكىمە ۋە بايان» تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنلا شىنجاڭغا تارقالغان. «لياڭنامە. غەربىي يۇرتلار تەزكىرىسى»دە مۇنداق يېزىلغان: «ئىدىقۇتتا بەش نوم، خاندانلىقلارنىڭ سالنامىسى، ئۆلىمالار توپلىمى قاتارلىق كىتابلار بار»، ئۇنىڭدىن

باشقا غەربىي يۇرتنىڭ ئالاھىدە تارىخى، جۇغراپىيەلىك ئورنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىنى بەلگىلىگەن.

## 4. ھىندى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى

ھىندى مەدەنىيىتى خېلى بۇرۇنلا غەربىي يۇرتقا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇددا دىنى رېئال دۇنيا بىر ئازابلىق جەريان، ئازاب ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدىغان ئۇسۇل بۇددا دىنىنىڭ «تۆت قائىدە»سى دەپ قارايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇددا دىنىنىڭ «تۆت قائىدە»سىنى قوبۇل قىلغان①.

«قائىدە» ھەقىقەت دېگەن مەنىدە، «قائىدە»نىڭ مەزمۇنى: كىشىلىك دۇنيادىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت، ئازابنىڭ سەۋەبى، ئازابنىڭ يوقىلىشى، ئازابنى يوقىتىشنىڭ ئۇسۇللىرى قاتارلىقلاردۇر. ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ «تۆت قائىدە»نىڭ ھەممىسى «ئازاب» دېگەن سۆزدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇنىڭ يادروسى پۈتۈن دۇنيا ۋە پۈتۈن كىشىلىك ھاياتنىڭ چەكسىز ئازابقا تولغانلىقىنى تەرغىب قىلىشتىن ئىبارەت. كىشىلىك دۇنيادىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت، تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش — «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئىزچىللاشتۇرۇلغان مۇھىم مەزمۇن. مۇئەللىپ ۋەزىر ئايتولدىنىڭ ۋە زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق، قايتا ـ قايتا كىشىلەرنىڭ تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈشتىن كېلىپ چىققان ئازاب ـ ئوقۇبىتىنى بايان قىلغان. مەسىلەن، زاھىد ئودغۇرمىش كۆز يۇمۇش ئالدىدا ئۆگدۈلمىشكە مۇنداق دېگەن:

4834 ئەپكەتتى ئۆلۈم ئەزىز پەيغەمبەرلىرىنى، توسار كىم ئۇ ـ دەۋا، قۇراللە ئۇنى،
6178 ئۆلۈرمەن ئۆكۈنچۈن ئاقار كۆز يۇلۇم، تاتىغلار تاتىغسىز قىلۇر بۇ ئۆلۈم.
6205 ئۆلۈم بارچىدىنمۇ قاتتىقراق پىراق، ئۆلۈم چەرىسىزدۇر، يوق قارشى ياراق،
6208 قامۇغدا قاتتىغراق ئۆلۈم ئول فىراق، فىراقىن تۆكۈر ياش كۆرۈگلى قاراق.

ۋەزىر ئايتولدىمۇ كۆز يۇمۇش ئالدىدا مۇنداق دېگەن:

1182 نېمە بار جاھاندا ئاڭا ھىيلە يوق، نېمە ھېيلە باردۇر، ئاڭا چارە يوق؟

ۋەزىر ئايتولدى پادىشاھ كۈنتۇغدىغا يازغان ۋەسىيەتنامىسىدىمۇ ئۆلۈمنىڭ ئازابى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:

1139 نېمە بار جاھاندا ئۆلۈمدىن قاتتىق؟ ئۆلۈمنى ياد ئەتسە كېتەر قىلىڭ تاتىق،
1140 ئۆلۈم بىر دېڭىزدۇر، ئۇچى يوق تۈۋى، قاراپ كۆرسە ياخشى، تۈۋى يوق پېتىق.
1352 ئۆلۈم ئەلچىسى كەلدى، تۇتتى قاتتىق، قۇتۇلار يېرىم يوق، يوقالدى تاتىق،
6291 ئۆلۈم بىز ئۈچۈن ھەم تەييار، بۇنى ئۇق، ئۆلۈمگە قۇرال ياراغ، چارە يوق.
1074 سۆيۈنچ، ئارزۇ، مىننەت قويۇپ كەت كېرەك، ئەلەم ـ قايغۇ، مېھنەت ماڭا كەلگەندەك.

ئۆلۈمگە تۇتقان پوزىتسىيە مەسىلىسىدە، ئىسلام دىنى ۋە بۇددا دىنىنىڭ قارىشى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىدە ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسى ئاز تەرغىب قىلىنىدۇ، ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىغا نىسبەتەن ئۆلۈم قورقۇنچلۇق، ئازابلىق ئەمەس. تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش ئادەمنى ئازابلىيالمايدۇ. شۇڭلاشقا، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى «ئۆلۈمنى ئويلىسىلا ھەممە ئىشلار مەنىسىز بىلىنىدىغان» ئىدىيە ئېنىقلا بۇددا دىنىنىڭ ئىدىيەسىگە تەۋە.

ئۇنىڭدىن باشقا، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى بەزى تەپسىلاتلار، مەسىلەن، ئودغۇرمىش ئۆلگەندىن كېيىن، پادىشاھ ۋە ئۆگدۈلمىشكە ھاسا بىلەن ھېجىرنى قالدۇرىدۇ، بۇمۇ بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇددا دىنىدا ھاسا بولسا بۇددىستلار ھاسىسى، ھېجىر بۇددا مۇرىتلىرى تاماق يەيدىغان قاچا. ھاسا بىلەن قاچا بۇددا راھىبلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بويۇمى.

«قۇتادغۇبىلىك» تە نېمە ئۈچۈن بۇددا دىنى ئىدىيەسى ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ؟ «قۇتادغۇبىلىك» يېزىلغان ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەرگە تارقالغىنىغا يۈز يىلچە ۋاقىت بولغان. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن بۇ يەردە بۇددا دىنى گۈللەنگەن، شۇڭا بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى يەنىلا كۈچلۈك ئىدى. ئازغىنە يۈز يىل ئىچىدە، نەچچە يۈز يىل ھەتتا نەچچە مىڭ يىل مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن دىنىي ئېتىقادنى ئۆزگەرتىش ياكى يوقىتىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.

شۇڭلاشقا «قۇتادغۇبىلىك»تە بۇددا دىنى ئىدىيەسىنىڭ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

5. قەدىمكى گىرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى

شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ يىغىندىسى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى، مۇئەييەن قەدىمكى خەنزۇ مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتىدىن پايدىلىنىپلا قالماستىن، يەنە قەدىمكى گىرېك مەدەنىيىتىدىنمۇ پايدىلانغان. «قۇتادغۇبىلىك»تە قەدىمكى گىرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاساسلىقى بىلىمگە بولغان ئىنتىلىش ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ كۈچىدە ئىپادىلىنىدۇ. سوقرات «بىلىم، ئەقىل ـ پاراسەت» دېگەنگە ئىشەنگەن؛ پلاتون گۈزەللىك مەسىلىسىدە، ئادەمنىڭ گۈزەللىكى ماھىيەتتە بىر خىل ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەنلىك دەپ قارىغان. پلاتون يەنە «ئەقىل ـ پاراسەتلىك كىشىلەردىن سىرت، باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ خۇشاللىقى ھەقىقىي، ساپ ئەمەس، بەلكى خۇشاللىقنىڭ بىر خىل ئوبرازى» دېگەن②.

«قۇتادغۇبىلىك» پلاتون بىلەن سوقراتنىڭ «بىلىم گۈزەللىكى» توغرىسىدىكى قارىشىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تېمىسىدىنلا ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىم ئارقىلىقلا ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنىڭ بۇ داستاندا شەرھلىنىدىغان مەركىزىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. مۇئەييەن قايتا ـ قايتا ئادەملەرنىڭ گۈزەللىكى، ئەخلاقىي، بەخت ـ تەلىيى — بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتە دەپ بايان قىلغان. مەسىلەن:

151 خۇدا بەرسە كىمگە ئەقىل ـ ھۇش، بىلىك، تولا ياخشىلىقتا ئۇزاتۇر ئىلىگ،
157 بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر، داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلا ئۆلۈر.
223 بىلىملىك ئاقىل بەگ بولسا ئەل بېشى، قىلىچ بىرلە نۆكەر بىلىمسىز ئىشى،
224 جاھان تۇتماق ئۈچۈن ئەرگە ئالڭ كېرەك، ئەل ـ يۇرتنى سوراشقا بىلىم ئەڭ كېرەك.

پلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرىدىكىگە ئوخشاش يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ئەسىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىمۇ بەخت ـ سائادەتلىك دۆلەتنىڭ توپ مىزاننى تىكلەش. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە بۇ توپ مىزان ئادىل، بەخت ـ سائادەتلىك، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە قانائەتلىك بولۇش، ئەسەردىكى تۆت پېرسوناژ كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىش بۇ تۆت مىزاننىڭ ئوبرازلىق ۋەكىلى.

«غايىۋى دۆلەت» نىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە كۆرسەتكەن تەسىرى مەزمۇن جەھەتتىن بولۇپلا قالماستىن، يەنە شەكىل جەھەتتىمۇ كۆرىلىدۇ. «غايىۋى دۆلەت»تە دىيالوگ شەكلى قوللىنىلغان، بۇ پلاتوننىڭ ئادەتلەنگەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى. ئۇ ئىدىيەسى ئوخشاش بولمىغان پەيلاسوپلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان دىيالوگ ئوبيېكتى قىلىپ، تەتۈر ئىسپاتلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئۇلارنىڭ خاتا قارىشىغا رەددىيە بېرىپ، ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «قۇتادغۇبىلىك»تىمۇ دىيالوگ شەكلى قوللىنىلغان، دىرامماتىك ھالەت تەشكىل قىلغان تۆت پېرسوناژمۇ مەلۇم خىل ئىدىيە ۋە قاراشنىڭ سىمۋولى، ئۇلار ئۆز ئارا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيەسى ۋە قارىشىنى باغلاپ تۇرغان.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى شەرق مەدەنىيىتى كاتېگورىيەسىگە تەۋە، قەدىمكى گىرېك مەدەنىيىتى بولسا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى. نېمە ئۈچۈن شەرقتىكى داستان قەدىمكى گىرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ؟ تەھەد ئىمىن «ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: «مىلادىيەدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردە ئالېكساندىر نەچچە يۈز مىڭ گىرېك ۋە ماكېدونىيە ئارمىيەسىگە قوماندانلىق قىلىپ شەرققە يۈرۈش قىلغان، غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن. گىرېك ئارمىيەسىنىڭ بىر قىسمى شەرقتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئالېكساندىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن گىرېكلەر شىنجاڭغا يېقىن بولغان ئافغانىستان، ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا گىرېكلەشكەن باكتېرىيە دۆلىتىنى قۇرغان، ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي مەزگىلدە، بۇ يەر گىرېك مەدەنىيىتىنىڭ ئاسىياغا تارقىلىشىدىكى كۆۋرۈك بولغان. مىلادىيە VII ئەسىردە، ئىسلام ئەرەب دۆلەتلىرى كېڭىيىپ گىرېتسىيەدىكى ۋىزانتىيەنى ئىگىلىدى، قالاق ھالەتتىكى ئەرەبلەر ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، گىرېك مەدەنىيىتىنى ناھايىتى قىزغىن ئۆگەندى ۋە قوبۇل قىلدى. ئۇلار زور تۈركۈمدە ئۆلىمالارنى تەشكىللەپ، گىرېك پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلدى. ئىسلام دىنى شىنجاڭ رايونىغا تارقالغاندىن كېيىن «ئەرەبلىشىش»نىڭ يولىغا قويۇلىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئۆلىمالار ئەرەب تىلىنى پىششىق ئىگىلەپ، بىۋاستە گىرېك پەلسەپىسى توغرىسىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغان، ھەم ئۇلارنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچرىغان③. بۇ دەل «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قەدىمكى گىرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەڭ چوڭ تۆھپىسىنىڭ بىرى، ئۇ ھەر خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى بىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ياراتتى. ھەر خىل مەدەنىيەت ئامىللىرى، ئاللىقاچان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ كۆپ خىل مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشى، غايەت زور دەرىجىدە ئۇيغۇرلار ياشىغان جۇغراپىيەلىك ئورۇن ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىغا مۇناسىۋەتلىك. جى شيەنلىننىڭ ئەپەندىنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: «دۇنيادا تارىخى ئۇزۇن، يەر مەيدانى كەڭ، تەسىرى چوڭ بولغان مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى پەقەتلا تۆت: جۇڭگو، ھىندىستان، گرېتسىيە، ئىسلام، بەشىنچى بىرسى يوق، بۇ تۆت مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ قوشۇلغان جايى پەقەتلا بىر: جۇڭگودىكى دۇنخۇاڭ ۋە شىنجاڭ، ئىككىنچى بىرسى يوق»④. شىنجاڭ دەل بۇ تۆت قەدىمكى مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى قوشۇلغان جاي، بۇ ئالاھىدە مەدەنىيەت تۇپرىقى «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ تۆت چوڭ قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، شەرق - غەرب مەدەنىيەت روھىنى بىرلەشتۈرگەن كىلاسسىك داڭلىق ئەسەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

## ئىزاھلار:

① 杨富学:《回鹘之佛教》,新疆人民出版社,1998 年版,第 60 页。

② 柏拉图:《理想国》,商务印书馆,1995 年版,第 371 页。

③ 艾哈迈·爱敏著:《阿拉伯伊斯兰文化史》,商务印书馆,1982 年版,第 130 页。

④ 季羡林:《敦煌学、吐鲁番、吐鲁番学在中国文化史上的地位和作用》,《红旗》,1986 年第三期。

## پايدىلانمىلار


1. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك». مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. رەيھان قادىر: «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىلى.

3. ياڭ فۇشۆ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە بۇددا دىنى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى.

4. ۋۇ چاڭنيەن: «قۇتادغۇبىلىكتىكى پەلسەپە ئىدىيەسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1985 - يىللىق 6 - سان.

5. ئەھمەد زىيائى: «قىممەتلىك مىراس ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1981 - يىللىق 1 - سان.

6. پلاتون: «غايىۋى دۆلەت»، سودا ئىشلىرى باسمىخانىسى، 1995 - يىلى.

7. 吴昌年:《论〈福乐智慧〉的哲学思想,《新疆社会科学》1981 年第 1 期。

8. 张凤武:《中国历史文化与〈福乐智慧〉》,《乌鲁木齐职业大学学报》,1996 年第 1、2 期。

9. 廖冬梅:《〈福乐智慧〉与喀喇汗王朝时期社会文化的整合》,《乌鲁木齐职业大学学报》,2006 年第 3 期。


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 11--081--5878(2010)04--1005


# بۇددا «جاتاكا» چۆچەكلىرى ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدا¹


ئەنۋەر مەتسەيدى
(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844000)



قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، قەدىمكى ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن بۇددا «جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىش ئەھۋالى ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى تارىخىي ھەم سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا شەرھلىنىدۇ، ھەمدە ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىرقانچە مىسال ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：本文从历史和比较文学的角度、在中外学者相关研究成果的基础上，阐述产生于古印度的佛教《本生经》故事在维吾尔族中流传的情况及其对维吾尔民间口头文学产生的影响，并就其中的几个互相类似的例子陈述自己的看法。

**Abstract**: From the perspective of history and comparative literature, on the basis of relevant research conducted by Chinese and foreign scholars, the author illustrates the influences of the Jataka, Buddhism stories, which originated in ancient India, in Uygur folk oral literature and states his views on several similar examples.



كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207.9 ماتېرىيال بەلگىسى: A


— «جاتاكا» پالى تىلىدا خاتىرىلەنگەن «ترى پىتەكە» (三藏) ئىچىدىكى بىر خىل نوم بولۇپ، ئادەتتە «بۇددا يارالمىش قىسسەلىرى» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. «جاتاكا» (Jataka) دېگەن سۆز پالىچە Jan (تۇرمەل) دېگەن پېئىل يىلتىزىدىن تۈرلىنىپ چىققان. «جاتاكا» چۆچەكلىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، كىتاب قىلغۇچىسى ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ تەركىبىگە مەسەللەر، چۆچەكلەر، ھېكايەتلەر بولۇپ جەمئى 540 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە كىرگۈزۈلگەن. بايان قىلىشتا شېئىر بىلەن نەسىر ئارىلاش قوللىنىلغان.

بۇددىزىم تەرغىباتچىلىرى ئۆزىنىڭ ئەۋلىياسى ساكيامۇنىنىڭ ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئاتالمىش «ھاياتلىقنىڭ تەكرارلىنىشى» (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سانسار دېيىلىدۇ) توغرىسىدىكى بىر يۈرۈش نەزەرىيەلىرىنى

• بۇ ماقالە 2007 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
ئاپتور: ئەنۋەر مەتسەيدى (1963 ـ يىلى 7 ـ ئايدا خوتەن نىيە ناھىيەسىدە تۇغۇلغان)، ماگىستىر ئاسپىرانت، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەدەبىياتتىن يەنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن پايدىلانغان. ئۇلار ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان چۆچەك، مەسەللەرگە بۇددىزم ئەقىدىسىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇنىڭدىكى ياخشى ئادەم ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ساكيامۇنىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنى پىداكار ھايۋانلار ئوبرازىدا ئوتتۇرىغا چىقارغان. بۇددىزم چۈشەنچىسى بويىچە، ساكيامۇنىنىڭ جېنى خىلمۇخىل قۇشلار، ھايۋانلار ۋە ھەر خىل يۇقىرى ـ تۆۋەن تەبىقىدىكى ئىنسانلارنىڭ تېنىدە تۇرۇپ ئۆتكەن. يەنى ساكيامۇنى نۇرغۇن قېتىم دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ھەر قېتىم دۇنياغا كەلگەندە ھامان جانلىقلارنى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئۆتكەن. بۇنداق ھېكايىلەر بۇددىزم كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ. بۇنداق چۆچەكلەرنى قىسقارتىپ يېزىۋالغىلىمۇ، ئۇزارتىپ سۆزلىگىلىمۇ بولىدۇ. قۇرۇلمىسى ئاددىي، لېكىن مەزمۇنى چوڭقۇر، بىرلا ئاڭلىسا ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. شۇڭا بۇنداق چۆچەكلەر بۇددا نوملىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش بىلەن بىرگە، ھەر خىل توپلاملاردا، گۈزەل سەنئەت رەسىملىرىدە خىلمۇخىل شەكىللەردە خاتىرىلىنىپ كەلگەن. شۇ ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەرسىلەر ۋە ھايۋانلارنى باش قەھرىمان قىلغان قىزىقارلىق مەسەل ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئالاھىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئۇلارنىڭ بەزىسى بۇددا دىنى بىلەن بىرگە ئۆزى تارقىلىپ بارغان يەرلەردىكى خەلقلەرنىڭ مىللىي ئەدەبىيات خەزىنىسىگە بىر ئۈلۈش بولۇپ قوشۇلۇپ كەتكەن.

«جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا خاس مەسەل ـ چۆچەكلەر بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە ئىش قوشۇش ئارقىلىق يارالمىش قىسسەلەرگە ئايلاندۇرۇلغان. ھېكايە قەھرىمانلىرى ئادەملەردىن، ھايۋانلاردىن، جان ـ جانىۋارلاردىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن ھېكايىلەر ھىندىستاننىڭ قەدىمكى ئېپوسلىرىدىكى قىستۇرما ھېكايىلەرگە، شۇنداقلا، براھمان دىنى ۋە جاينا دىنى ھېكايىلىرىگە ئوخشايدۇ ياكى يېقىن كېلىدۇ (جى شيەنلىن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «قەدىمكى ھىندى ئەدەبىيات تارىخى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاي، خەنزۇچە 135 ـ بەت). «جاتاكا» چۆچەكلىرى ناھايىتى جانلىق، تەسىرلىك، ھېكمەتكە باي بولغاچقا، ھەرقايسى دىنىي مەزھەپلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدە ۋە تەلىماتلىرىنى تەرغىپ قىلغان. خان ـ پادىشاھلار ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلىگەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ ھېكايىلەر ئوخشىمىغان دىنىي مەزھەپتىكىلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدىن ئورۇن ئېلىپلا قالماي، يەنە «پانچاتانترا»، «ھېكايىلەر دېڭىزى» (كاتاسارىتساگارا)، «ھېتوپەدېسە» قاتارلىق ھىندىستاننىڭ داڭلىق ھېكايە توپلاملىرىدىنمۇ ئورۇن ئالغان①.

بۇددا راھىپلىرىنىڭ «جاتاكا» چۆچەكلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئەقىدىلىرىنى تەرغىپ قىلىشى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرلەردە باشلانغان. بۇنى ئاشۇ دەۋرلەرگە تەۋە بۇددا چوڭ ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تاشتىن ياسالغان ئىشىكلىرىنىڭ باشلىرىغا «جاتاكا» چۆچەكلىرىگە ئائىت ھەيكەللەرنىڭ قويۇلغانلىقى ئىسپاتلايدۇ. ھەتتا «جاتاكا» دېگەن ئىسىممۇ ئويۇپ قالدۇرۇلغان. كېيىنچە بۇددىزم تاش كېمىرلىرىدىكى رەسىملەردە ۋە بۇتلاردىمۇ «جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ مەزمۇنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن②.

«جاتاكا» چۆچەكلىرى ئەسلىي ھىندى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، تەسىرى ھىندىستاندىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن. بۇددىزمنىڭ «ھىنايانا» (كىچىك كۆلۈڭگۈ) مەزھىپىگە ئەگىشىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىگە كەڭ تارقالغان. ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇ قاتاردا جۇڭگوغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئۇلۇغ پىتەكە نومى» ياكى «ئۇلۇغ ئاغىلىق نوم بىتىك» (大藏经) ئىچىدىكى كۆپلىگەن نوملار ئەمەلىيەتتە «جاتاكا» چۆچەكلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىلىرىدىن «ئارىلاش ئەردەنى پىتەكە نوم بىتىك» (杂宝藏经)، «يۈز نىدانە سوترىلىرى دىۋانى» (撰集百缘经)، «دانىشمەنلىك ۋە ھاماقەتلىك ھەققىدىكى سۇترا» (愚贤经) قاتارلىقلار بار. بۇ نوملار گەرچە پالى تىلىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنمىغان بولسىمۇ، بىراق «جاتاكا» چۆچەكلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى تىللاردىكى پارچە ـ پۇرات ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر ئىچىدە نۇرغۇنلىغان «جاتاكا» چۆچەكلىرى ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ توخرى تىلىدا كۆپرەك. بۇ ھال

بۇندىن مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى «جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ شىنجاڭدا قانچىلىك ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تاڭ شۇەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دە خەلق ئەدەبىياتى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان 20 پارچىدىن ئوشۇق ھېكايە خاتىرىلەنگەن. گەرچە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈشكە بولمىسىمۇ، خېلى كۆپ قىسمى خەلق ئارىسىدىن خاتىرىلىنىپ، شۇ ئاساستا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئەسەرلەر دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى «توشقان جاتاكاسى» (兔本生故事)، «قىرغاۋۇل جاتاكاسى» (雉本生故事)، «بۇغا جاتاكاسى» (鹿本生故事) قاتارلىق ھايۋانلارنى باش قەھرىمان قىلغان ھېكايىلەر ئېنىقكى «جاتاكا» چۆچەكلىرىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر پىل بالىسىنىڭ ئانىسىنى بېقىشى ھەققىدىكى ھېكايىمۇ «جاتاكا» چۆچەكلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ ھېكايىلەر پالى تىلىدىكى «جاتاكا نومى»دا شۇنداقلا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئالتە پارەمىتە سۈترىلىرى دىۋانى» (集度六经) دا ھەم خاتىرىلەنگەن③.

ئىلىم ساھەسىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازمىلاردىكى «جاتاكا» ھېكايىلىرىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەن. 1964 ـ يىلى ئامېرىكىلىق ئالىم بوپىنىڭ ئۆز ماقالىسىدا «جاتاكا چۆچەكلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى ئەزەلدىن بايقىلىپ باقمىدى» دەپ يازغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ④. بۇنداق ئەھۋال ئېلىمىزدىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى جاتاكا چۆچەكلىرى ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنىپ كەلدى. تەتقىقات ماقالىلىرىمۇ ئىنتايىن ئاز. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېلىمىز ئالىملىرى دۈنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن بايقالغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە «جاتاكا» ھېكايىلىرىنىڭ قوليازما ۋە باشقا نۇسخىلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ، بەزىلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي ئەمگەكلەر بىزنى ئەسلىي ھىندى خەلق ئەدەبىياتىدىن ئېلىنغان «جاتاكا» ھېكايىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ھېكايىلىرىگە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق مەسەلچىلىك ئىجادىيىتىگە بولغان تەسىرىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «جاتاكا» ھېكايىلىرى ئىچىدە بىرقەدەر مەشھۇر دەپ قارالغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) «ئاق نىيەت تېكىن بىلەن قارا نىيەت تېكىن ھېكايىسى». ھازىر ساقلانغان قوليازما نۇسخىسى ئىككى، ئۇنىڭ بىرى دۈنخۇاڭ مۇگاۋ غارىدىكى نوملار ئارىسىدىن تېپىلغان. ھازىر پارىژ فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا، رەت نومۇرى: P.3509. ئىككىنچىسى، تۇرپان يارغولدىن تېپىلغان بىر ۋاراقلىق پۇچۇلغان نۇسخا بولۇپ، پەقەت 22 قۇرلا خەت ساقلىنىپ قالغان، ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا، رەت نومۇرى: U120(Ⅱ Y1).

2) «ۋىسانتارا جاتاكا» (须达那太子本生). بۇ ھېكايە ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، چوڭ كۆلۈڭگۈ مەزھىپى تارقالغان جايلاردا ئومۇملاشقان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ تەسىرى چوڭ بولغان. مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى تولۇقسىز نۇسخىلىرى تۇرپان بوستانلىقىدىكى كۆپ جايلاردىن تېپىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە رەسىم قىستۇرما قىلىنغان بىر نۇسخىسى ھازىر ياپونىيەدە ساقلانماقتا. قالغانلىرى بېرلىندا ساقلانماقتا. ھەر خىل تولۇقسىز نۇسخىلىرىدىن جەمئىي 11 پارچە بار.

3) «دايگاك جاتاكاسى» (大觉本生). ھازىر ساقلانغان قوليازما نۇسخىسى ئىككى پارچە. بىرلەشتۈرگەندە ئاران بىر ۋاراق. تۇرپاندىكى سىڭگىمدىن تېپىلغان. 60 قۇر خەت بار.

4) «شىر جاتاكاسى» (狮子本生). ساقلىنىپ قالغان قوليازما نۇسخىسى ئىككى پارچە. بىرلەشتۈرسە بىر ۋاراق. بۇمۇ تۇرپان سىڭگىمدىن تېپىلغان. 32 قۇر خەت بار.

5) «كۇلالچى جاتاكاسى» (陶工本生). ھازىر ساقلانغىنى بىر پارچە. تۇرپاندىن تېپىلغان. 70 قۇر خەتتىن تەركىب تاپقان.

6) «بۆكەن جاتاكاسى» (羚羊本生). تولۇقسىز باسما نۇسخىسىدىن ئىككى پارچە بار. ئىككىلىسى تۇرپاندىن تېپىلغان. ھازىر بېرلىندىكى ھىندى سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئالدىنقىسىدا يەتتە قۇر، كېيىنكىسىدە 11 قۇر

خەت بار. ئىككىلىسىگە قىستۇرما رەسىملەر سىزىلغان.

7) «ئارەنمىخان جاتاكاسى» (阿烂弥王本生). دۇنخۇاڭ مۇگاۋ غارىدىن تېپىلغان. هازىر پارىژ فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا. ئەسلىدىكى قولىيازما نۇسخىسى ئۈچ ۋاراق. جەمئىي 119 قۇر خەتتىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ 67 قۇرى مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۆز تېكىستى. قالغان 52 قۇرى ماۋزۇ ئىزاهاتى. بۇ نۇسخىنىڭ خەنزۇچە، سانسكرىتچە، تىبەتچە نۇسخىلىرى «ئۇلۇغ پىتاكا نومى»دا كۆزگە چېلىقمايدۇ. توخرىچە سۆزلەر كۆپ قوللىنىلغان. شۇڭا ئالىملار ئۇنى توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولسا كېرەك، ـ دەپ قارايدۇ.

ئۇندىن باشقا يەنە «گاچا بىلەن توكۇر جاتاكاسى» (哑跛本生)، «توشقان پادىشاھ جاتاكاسى»، «پىل جاتاكاسى» (大象本生) ھەمدە بىزنىڭ سېلىشتۇرۇپ ئايرىپ چىقىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان باشقا ئون نەچچە خىل قەدىمكى ئۇيغۇرچە «جاتاكا» ھېكايىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى بار⑤.

قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارشا پۈتۈكلەرگە سىزىلغان رەسىملەر ئىچىدە «جاتاكا» ھېكايىلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، بۇ ھەقتە گېرمانىيەلىك ئۇيغۇرشۇناس زىيېمې «قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارشا پۈتۈكلەردىكى شەكلى ئۆزگەرگەن جاتاكا چۆچەكلىرى» ناملىق ماقالىسىدە، ئۆز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ياپونىيە داگۇ ئەترىتى يىغىۋالغان ماتېرىياللار ئىچىدە ساقلانغان قىستۇرما رەسىملەر قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ۋىسانتارا جاتاكا» (须达那太子本)نىڭ دەل ئۆزى ئىكەن. گاباين خانىم قاتارلىقلارنىڭ قارىشىچە، شۇنداقلا بىرمۇنچە تارشا پۈتۈكلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ رەسىملەر ئىچىدە يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن «گاچا بىلەن توكۇر جاتاكاسى»، «توشقان پادىشاھ جاتاكاسى»، «پىل جاتاكاسى» ۋە «ئالتۇن بۆكەن جاتاكاسى» قاتارلىق «جاتاكا» چۆچەكلىرىگە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى كۆرۈش مۇمكىن ئىكەن⑥.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «جاتاكا» چۆچەكلىرى ئىچىدە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ھەممىدىن بەك تارتىدىغىنى «توشقان پادىشاھ جاتاكاسى» بولۇپ، مەزمۇنى بىرقەدەر مول، ساقلىنىشىمۇ بىرقەدەر مۇكەممەل. ياڭ فۇشۆنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى ئۇنىڭ پالى تىلىدىكى نۇسخىسىدىن، شۇنىڭدەك خەنزۇ تىلىدىكى مۇناسىۋەتلىك نۇسخىلاردىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىكەن. تاڭ شۈەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دىكىسى بىلەن ئەڭ يېقىن كېلىدىكەن. ئۇنىڭدا توشقان پادىشاھنىڭ ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپ، باشقىلار ئۈچۈن قۇربان بولۇشتەك ئاساسىي ۋەقەلىكتىن باشقا يەنە تۈلكە بىلەن مايمۇننىڭ ئۆزىنى تەقدىم قىلىش ۋەقەلىكىمۇ بايان قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە توشقان پادىشاھنىڭ ئايغا چىققانلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇنمۇ بار. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ياڭ دوكتور قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «توشقان پادىشاھ جاتاكاسى»نى «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنغان ياكى شۇنىڭغا ئاساسەن ئۆزگەرتىلگەن بولۇشى مۇمكىن، ـ دەپ قارىغان. ئەنە شۇنىڭغا ئاساسەن لاڭ يىڭ خانىممۇ ياڭ فۇشۆنىڭ «ھىندى دىنى مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» دېگەن دوكتور ئاشتىلىق ئىلمىي ماقالىسىغا يازغان كىرىش سۆزىدە، توشقان پادىشاھنىڭ ئايغا چىققانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە ئېلىمىزدە شەرقىي خەن دەۋرىدىلا پەيدا بولغان، كېيىن غەربكە ۋە ھىندىستانغا تارقالغان. بۇددا دىنى تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ «جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ ئەسلىي ماتېرىيالى بولۇپ قالغان، ـ دەپ يازىدۇ⑦. بۇ ھال جاتاكا چۆچەكلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ قەدىمكى ھىندى خەلق ئەدەبىياتىغا تەۋە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدە ئېلىمىزدىن، جۈملىدىن شىنجاڭدىن تارقىلىپ بارغان ھېكايىلەرنىڭ بولۇش ئېھتىماللىقىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«ئۇلۇغ، توغرا ئاغىلىق نوم بىتىك» (大正大藏经) 4.4496 تىكى «ئارىلاش ئەردەنى ئاغىلىق سۇدۇر. تەركى ۋەتەن نىدانەسى» (杂宝藏经・弃老国缘) دە ۋە «جاتاكا سۇترا» (本生经) نىڭ 308 ـ ھېكايىسىدە «پاراسەتلىك قۇش جاتاكاسى» (慧鸟本生) دەپ ئاتىلىدىغان بىر ھېكايە بار. بۇ ھېكايە ئۇيغۇر خەلق مەسىلى «شىر بىلەن تۇرنا»غا بەكمۇ ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى ھېكايىنى ۋاڭ جىيىڭ بىلەن ياڭ فۇشۆ ئۆزلىرىنىڭ «‹پاراسەتلىك قۇش جاتاكاسى› دىن ‹شىر بىلەن غاز› غىچە — ھىندى جاتاكا چۆچەكلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە بىر

مىسال» ناملىق ماقالىسىدە تەپسىلى سېلىشتۇرۇپ، تەتقىق قىلغان بولۇپ (ئۇلار پايدىلانغان ئۇيغۇر خەلق مەسلى «شىر بىلەن غاز» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ «شىر بىلەن تورنا»نىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىمۇ ياكى تەرجىمانىنىڭ سەۋەنلىكىمۇ بۇنىسى نامەلۇم) ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «پاراسەتلىك قۇش» ناملىق جاتاكا چۆچىكى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارغا كەڭ تارقالغان. بىراق يازما ھالەتتە ئەمەس، بەلكى ئاغزاكى شەكىلدە بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ تاكى بۈگۈنگىچە داۋاملاشقان⑧. ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، سانسكرىتشۇناس جى شيەنلىن «پاراسەتلىك قۇش جاتاكاسى» ناملىق بۇ ھېكايىنى ئىزوپ مەسەللىرى ئىچىدىكى «بۆرە بىلەن تورنا»غا سېلىشتۇرۇپ، ئەسلىي ھىندى ھېكايىسى دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان⑨.

دۇنخۇاڭ ۋە شىنجاڭدىكى قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە بۇددىزم ھېكايىلىرىنى مەزمۇن قىلغان رەسىملەرنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ. بۇلارنىڭ ئىچىگە ئەسلىي ھىندىستاندا پەيدا بولۇپ، خەلق ئىچىدە تارقىلىش جەريانىدا بۇددا دىنى نوملىرىغا ۋە باشقا ئەدەبىي توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن «جاتاكا» چۆچەكلىرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھىندى خەلق ئەدەبىياتىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان بۇددا «جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ رايونىدا تارقىلىش ئەھۋالىنى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى تەسىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم پاكىتلاردىن ھېسابلىنىدۇ. مىسال ئۈچۈن «چىمچىق كۆز ئوغلىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى بېقىشى» (睒子(商莫)孝养父母的故事) بىلەن «تاق مۈڭگۈزلۈك ئەۋلىيا جاتاكاسى» (独角仙人本生故事) نى ئالساق، بۇ ئىككى ھېكايە بۇددىزم نوملىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. ھەتتا ھىندىستاننىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «رامايانا»نىڭ «بالىلىق» ، «ئايوتو» قىسىملىرىدىمۇ بۇ ئىككى ھېكايىگە سۇژېت جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ھېكايىلەر بار. كېيىنچە بۇ ھېكايىلەر شۈەن زاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» گىمۇ كىرگۈزۈلگەن⑩. بۇ ھېكايىلەر مىلادىدىن بۇرۇنقى ئىككىنچى ئەسىردىن بىرىنچى ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا مەيدانغا كەلگەن دەپ قارالغان ھىندىستاندىكى «بارخۇت» ئويمىلىرىدا تەسۋىرلىنىپلا قالماي، مىلادى Ⅱ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قارالغان شىنجاڭ قىزىل مىڭئۆيلىرىدە، دۇنخۇاڭ مۇگاۋدىكى Ⅵ ئەسىرگە تەئەللۇق تام رەسىملىرىدە ھەم ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن بۇ ھېكايىلەرنىڭ ئەسلىي ھىندىستاندا خەلق ئارىسىدا پەيدا بولۇپ، كېيىنچە شىنجاڭغا، ئاندىن دۇنخۇاڭغا، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تەسىرىنىڭ كەڭ ھەم ئۇزۇن داۋاملاشقانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن.

دۇنخۇاڭنىڭ ئەڭ دەسلەپكى 16 بەگلىك دەۋرىگە تەۋە تام رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن بۇددىزم ھېكايىلىرى ئىچىدە جاتاكا ھېكايىلىرى كۆپرەك سىزىلغان. بۇنىڭغا، «سەتۋە تېكىننىڭ ئۆزىنى يولۋاسقا يەم قىلىپ بېرىشى» (萨垂那舍身饲虎) ، «شىۋى خاننىڭ ئۆز گۆشى بىلەن كەپتەرنى قۇتۇلدۇرغانلىقى» (尸毗王割肉救鸽) ، «توققۇز رەڭلىك بۇغا ھېكايىسى» (九色鹿的故事) قاتارلىقلارنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ھېكايىلەرنىڭ مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى، ئوبرازلىرى، كېيىنىشى، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى جەھەتتە ھىندىستان بۇددىزم سەنئىتىنىڭ غەربىي يۇرت ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرگەندىن كېيىنكى يەرلىكلىشىش، ئىسلاھ قىلىنىش ئالاھىدىلىكلىرى ناھايىتى روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان⑪.

مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى ھېكايىلەر ئەڭ قەدىمكى بۇددىزم ھېكايىلىرىنىڭ تەسۋىرى سەنئىتىدىكى ئىپادىلىرى، بۇددىزم دەۋرىدىكى بىر قىسىم ھېكايىلەر ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرچە يازما ۋەسىقىلەردە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ھەر خىل ئۆزگەرگەن شەكىللىرىنى ھازىرمۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن تاپقىلى بولىدۇ. بۇ ھال بىزنىڭ بۇددا «جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ قانداق بولۇپ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئايلانغانلىقىنى ئېنىقلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئالساق، «ماھاستۋىنىڭ يولۋاسقا يەم بولۇشى» ناملىق ھېكايە «سۋارنا پراپاسا سۇترا» ( «ئالتۇن يارۇق» ) تىكى بىر چۆچەك بولۇپ، مىلادى 397 — 439 - يىللىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى تۇرپاندىن تېپىلغان. شۇ مەزمۇندىكى رەسىملەر 17 - ، 38 - ، 47 - ، 114 - غارلاردا بار. بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدىغان يېرى، بۇ ھېكايىنىڭ بايان ئۇسۇلى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسۇلىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ⑫. ئۇندىن باشقا، «ئارزۇلۇق گۆھەر» ناملىق ھېكايە «پراجنىيا موكا شاستىر» ناملىق

دانىشمەنلىك ۋە نادانلىق ھەققىدىكى ۋەقەلەر سۆزلىنىدىغان بۇددا كىتابىدىكى بىر چۆچەك بولۇپ، 445 ـ يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنى ج. ر. خامىلتون تەتقىق قىلغان. ئۇنى فرانسىيەلىك پېللىئوت 1907 — 1908 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيدىن ئېلىپ كەتكەن. بۇ دەل «ئىككى تېكىن ھېكايىسى» دەپ ئاتالغان ھېكايىنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك رەسىملەر 38 ـ غارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تامغا سىزىلغان[13]. يەنە شۇنىڭدەك، «دېڭىز سۈيىنى چىقىرىپ تاشلاپ، گۆھەر سۈزۈش» (بۇ ئەسلىي «بۇددا جارىتا سۇترا» ناملىق بۇددانىڭ سەرگۈزەشتىلىرى سۆزلىنىدىغان كىتابتىكى بىر چۆچەك بولۇپ، 587 ـ يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان[14]. بۇنىڭغا ئائىت رەسىم 14 ـ غارنىڭ سول تەرەپ تېمىغا سىزىلغان) بىلەن «دېڭىزغا كىرىپ گۆھەر ئىزدەش» («جاتاكا سۇترا» ناملىق بۇددانىڭ يارالمىشى ھەققىدە تەپسىر قىلىنىدىغان بۇددا كالامىدىكى بىر چۆچەك بولۇپ، مىلادىيە 212 — 315 ـ يىللاردا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭغا ئائىت رەسىم 14 ـ غارنىڭ سول تەرەپ تېمىغا سىزىلغان) ناملىق ئىككى چۆچەك ئەسلىي بىر مەنبەدىن چىققان بولۇپ، ئۇلارنى «ئىككى تېكىن ھېكايىسى» ياكى «كالياناماكارا، پاپاماكارا» (ئاق نىيەت تېكىن بىلەن قارا نىيەت تېكىن) دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ھېكايىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكىللىرى دېيىشكە بولىدۇ[15]. تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەر بولغىنى، بۇ چۆچەكتىكى «چىنتەمەنى ئەڭگۈشتىرى» ۋە ئىككى ئاكا ـ ئۇكىنىڭ بىر بىرىگە قەست قىلىشى توغرىسىدىكى مۇتىفلار ھېلىھەم ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى «ئەنگۈشتەر»، «بۇلبۇلگويا» قاتارلىقلاردا قىسمەن ئۆزگەرگەن ھالدا مەۋجۇت.

قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بەزى «جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن قىسمەن ئاغزاكى شەكىللىرىگە «قوچاق ئويۇنى» ناملىق چۆچەكنى مىسال ئېلىشقا بولىدۇ. ئۇ ئەسلىي «جاتاكا نىدانە» ناملىق ساكيامۇنىنىڭ بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدە ئېيتقانلىرى خاتىرىلەنگەن، بۇددىزم كالامىدىكى بىر چۆچەك بولۇپ، مىلادىيە 285 ـ يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. رەسىمى 175 ـ نومۇرلۇق غارنىڭ ئوڭ تەرەپ كارىدورىغا سىزىلغان[16]. بۇ چۆچەك بىلەن «سامىيوكتە ئاۋادانا» ناملىق تەمسىللەر توپلىمىدىكى «رەسسام» (مىلادىيە 25 — 220 ـ يىللاردىن باشلاپ 405 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بىرنەچچە قېتىم خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان) ناملىق ھېكايە[17] بىلەن توخرى تىلى A (قاراشەھەر تىلى) دا خاتىرىلەنگەن «ياغاچچى بىلەن رەسسام» ناملىق ھېكايىنىڭ[18] مەنبەسى بىر بولۇپ (ماتېرىياللاردا تۇرپاندىن چىققان يازما ۋەسىقىلەر ئىچىدە «ياغاچچى بىلەن رەسسام» ناملىق ھېكايىنىڭ پارچىلىرىنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان)، ئۇلارنى ھازىرغىچە خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن «ياغاچچى بىلەن بوياقچى»[19] ناملىق چۆچەكنىڭ كېلىش مەنبەيى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ چۆچەك بىلەن يەنە «ھىندى خەلق چۆچەكلىرى» دېگەن كىتابتىكى «ۋەزىرنىڭ قىزى»[20] ناملىق ھېكايە، «ھىندى ئەپسانىلىرى» ناملىق كىتابتىكى «تىرىك قورچاق»[21] ناملىق ھېكايە، ھەمدە «تۇتىنامە» نىڭ ئالتىنچى داستانى بولغان «تۆت كىشىنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەنلىكى»[22] ناملىق ھېكايە ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار بۇ ۋەقەلىكنىڭ ئەسلىي ھىندىستاندىن كەلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ ھېكايە يەنە سەئىدىيە دەۋرىدە ياشىغان ئاتاقلىق تارىخچى ۋە ئەدىب مىرزا ھەيدەرنىڭ «جاھاننامە» داستانىدىكى مۇھىم بىر ھېكايىگە[23]، شۇنداقلا، ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «تەدبىرلىك پادىشاھ»[24] ناملىق چۆچەككە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئەسلىي ھىندىستاندىن كەلگەن دەپ قارالغان جاتاكا چۆچەكلىرىدىن «مايمۇن بىلەن تىمساھ»، «تاشپاقىنىڭ ھېكايىسى»، «پاراسەتلىك قۇش» قاتارلىقلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىدىن «پاقا بىلەن چايان»، «ماختانچاق پاقا»، «شىر بىلەن تورنا» قاتارلىقلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

«بەشنامە» نىڭ ھەر خىل تەرجىمە ۋە ئۆزلەشتۈرمە نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مۇنداق بىر مەسەل كۆزگە چېلىقىدۇ. يەنى ئىككى ھايۋان ئاۋۋال دوستلىشىدۇ. كېيىن بىرسى يەنە بىرسىنى ھاپاش قىلىپ دەريادىن ئۆتتۈۋاتقاندا ھاپاش قىلىنغان ھايۋان كېسەل بولۇپ قالغان ئايالىنى ساقايتىش زۆرۈرىيىتى بىلەن ھاپاش قىلىپ كېتىۋاتقان ھايۋان

(كۆپىنچە مايمۇن) غا نىيىتىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېلىۋالماقچى بولىدۇ. ھېلىقى ھايۋان (مايمۇن) ئەقىل ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى قىرغاقتا ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ خەتەردىن قۇتۇلىدۇ. بۇ «بەشنامە» نىڭ 4 - جىلدىدىكى راماكا شەكىللەندۈرگۈچى ھېكايە بولۇپ، «بەشنامە» نىڭ ئەڭ قەدىمكى نۇسخىسىدىن تارتىپ، كېيىن مەيدانغا چىققان ھەممە نۇسخىسىدا بار. بۇ ھېكايە بۇددا نوملىرىدا «جاتاكا چۆچەكلىرى» قاتارىدا «مايمۇن بىلەن تىمساھ» نامىدا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، «جاتاكا» چۆچەكلىرى قاتارىدا ئۈچ ئورۇندا تەكرارلانغاندىن باشقا، مىلادىيە II ئەسىرلەردىلا سانسكرىتچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئالتە پارەمىتە سۇترالىرى» (六度集经) ، «بۇددا ئەتمىشلىرى سۇتراسى» (佛本行集经) قاتارلىق بۇددا نوملىرىدىمۇ خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ ئوخشىمىغان شەكىللىرى يەنە قەدىمكى ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن «شاتۇتىنىڭ ھېكايىسى» دېگەن چۆچەكلەر توپلىمى، نەخشەبى تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «تۇتىنامە» دىمۇ بار.

XIX - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سانسكرىت تىلىدىكى «بەشنامە» نى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلغان گېرمانىيەلىك شەرقشۇناس، سېلىشتۇرما چۆچەكشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى بەنفېي (Theodor. Benfey) ئەينى ۋاقىتتا بۇ ھېكايىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىپ، ئەڭ بۇرۇن قايسىسى قايسىسىدىن كەلگەن دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كۆپ ئىزدىنىپ، ئاخىرىدا بۇ ھېكايە ئەڭ ئاۋۋال «سىندىباتنامە» (幸巴德之书) دىن كەلگەن بولسا كېرەك دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان[25]. ھالبۇكى، «سىندىباتنامە» دېگەن بۇ كىتابنىڭ پارچىلىرى دۇنخۇاڭدىن بايقالغان. بەزىلەر پارس تىلىدىكى «سىندىباتنامە» نى «ھېكمەتلىك كېچە» ھېكايىلىرىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىن بىرى دەپ قارايدۇ. لى فۇچىڭنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، «سىندىباتنامە» مىلادى VI ئەسىردە يېزىلغان بولۇپ، ئاپتورى سەمەرقەنتلىك مۇھەممەت دېگەن كىشى ئىكەن[26]. 1909 - يىلى روسىيەلىك ساياھەتچى كوزلوف (P. Kozlov) گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدىن تاپقان يازما يادىكارلىقلار ئارىسىدا «سىندىباتنامە» نىڭ پارس تىلىدىكى پارچىلىرىمۇ بولغان[27]. بۇ ھەقتە لى فۇچىڭ: «جۇڭگو ۋە ياپونىيە فولكلورشۇناسلىرى خاتىرىلىگەن ھېكايىلەر ئىچىدە بىزنى ئاشۇ ئۆزگەرگەن نۇسخىلار بىۋاستە ھىندىستاندىن كەلگەن دېگەن ئويغا كەلتۈرىدىغان بايانلار بار» دەيدۇ (بۇ ھېكايىنىڭ ھىندىستاندا پەيدا بولۇشىنىڭ ئاساسى شۇكى، ئۇلاردا مايمۇننىڭ يۈرىكى داۋالاش رولىغا ئىگە دەيدىغان بىر خىل قاراش بار) . قانداقلا بولمىسۇن، بىز بۇ ۋەقەلىكنىڭ باشقا نۇرغۇن ھېكايە ۋەقەلىكلىرىگە ئوخشاش بۇددا نوملىرى بىلەن بىرگە يىپەك يولىنى بويلاپ ھىندىستاندىن تارقالغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇۋالالايمىز. ئۇنىڭ بۇددا دىنى بىلەن موڭغۇلىيەگە تارقالغانلىقىغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىش يولىنى تىبەت ئارقىلىق بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلالايمىز.

يۇقىرىقى ۋەقەلىك خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان سانسكرىتچە ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلەردىن بىرى «بۇددا ئەتمىشلىرى سۇتراسى» (佛本行集经) دىمۇ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ساكيامۇنى شاگىرتلىرىغا تەلىم بەرگەندە، مۇشۇ ھېكايىنى ئىشلەتكەن. بۇمۇ بۇ ھېكايىنىڭ ئەسلىي ھىندىستاندىن تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇندىن باشقا بۇددا نوملىرىدا قوللىنىلىدىغان مۇنداق بىر نۇقتا بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ: ئۇ بولسىمۇ، ھەر قېتىم ھېكايە بايان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بۇددىستلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە خۇلاسە تەرىقىسىدىكى ھېكمەتلىك پىكىرنى شېئىرىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇشتەك ئەدەبىي ئۇسلۇبتىن ئىبارەت (مەن بۇ خىل ئەنئەنە شەرق شېئىرىيىتىدە رۇبائىي ژانىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان دەپ قارايمەن) . بۇ خىل ئۇسۇل «بەشنامە» نىڭ ھەممە نۇسخىسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، بىز بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ «كەلىلە ۋە دېمنە» دە تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈمىز.

ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل ۋەقەلىككە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان ھېكايىلەر خېلى كۆپ. مەن ئۇيغۇر خەلق مەسىلى «پاقا بىلەن چايان» نىڭ كېلىپ چىقىشىنى يۇقىرىقى ھېكايە بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمەن. ئۇنىڭدا پاقا بىلەن چاياننىڭ دوست بولۇشقانلىقى، ئۇلار يولدا بىر دەرياغا دۇچ كېلىپ، پاقا چاياننى ھاپاش قىلىپ، دەريادىن ئۆتمەكچى بولۇشقانلىقى، ئۇلار دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە چايان تۇساتتىن پاقىغا نەشتەر ئۇرغانلىقى ۋە بۇ مېنىڭ ئادىتىم دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى، غەزەپلەنگەن پاقىمۇ بۇمۇ مېنىڭ ئادىتىم دەپ سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ، چاياننى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىدەك ۋەقەلىك بايان قىلىنغان[28]. دېمەك، بىر «جاتاكا» چۆچىكى نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن

ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا كىشىلەرگە ۋاپاسىز دوستنىڭ ھامان ئەسلىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلىماي قالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت چوڭقۇر بىر ھېكمەتتىن دەرس بېرىدىغان مەسىلگە ئايلانغان.

دېمەك، ھېكايىلەردىكى ئىككى ھايۋاننىڭ دوستلۇقى ۋە كېسەل بولۇپ قالغان ئايالىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دوستىغا خىيانەت قىلىشىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك مۇتىفى ئەسلىي بۇددا نومى «جاتاكا» چۆچەكلىرى ئارقىلىق شەرققە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان. ئەمما دىنىدىن خالىي ئەدەبىياتىنىڭمۇ تەسىرى بولغان.

تۆۋەندە «جاتاكا» چۆچىكى «تاشپاقىنىڭ ھېكايىسى» بىلەن ئۇيغۇر خەلق مەسىلى «ماختانچاق پاقا»نى قىسقىچە سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

«جاتاكا» چۆچىكى «تاشپاقىنىڭ ھېكايىسى»دە بىر جۈپ غاز بىر تاياقنىڭ ئىككى تەرىپىنى چىشلەپ بىر تاشپاقىنى تاياقتا ئېلىپ، ھاۋادا ئۇچقۇنچە يىراققا ئېلىپ ماڭىدۇ. ئۇچۇشتىن بۇرۇن تاشپاقىغا ھەرگىز گەپ قىلماسلىقنى جېكىلەيدۇ. تاشپاقا نەسىھەتنى ئۇنتۇپ قېلىپ، گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئېچىشىغىلا تاياقتىن ئاجراپ كېتىپ يەرگە مولاق ئېتىپ ئۆلىدۇ. (روسىيە يازغۇچىسى گارشىن (1858—1888 M. V. Garshin) بۇ ھېكايىنى چۆچەك قىلىپ يېزىپ چىقىپ، ئىسمىنى «ساياھەتچى پاقا»قويغان)[29]. بۇ ھېكايە «بۇددا ئەتمىشلىرى سۇتراسى» (215 ـ ھېكايە) قاتارلىق نۇرغۇن بۇددا نوملىرىدا خاتىرىلەنگەن. ئۇنىدىن باشقا، دۇنخۇاڭدىكى ئىبادەتخانىلاردا ساقلانغان كىتابلار ئىچىدە بىر كۆيلىت شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىككى قۇشنىڭ بىر تاياق (بامبۇك نوتىسى) بىلەن بىر ئىلاھىي تاشپاقىنى ئېلىپ ئۇچقانلىقى بايان قىلىنىدۇ[30]. بۇ ھېكايىنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى ھەتتا «بەشنامە»، «كەلىلە ۋە دىمنە» دىمۇ ئۇچرايدۇ.

ئەمدى ئۇيغۇر خەلق مەسىلى «ماختانچاق پاقا»غا كەلسەك، ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ: بۇرۇنقى زاماندا بىر كۆلدە ئىككى غاز ۋە بىر پاقا بىللە ياشايدىكەن. ئۇلار ناھايىتى ئىناق ئۆتىدىكەن. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، كۆل قۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي سۇ پۈتۈنلەي تۈگەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن غازلار سۇ بار يەرگە كۆچمەكچى بولۇشۇپتۇ. بىراق پاقىنى بىللە ئېلىپ كېتەيلى دېسە، پاقا ئۇچالمايدىكەن. تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمايدىكەن. بۇلارنىڭ بېشى قېتىپ ئامال ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. ئويان ئويلاپتۇ، بۇيان ئويلاپتۇ، ئاخىرى پاقا مۇنداق دەپتۇ: «غاز ئاكىلار، بۇنىڭغا بىر ئامال بار. بىر تال چىۋىقنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئىككىڭلار چىشلەڭلار، مەن ئوتتۇرىنى چىشلەي، مۇشۇنداق ئۇچۇپ مېنى ئېلىپ مېڭىڭلار، قانداق». «بۇ ئوبدان چارە ئىكەن» دەپتۇ غازلار. «بىراق سۇ بار يەرگە بېرىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن ئۇچۇشقا توغرا كېلىدۇ. سەن ئۇزۇنغىچە ئاغزىڭنى ئاچماي، چىۋىقنى مەھكەم چىشلەپ چىدىيالارسەنمۇ؟». «چىدايمەن!» دەپتۇ پاقا ئىشەنچ بىلەن. «ئۇنداق بولسا سېنى ئېلىپ ماڭايلى، لېكىن زادىلا گەپ قىلما، بولمىسا خەتەرلىك ئەھۋال تۇغۇلۇپ قالىدۇ» دەپتۇ غازلار. ئۇلار يولغا چىقىپتۇ. ئۇچۇپتۇ ـ ئۇچۇپتۇ، بىر مەھەللىنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە، بىرمۇنچە كىشىلەر ئاسمانغا قارىشىپ: «ئەجەپ پەمى بار غازلار ئىكەن ـ ھە! پاقىنى ناھايىتى ئەپچىل ئېلىپ مېڭىپتۇ!» دېيىشىپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پاقا ئىچىدە: «بۇ چارىنى غازلار ئەمەس، مەن تاپقان» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇلار يەنە بىر مەھەللىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىرمۇنچە كىشىلەر يەنە: «قاراڭلار، قاراڭلار، ئاۋۇ غازلارنىڭ ئەقىللىقلىقىنى! پاقىنى بىر ئوبدانلا ئېلىپ كېتىۋاتقىنىنى!» دېيىشىپتۇ. پاقا: «غازلار ئەقىللىق ئەمەس، مەن ئەقىللىق، بۇ چارىنى مەن تاپقان» دەپ ۋاقىرىۋەتكىلى قىل قاپتۇ. دەرھال ئېسىنى يىغىۋېلىپ ئاغزىنى ئاچماپتۇ. بۇ تەرىقىدە ئۇچۇپتۇ ـ ئۇچۇپتۇ. تېخىمۇ ئاۋات، تېخىمۇ چىرايلىق بىر مەھەللىدىن ئۆتۈپتۇ. بۇ يەردە تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر تۇرغان ئىكەن، ئۇلار ھەيران بولۇشۇپ: «قاراڭلار، پاقىنى بىللە ئېلىپ ئۇچالايدىغان قالتىس تەدبىرلىك غازلار ئىكەن! نېمە دېگەن ئەقىللىق غازلار بۇ؟ شۇنچە ئوبدان ئامالنى تاپقىنىنى قاراڭلار!» دېيىشىپ، ماختاپ كېتىشىپتۇ. بۇ ماختاشلارنى ئاڭلاپ پاقا ئۆزىنى زادىلا تۇتىۋالالماپتۇ ـ دە، بۇ ئامالنى ئۆزىنىڭ تاپقانلىقىنى جاكارلىماقچى بولۇپ: «مەن…» دېيىشىگىلا چىۋىقتىن ئاغزى چىقىپ كېتىپ، يەرگە چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ[31]. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇلار بىر ھېكايىنىڭ ئوخشىمىغان ماكان ۋە زاماندىكى ئۆزگەرگەن شەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار خەلق ئاغزىدىن كىتابلارغا، كىتابلاردىن خەلق ئاغزىغا ۋە يەنە كىتابلارغا كۆچۈشتەك جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

پالى تىلىدىكى «جاتاكا سۇتراسى» (本生经) (308 ـ ھېكايىسى) دە «پاراسەتلىك قۇش يارالمىشى» ناملىق ھېكايە بار. ژاڭ جىيەنلىڭ بىلەن ياڭ فۇشۈ بۇ ھېكايىنى خەنزۇچە «شىنجاڭ خەلق ئەدەبىياتى» نىڭ 3 ـ تومىدىكى «شىر بىلەن غاز» ناملىق ئۇيغۇر خەلق مەسىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەنبىيى بىر يەنى ئەسلىي ھىندىستاندىن تارقالغان دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ㉜. بۇ ھېكايە ئۇيغۇر خەلق مەسىلى «شىر بىلەن تۇرنا» بىلەن ئوخشاش. «پاراسەتلىك قۇش جاتاكاسى» دا مۇنداق ۋەقەلىك بار:

«بىر شىر گۆش يەۋېتىپ سۆڭەك گېلىغا تۇرۇپ قاپتۇ. گېلى ئىششىپ، ھېچنېمە يېيەلمىگەننىڭ ئۈستىگە ئاغرىق دەردىگە زادىلا چىدىيالماپتۇ. ئۇ قۇش (تۆمۈر تۇمشۇق سۈرىتىدىكى بۇتاتۇۋا) ئوزۇق ئىزدەپ چىققاندا، بىر دەرەخ شېخىغا قونۇپ ئولتۇرۇپ، شىرنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭدىن: «دوستۇم بىئارام بولۇۋاتامسىز؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئىشنىڭ جەريانىنى دەپ بەردى. قۇش ئېيتتىكى: «دوستۇم، مەن ئۇ سۆڭەكنى ئېلىۋېتىشنى خالايمەن. بىراق بېشىمنى سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا تىقىشقا پېتىنالمايمەن. سىزنىڭ يەۋېتىشىڭىزدىن قورقىمەن» دېدى. «دوستۇم، قورقماڭ، مەن سىزنى ھەرگىز يەۋەتمەيمەن، مېنىڭ ھايات قېلىشىم سىزگە باغلىق» دېدى شىر. قۇش: «بولىدۇ!» دەپلا شىرنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزدى. بىراق ئىچىدە «كىم بىلىدۇ، ئۇ يەنە بىرەر ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىۋاتامدۇ تېخى» دەپ ئويلاپ، شىرنىڭ ئاغزىنىڭ يېپىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىر تال تاياقنى ئۇنىڭ ئۈستۈنكى تاڭلىيى بىلەن ئاستىنقى تاڭلىيىغا تىرەپ قويۇپ، ئاندىن بېشىنى تىقىپ تۇمشۇقى بىلەن سۆڭەكنى چىشلەپ ئېلىۋەتتى. سۆڭەكنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، بېشىنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىرىۋېلىپ، تۇمشۇقى بىلەن تاياقنى ئېلىۋەتتى ـ دە، دەرھال دەرەخقە چىقىۋالدى. شىرنىڭ كېسىلى ساقايدى. بىر كۈنى شىر بىر مۇ كالىسىنى تۇتۇپ يېدى. قۇش: «ئۇنى بىر سىناپ باقاي» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئېگىز بىر توپ دەرەخ شېخىدا ئولتۇرۇپ، «ئامىتابا!» دەپ سۆز باشلىدى: «ھۆرمەتلىك شىر ئالىيلىرى، مەن ئۆزلىرىگە خىزمەتكارلىقنى ناھايىتى ياخشى بەجا كەلتۈرگەنىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق جاۋاب قايتۇراي دەيلا؟» شىر بۇنى ئاڭلاپ جاۋابەن «ئامىتابا» دېۋەتكەندىن كېيىن: «مەندەك بىر رەھىمنى بىلمەيدىغان قانخور مەخلۇقنىڭ چىشلىرى ئارىسىدىن ساق ـ سالامەت چىقىپ كەتكىنىڭگە شۈكرى قىلساڭ بولارمىكىن!» دېدى. قۇش بۇنى ئاڭلاپ: «ئامىتابا! ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ئادەمدىن زادىلا ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدىكەن. ياخشىلىق قىلىپ يەنە ئۇنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشكىلى بولمىغاندىكىن، ئۇنداق كىشى نەپرەت ۋە لەنەتكە لايىقتۇر، ـ دېدى»㉝.

«شىر بىر بېلىقچىنىڭ تۇتۇپ قويغان بېلىقلىرىنى ئوغرىلاپ ئاچكۆزلۈك بىلەن ئالدىراپ يېگەن ئىكەن، بېلىقنىڭ قىلتىرىقى كېكىردىكىگە سانچىلىپ قاپتۇ. يا يۇتالماپتۇ يا چىقىرىۋېتەلمەپتۇ. بارغانسېرى كېكىردىكى ئاغرىپ، ئاغزىدىن قان چىقىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئاخىرى بولالماي دوختۇر ئىزدەپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىشقا باشلاپتۇ. يولدا بىر تۇرنا ئۇچراپتۇ. شىر ئۇنىڭغا يېلىنىپ: «تۇرنا ئۇكام، مالال كۆرمەي كېسىلىمنى داۋالاپ قويساڭ، بۇ ياخشىلىقىڭنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن»، دەپتۇ. «تەخسىر!» دەپتۇ تۇرنا ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم قورقۇپ «مەن ھېچقاچان بىرەر كېسەل داۋالاپ باققان ئەمەس، تېۋىپلىقتىن قىلچە خەۋىرىم يوق!». «ئۇكام مېنىڭ بۇ كېسىلىمنى چوقۇم سەن داۋالىيالايسەن، باشقىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. مەندىن ياردىمىڭنى ئايىمىغىن» دەپ بىچارىلەرچە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ شىر. «خوش، ئۇنداق بولسا نېمە كېسەل بولۇپ قالدىلا، قېنى ئاڭلاپ باقاي»، دەپتۇ تۇرنا ئىلاجىسىز. شىر بوينىنى سوزۇپ، ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ، دۇدۇقلاپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ: «مانا، قاراپ باق، بېلىقنىڭ قىلتىرىقى كېكىردىكىمگە سانچىلىپ، بەك ئازاپلاپ كەتتى. ئۇزۇن تۇمشۇقىڭنى تىقىپلا ئېلىۋەتسەڭ بولىدۇ». تۇرنا شىرنىڭ ئاغزىغا تۇمشۇقىنى تىقىشتىن قورقسىمۇ ئىلاجىسىز رازى بوپتۇ ـ دە، ناھايىتى تەستە قىلتىرىقنى ئېپتۇ. شىر ئەركىن نەپەس ئېپتۇ ۋە تىلى بىلەن كالپۇكلىرىنى يالاپ، خېلى ئارام تاپقاندەك بوپتۇ. «تۇرنا ئۇكام، رەخمەت ساڭا. ئەمدى ياردەم قىلغاندىن كېيىن ئاخىرىغىچە قىلغىن. سەندىن يەنە بىر ياردەم سورايمەن. سەنمۇ كۆردۈڭ، كېكىردىكىمگە قىلتىرىق تۇرۇۋېلىپ، بىر نەرسە يېمىگىلى ئىككى كۈن بولدى. قوسۇقۇمنى تويغۇزۇپ قويساڭ...»، «شىر ئاكا»، دەپتۇ تۇرنا چۆچۈپ كېتىپ، «مەن سىلىنىڭ قوساقلىرىنى قانداق تويغۇزىمەن؟ كېسەللىرىنى ساقايتىپ قويدۇمغۇ!

سىلى يەنە ...». «تولا كاپشىما!» شىر بىردىنلا شالىنى چىچىپ ۋاقىراشقا باشلاپتۇ. «بابا تېخى گەپ قىلمىسام، مەينەت تۇمشۇقىڭنى ئاغزىمغا تىقىۋاتىسىنا؟! بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ھاقارەت بولامدۇ! خاتىرەڭنى جەم قىل، مەن سېنى يېمەي قويمايمەن!». «شىر ئاكا، ئۇنداق قىلمىسىلا»، دەپتۇ تورنا دىر ـ دىر تىترەپ، «ئۆزلىرى كېسىلىمنى داۋالاپ قوي، ـ دېگەندىن كېيىن تۇمشۇقىمنى تىقتىمغۇ؟». شىر تاقىتى تاق بولۇپ، «قۇرۇق گېپىڭنى قوي! كېسىلىمنى داۋالايمەن دەپ جېنىمنى قىيىندىڭ، ئاغزىمدىن بىرمۇنچە قان ئاققۇزدۇڭ، بۇ جىنايىتىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن!» تورنا يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا شىر بىرلا ئېتىلىپتۇ ـ دە، تورنىنى تۇتۇۋېلىپ: «سېنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋېرىشكە نەدە ۋاقتىم! قوسۇقۇمنىمۇ ئاچۇرۇۋەتتىڭ!» دەپتۇ ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن تورنىنى يەۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن: «ۋاپاغا جاپا» دېگەن گەپ پەيدا بولغان ئىكەن㉞.

يۇقىرىقى ئىككى ھېكايىنى ئوبدان كۆزەتسەك، ۋەقەلىكنىڭ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئاساسلىق پەرقىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە كۆرۈلىدىغانلىقىنى بايقايمىز. «پاراسەتلىك قۇش جاتاكاسى»دا ھىندى بۇددىزم ھېكايىلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. يەنى بۇددانىڭ ئىلگىرىكى ھاياتىدا ھايۋانلارنى قۇتۇلدۇرۇپ، ياخشىلىق قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇتساتۋاغا خاس پەم ـ پاراسىتى مەدھىيىلەنگەن، شۇنداقلا شىرنىڭ ۋاپاغا جاپا قىلىشتەك قەبىھ ماھىيىتى ئېچىپ تاشلانغان. «شىر بىلەن تورنا»دا ئازراقمۇ دىنىي پۇراق يوق. ئۇنىڭدا ئالدامچى، زوراۋان، شەپقەتسىز كىشىلەردىن ئاگاھ بولۇش، ساۋاق قوبۇل قىلىش ئىدىيەسى ئالغا سۈرۈلگەن. بۇ ئەھۋاللار بىر خىل تېپتىكى ھېكايىلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مەدەنىيەت، قىممەت قارىشى ۋە تارىخىي شەرت ـ شارائىت ئاستىدا تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئەسلىي ھىندىستاننىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئېلىنغان بۇددا «جاتاكا» چۆچەكلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا، بولۇپمۇ مەسەلچىلىك ئىجادىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى (ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە) ناھايىتى زور بولغان بولۇپ، بۇ تەسىر ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ ھال ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا سەل قارالسا بولمايدىغان مۇھىم تېمىلاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزاھلار:

①②⑨ جى شيەنلىن: «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاي، خەنزۇچە، 125 ـ، 126 ـ، 42 ـ بەتلەر.

③ ليۇ شۇۋخۇا: «تاڭ شۈەنزاڭ خاتىرىلىگەن قەدىمكى غەربىي يۇرت خەلق چۆچەكلىرى»، 《文化广角》 89 ـ بەت.

④⑤⑧㉜㉝ ۋاڭ جىپىڭ، ياڭ فۇشۆ: «پاراسەتلىك قۇش جاتاكاسى»دىن ‹شىر بىلەن غاز، غىچە — ھىندى جاتاكا چۆچەكلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە بىر مىسال»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، 2005 ـ يىللىق 2 ـ سان، 90 ـ، 91 ـ بەتلەر..

⑥ زىبىمى: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارشا پۈتۈكلەردىكى شەكلى ئۆزگەرگەن جاتاكا چۆچەكلىرى»، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىللىق 1 ـ سان، 138 ـ، 140 ـ بەتلەر.

⑦ لاڭ يىڭ: «‹ھىندى بۇددىزم مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى› غا كىرىش سۆز»، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق ژۇرنىلى»، 2005 ـ يىللىق 2 ـ سان، 262 ـ بەت.

⑩⑪ فەن جىنشى: «بۇددىزم ھېكايىلىرى رەسىملىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى»، 1995 ـ يىللىق 1 ـ سان 2 ـ، 3 ـ بەتلەر.

⑫ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالتۇن يارۇق»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 8 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە 421 ـ بەت، قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە 59 ـ بەت.

⑬⑭⑮⑯⑰⑱ قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 31 ـ، 105 ـ، 117 ـ، 94 ـ، 98 ـ بەتلەر.

⑲ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە 162 ـ بەت.

⑳ «ھىندى خەلق چۆچەكلىرى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى، خەنزۇچە 163 ـ بەت.

㉑ «ھىندى ئەپسانىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى 147 ـ بەت.

㉒ «تۇتىنامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى 60 ـ بەت.

㉓ «جاھاننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى 6 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە 36 ـ بەت.

㉔ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە 68 ـ بەت.

㉕㉖㉗㉚ لى فۇچىڭ (رۇسىيە): «لى فۇچىڭ جۇڭگو كىلاسسىك پروزىسى ھەققىدە»، «ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭگو ۋە باشقا دۆلەتلەر ئەدەبىياتىدىكى رولى»، تەيبېي شەھەرلىك خوڭيې مەدەنىيەت ئىشلىرى چەكلىك شىركىتى بېسىپ تارقاتقان، 1997 ـ يىلى 6 ـ ئاي 243 ـ بەت.

㉛㉛ «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى»، 1 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 11 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 63 ـ، 65 ـ بەتلەر.

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

ماقالە نومۇرى: 07—092—04(2010)5878—1005

# ئابدۇرېھىم نىزارى داستان ئىجادىيىتىدىن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتۈشۈش ـ سىڭىشىش ھادىسىسىگە نەزەر*

ئابدۇۋەلى ئابدۇكېرىم
(غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتى، لەنجۇ. 730030)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئابدۇرېھىم نىزارى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىك يازغۇچىسى، ئۇنىڭ داستان ئىجادىيىتى ئەڭ گەۋدىلىك. بۇ ماقالىدە، ئاپتور يازما ئەدەبىيات بىلەن ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن چىقىش قىلىپ، نىزارىنىڭ «پەرھات ـ شېرىن» ، «لەيلى ـ مەجنۇن» ۋە «مەھزۇن ـ گۇلنىسا» قاتارلىق داستانلىرىنىڭ مەنبەسىنى قېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يازما ئەدەبىيات بىلەن ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتۈشۈش ـ سىڭىشىش ھادىسىسى ئۈستىدە نۇقتىلىق تەھلىل يۈرگۈزىدۇ.

**摘要**：阿布都热依木・尼扎里是生活在清代的维吾尔古典文学的代表人物，他以叙事长诗创作见长。本文作者从书面文学与口头文学的关系人手，挖掘尼扎里的《帕尔哈德与西琳》、《莱丽与麦吉侬》和《麦赫宗与古丽尼莎》的创作源头，着重分析维吾尔书面文学与口头文学的相互渗透现象。

**Abstract**: Abdurehin • Nizari, a representative figure of Uyghur classic literature in Qing Dynasty, is good at writing narrative poems. In this article, the author starts from the relationship between written and oral literature to excavate the sources of Nizari's creation in Perhat & Sherin, Leyli & Mejnun and Mehzun & Gulnisa; and analyzes the interpenetration of Uyghur written and oral literature.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I207.62 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئابدۇرېھىم نىزارى چىڭ دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى، ئۇيغۇر رېئالىزىملىق ئەدەبىياتىنىڭ يول ئاچقۇچىسى. ئۇ ئۆزىنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى» نامىدىكى يىرىك ئەسىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئەگەر يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىككى ئالتۇن دەۋر قاراخانىيلار دەۋرى

* بۇ ماقالە 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى..
ئاپتور: ئابدۇۋەلى ئابدۇكېرىم (1973 ـ يىلى تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئەدەبىيات پەنلىرى دوكتورى، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بىلەن چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىك ئەدىبلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، لۇتفى، نەۋائى دېسەك، ئۇ ھالدا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇچىنچى ئالتۇن دەۋرى چىڭ دەۋرىنىڭ ۋەكىللىك شائىرىغا ئابدۇرېھىم نىزارىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇنىڭ داستانلىرى سان ۋە سۈپەت جەھەتتە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ داستان ئىجادىيىتىدە ئۇيغۇر ئەدىبلەرنىڭ يازما ئىجادىيىتى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتى ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بىز بۇ ماقالىدە، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەيدىن»، «پەرھات - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» ۋە «مەھزۇن - گۈلنىسا» قاتارلىق داستانلىرىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ، يازما ئەدەبىيات بىلەن ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتۈشۈش - سىڭىشىش ھادىسىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىمىز.

## 1. نىزارى داستانلىرىدىكى ئۆتۈشمە مۇناسىۋەت

بىز ئالدى بىلەن ئۇنىڭ «رابىيە - سەيدىن» داستانىنى نۇقتا قىلىپ تۇرۇپ، يازما ئەدەبىيات بىلەن ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتۈشۈش ھادىسىسىنى كونكرېت تەھلىل قىلىمىز. رابىيە - سەيدىن XIX ئەسىردە قەشقەر رايونىدا يۈز بەرگەن ھەقىقىي مۇھەببەت ۋەقەسى بولۇپ، ئەينى چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ، قۇلاقتىن قۇلاققا يېتىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا رىۋايەتكە ئايلانغان. بۇ رىۋايەتتىن قاتتىق تەسىرلەنگەن نىزارى بۇ ئىككى ياشنىڭ ساپ مۇھەببىتىگە بىر ئابىدە تۇرغۇزۇش، چىن ئىنسانىي سۆيگۈنى كۈيلەش مەقسىتىدە قولىغا قەلەم ئېلىپ، بۇ يۈرەكنى زىلزىلىگە سالىدىغان مۇھەببەت داستانىنى ئىجاد قىلغان. ئۇنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە ۋە ئېستېتىك زوققا ئىگە قىلغان. بۇ داستان ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يادقا بىلىدىغان بىر مۇھەببەت ھېكايىسىگە ئايلانغان. نىزارى ئىجادىيىتىدىكى «رابىيە - سەيدىن» ئۇيغۇرلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىن ماتېرىيال ئالغان. قويۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىغا ئىگە بولغان ھەم روشەن ئېغىز ئەدەبىياتى تۇسىدىكى ئەدەبىي ئەسەر، شۇڭا ئۇ كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولغان. نىزارىنىڭ قەلىمى ئاستىدا بۇ راست ۋەقە كۈچلۈك ئەدەبىيلىككە ئىگە قىلىنىپ، رابىيە ۋە سەيدىننىڭ ئۆچمەس بەدىئىي ئوبرازى يارىتىلغان. نىزارىنىڭ بۇ داستانى ئادەتتىكى خەلق رىۋايىتىگە قارىغاندا تەسىرلەندۈرۈش كۈچى كۈچلۈك، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، شۇڭا تارقىلىشى تېخىمۇ كەڭ ۋە تەسىرى تېخىمۇ چوڭ. شۇڭا كېيىنچە «رابىيە - سەيدىن» رىۋايىتىنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. بىز «رابىيە - سەيدىن» داستانىنىڭ خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىشىنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن تەھلىل قىلىمىز. بىرى، رابىيە - سەيدىن ۋەقەسى بۇرۇنلا قەشقەر خەلقى ئىچىگە تارىلىپ، چوڭقۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئاساسىنى ھازىرلىغان. بۇ ھېكايە XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن رېئال ۋەقە، رېئال ئىش بولۇپ، شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ھېكايە قىلىشى بىلەن ئۆزلىكسىز ئەتراپتىكى رايونلارغا تارقىلىپ ھېكايە تۈسىنى ئالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە رابىيە - سەيدىننىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى شۇ دەۋردىكى سانسىزلىغان يىگىت - قىزلارنىڭ ساپ مۆيگۈسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەچكە، بۇ ھېكايە تېخىمۇ كەڭ ئاممىۋىيلىققا، يېقىنلىققا ۋە جەلپكارلىققا ئىگە بولغان. يەنە بىرى، تىل ئىشلىتىش جەھەتتە، نىزارى ئېغىز تىلىغا يېقىن بولغان يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك ۋە يەڭگىل. شۇڭا داستان كەڭ تارقىلىشتىكى ياخشى ئاساسقا ئىگە بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، نىزارى ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئارقىلىق بۇ خەلق ئىچىدىكى خام ماتېرىيالنى تېخىمۇ يۇقىرى سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسلىدىكى رېئال ھېكايىدىنمۇ بەكرەك كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ئەسەرگە ئايلانغان. مانا بۇلار «رابىيە - سەيدىن» داستانىنىڭ خەلق ئىچىدە تېز ۋە كەڭ تارقىلىشىدىكى سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن. XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن بەزى دراماتورگلار بۇ مۇھەببەت ھېكايىسىنى دراما ياكى ئوپېرا شەكلىدە ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ سەھنىگە ئېلىپ چىققان. بۇنىڭ بىلەن بۇ ھېكايە تېخىمۇ كەڭ ئاممىۋىيلىققا ئىگە بولغان. XX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى، شائىر ئەھمەد زىيائى بۇ ھېكايىنى خام ماتېرىيال قىلىپ «رابىيە - سەيدىن» ئوپېراسىنى يېزىپ چىققان. ئوپېرا ئوينالغاندىن كېيىن

خەلق ئىچىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. 1982 ـ يىلى دراماتورگ مۇھەممەدئېلى زۇنۇن بۇ مۇھەببەت رىۋايىتىنى تېما قىلىپ «رابىيە ـ سەيدىن» دراممىسىنى ئىجاد قىلغان. «رابىيە ـ سەيدىن» دراما، ئوپېرا قاتارلىق شەكىللەردە كۆپ قېتىم شىنجاڭنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدا ئوينىلىپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولغان ۋە چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن بىلىدىغان ھېكايىگە ئايلانغان. 1985 ـ يىلى ئەھمەد زىيائى خەلق رىۋايىتى ئاساسىدا «رابىيە ـ سەيدىن» داستانىنى يېزىپ چىققان. ئەسلىي ئەسەرنىڭ سۇژىتىغا، قۇرۇلمىسىغا، تىلىغا ۋە بايان ئۇسلۇبىغا چوڭ يېڭىلىق ئېلىپ كەلگەن. ئۇ ئەدەبىي ئىستىبداتى بىلەن پېرسوناژلار ئوبرازى، مۇھىت تەسۋىرى ۋە ئىپادىلەش ماھارىتى جەھەتلەرگە قايتىدىن جان بېرىپ، ۋەقەلىكنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرغان ۋە ئەسەرنىڭ شۆھرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. بۇ داستاننى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن زىيائى ۋەقە يۈز بەرگەن قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ يامانيار يېزا سۇبھانئاللا كەنتىگە بىرنەچچە قېتىم بېرىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە بۇ ھەقتىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلىغان. ئەھمەد زىيائى مول تارىخىي بىلىم ۋە ئەدەبىي تېما ئاستىدا «رابىيە ـ سەيدىن» داستانىنى قايتا ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ داستانى نىزارىنىڭ شۇ ناملىق داستانىغا سېلىشتۇرغاندا تىلى خەلق تىلىغا يېقىن، ۋەقەلىك خەلق رىۋايىتى ۋە ئاغزاكى تارىخنى ئاساس قىلغان بولۇپ، خەلق ئىچىگە تېز ئومۇملاشقان. 2003 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەردە جەمئىيەت تەكشۈرۈشى ئېلىپ بارغاندا يەرلىك كىشىلەرنىڭ بۇ ھېكايىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى ئىگىلىدىم. ئۆزىنى ياقۇپ بەگنىڭ ئەۋلادى دەيدىغان باقى ئاخۇن شۇ جايدا ئېقىپ يۈرگەن رىۋايەتنى ئۆزى بىلىدىغان تارىخىي ئەھۋاللارغا بىرلەشتۈرۈپ مۇنداق سۆزلەپ بەردى:

رابىيە ھەقىقەتەن پۇللۇق باي ياقۇپ باداڭنىڭ قىزى ئىدى. ياقۇپ باداڭ يامانيار يېزىسىدا نامى بار بايلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ دائىم كۆز ـ كۆز قىلىپ: «خانئېرىقتىن يېڭىشەھەرگە بارسام ئۆز يېرىمنى دەسسەپ ماڭىمەن» دەيتتى. سەيدىن بىر نامراتنىڭ بالىسى ئىدى، ئۇ راۋاپنى ئوبدان چالاتتى، رابىيەگە كۆيۈپ يۈرەتتى. ياقۇپ باداڭ ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ قۇدىلىشىش تەلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، سەيدىن كاللىسىدىن ئاداشقاندەك بولۇپ، تېنى ئاجىزلاپ ئورۇقلاپ كەتتى. كېيىن كېسىلى ئېغىر بولغاچقا، داڭلىق ھەززەت ئۈژمىلىك بېغىغا بېرىپ 30 ـ 40 كۈندەك داۋالىنىپ ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن رابىيە يىپ ئىگىرىدىغان ئاياللارنىڭ قېشىغا بېرىپ: «ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن روھى ئۇچرىشامدۇ؟» دەپ سورىغان. يىپچى ئاياللار: «شۇنداق، رابىيە، ئادەم ئۆلسە روھى ئۇچرىشىدۇ؟» دەپ جاۋاب بەرگەن. رابىيە جاۋابنى ئاڭلاپ ئۆيىگە قايتقان ۋە ئاپىسىغا: «مەن بېرىپ سۇ ئەكىلەي» دەپ سۇ قاپىقىنى ئېلىپ دەريا بويىغا كەلگەن. ئەينى چاغدا رابىيە ـ سەيدىنىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا بىر دەريا بار ئىدى. دەريانىڭ ئېقىنى تېز بولۇپ، ئات، كالىلارمۇ كېچىپ ئۆتەلمەيتتى، شۇڭا ئۇنى كىشىلەر «تەلۋىچۇك» دېيىشىدىغان. ئۇ «ئادەم ئۆلسە روھى ئۇچرىشىدۇ» دېگەن گەپكە ئىشىنىپ دەرياغا سەكرەپ سەيدىنىنىڭ روھىنى ئىزدەپ كېتىپتۇ. رابىيەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قول ئىلكىدە بولغاچقا، مۇزنى يېرىپ ئىزدىتىپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «كىم رابىيەنىڭ جەسىتىنى تېپىپ ئۇلارغا مەلۇم قىلسا چوڭ ئىنئام بېرىمىز» دەپ ئۇقتۇرۇش قىپتۇ. بىر كۈنى بىر ئادەم بۇ ئەتراپتا بىر توپ قاغا ـ قۇزغۇننىڭ سەيدىنىنىڭ قارشى قىرغاق ياقىسىدا توپلىشىپ ئۇچۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئۇ بېلىق ياكى باشقا بىر نەرسە بولسا كېرەك دەپ يېقىن بېرىپ قارىسا رابىيەنىڭ جەسىتى ئىكەن. ئۇ دەرھال ياقۇپ باداڭغا خەۋەر قىپتۇ. ياقۇپ باداڭ ئادەم باشلاپ كەپتۇ. ئۇلار مېيىتنى سۈزۈپ قارىسا، ئۇنىڭ ئورنى نەق سەيدىنىنىڭ قەبرىسىنىڭ ئۇدۇلىدا بولۇپ چىقىپتۇ. شۇ چاغدىكى ئاخۇن، مولللار ۋە بەگلەر ئۇنىڭ سەيدىن بىلەن ئاشىق ـ مەشۇق ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىككىسىنى بىر يەرگە دەپنە قىپتۇ، شۇنىڭدىن بېرى كىشىلەر بۇ يەرنى «چاتاق مازار» دېيىشىدىغان بوپتۇ.

باقى ئاخۇن سۆزلەپ بەرگەن بۇ ھېكايە زىيائىنىڭ داستانى بىلەن سۇژېت جەھەتتە ئوخشاش بولۇپ، بۇ رىۋايەتنىڭ خەلق ئىچىدە ھېلىمۇ كەڭ تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. زىيائى بىر پىشقان ئەدىب بولۇش سۈپىتى بىلەن، بەزى بەدىئىي توقۇلما ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇرلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، رابىيە ـ سەيدىن رىۋايىتىنى تېخىمۇ بېيىتقان ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەن.

يۇقىرىقى جەرياندىن كۆزىتەلەك بۇ ھېكايە ئەسلىي بىر خەلق رىۋايىتىگە ئايلانغان ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىسى، كېيىن نىزارى قەلىمىدە يازما ئەدەبىياتقا كىرىپ تېخىمۇ كەڭ تارقالغان. سەنئەتكارلارنىڭ تولۇپ رەتلىشى ۋە ئۆزگەرتىشى بىلەن سەھنىلەشكەن. ئاخىرىدا زىيائىنىڭ قايتا ئىجادىيىتى ئارقىسىدا تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، خەلق ئارىسىدا تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. بۇنداق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن يازما ئەدەبىياتقا، يازما ئەدەبىياتتىن يەنە ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئۆتىدىغان ئۆتۈشمە مۇناسىۋەت «رابىيە ـ سەيدىن» داستانىدا روشەن

ئىپادىلىگەن.

## 2. نىزارى داستانىدىكى سىڭىشمە مۇناسىۋەت

ئابدۇرېھىم نىزارى داستانلىرىدا ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ ئۆتۈشمە مۇناسىۋىتىدىن باشقا، ئىككى خىل ئەدەبىيات ئىجادىيەت شەكلىنىڭ بىرىنىڭ ئىچىدە بىرى ئەكس ئېتىدىغان، بىر بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سىڭىشمە مۇناسىۋەتمۇ ئىنتايىن ئېنىق ئىپادىلەنگەن. بىز نىزارى داستانلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان مۇتىف (motif) ۋە ئىلاھلار ئوبرازى ئارقىلىق، ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ سىڭىشىش مۇناسىۋىتىنى ئوچۇق كۆرەلەيمىز ۋە تولۇق ھېس قىلالايمىز. نىزارى داستان ئىجادىيىتىدە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان بالا تىلەش موتىفى، ياۋۇز ئەجدىھا موتىفى، ئامان قېلىش موتىفى قاتارلىق بايان ئېلېمېنتلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئەسەرنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرغان. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى بىلەن ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئالماشتۇرۇش تەس بولغان گىرەلەشمە ھالەتنى نامايان قىلغان. نىزارى داستانىدىكى بالا تىلەش موتىفى ھەققىدىكى تەسۋىرلەر نۇرغۇن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋە خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «سەنۇبەر»، «غېرىپ ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «گۆر ئوغلى» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا مال ـ مۈلكى ھەددىي ھېسابسىز پادىشاھ ياكى باي پەرزەنتلىك بولالماي پەرىشان بولىدۇ، ئاندىن ئاللاغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، يېتىم ـ يېسىرلارغا نەزىر بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللا ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجاۋەت قىلىپ پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ. بۇ خىل سۇژېت سىخېمىسى نۇرغۇن تۈركىي خەلقلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ، لېكىن تىلەش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ، بەزىلىرى سېھىرلىك ئالما يەيدۇ، بەزىلىرى زىيارەتكارلىق ياكى مازارلاردا تۈنەيدۇ، يەنە بەزىلىرى ئاللاغا سىغىنىپ تىلەيدۇ. گەرچە تىلەش ئۇسۇلى ھەر خىل بولسىمۇ، بىراق باش قەھرىماننىڭ ئانىسى دائىم سىرلىق ھالدا ھامىلدار بولىدۇ. ئۆزبېكلەرنىڭ «ئالپامىش»، قىرغىزلارنىڭ «ماناس» ئېپوسىدا قەھرىماننىڭ ئانىسى ئورمانلىقتا ياكى زىيارەتكارلىقتا تۈنەپ سىرلىق ھامىلدار بولىدۇ. ئۆزبېكلەرنىڭ «ئالتۇن چاچلىق بالا» چۆچىكىدە، قىرغىزلارنىڭ «ئېر تۆشتۈك» ئېپوسىدا قەھرىماننىڭ ئانىسىنىڭ سېھىرلىك ئالما يەپ ھامىلدار بولغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار بار. بىز بۇ يەردە نۇقتىلىق ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ بالا تىلەش ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلىمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ «بوز يىگىت»، «قەمەر شاھ ۋە شەمسى جانان» قاتارلىق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە پادىشاھ ياكى باينىڭ مال مۈلكى ھېسابسىز بولسىمۇ بالىسى يوقلىقىدىن قايغۇرغانلىقى ۋە بالا تىلىشى ھەققىدىكى ۋەقەلىك تەسۋىرلەنگەن. «چاھار دەرۋىش» ناملىق ئەسەردىكىسىمۇ دەل مۇشۇ خىل تىلەش موتىفى بولۇپ، ئۇنىڭدا شاھنىڭ پەرزەنت تىلەپ دەرۋىشلەرنى تەكلىپ قىلىپ مۇراسىم ئۆتكۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت بالا تىلەش سۇژېتى بايان قىلىنغان. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ياۋۇز ئەجدىھانى ئۆلتۈرىدىغان سىناق موتىفى ئىنتايىن كۆپ. ئۇنىڭ بايان قۇرۇلمىسى مۇنداق: قەھرىمان بىر قىزغا ئاشىق بولىدۇ — ئاشىقىنى ئىزدەپ يولغا چىقىدۇ — يولدا كىشىلەرگە خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان ئەجدىھاغا ئۇچراپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ خەلققە بەخت يارىتىدۇ — پادىشاھ قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلما نىزارىنىڭ «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا قوللىنىلغان. پەرھاد شېرىننى ئىزدەپ يۇنانغا بارىدۇ. بۇ يەردە بىر ياۋۇز ئەجدىھا ئۇچرايدۇ. پەرھاد قەيسەرلەرچە جەڭ قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، كىشىلەرگە ئامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق داستان ۋە چۆچەكلىرىدە ئەجدىھا ۋە دىۋىلەرنى ئۆلتۈرۈش قەھرىماننى سىنايدىغان مۇھىم بىر ئۆلچەم بولۇپ، ھەمىشە ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ۋەقەسى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، «باتۇر ئەلى قۇربان» چۆچىكىدە ئۇنىڭ ئەجدىھا ۋە دىۋىنى ئۆلتۈرگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. نىزارى قەلىمىدە پەرھادمۇ ئەجدىھا ۋە دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ جاھاننامە ئەينىكىگە ئېرىشكەن باتۇر قىلىپ مەدھىيىلىنىدۇ. نىزارىنىڭ داستانىدىكى دىۋە، ئەجدىھا قاتارلىق ياۋۇز مەخلۇقلارنى ئۆلتۈرىدىغان سىناق موتىفى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەردە ئۇزۇن تارىختا ئىنگە بايان ھالىتى بولۇپ قۇرۇلمىسى، ۋە مەزمۇنى ئوخشاش ياكى يېقىن كېلىدۇ. نىزارىنىڭ «مەھزۇن ـ گۇلنىسا»، «پەرھاد ـ شېرىن» داستانلىرىدا باش قەھرىماننىڭ ئامان ـ ئېسەنلىك موتىف بايانى ئۇچرايدۇ. مەھزۇن بىلەن گۇلنىسا كېمىگە ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىققاندا قارا بورانغا يولۇقۇپ كېمىسى ئۆرۈلىدۇ ۋە بىر تاختايغا چىقىپ ئامان قالىدۇ. «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا پەرھاد دادىسى بىلەن كېمىگە ئولتۇرۇپ سەيلە قىلىدۇ، تويۇقسىز بوران

چىقىپ كېمە ئۆرۈلۈپ بارلىق ياساۋۇللار ئۆلىدۇ، پەقەت پادىشاھ بىلەن شاھزادە پەرھاد بىر تاختايغا يامىشىپ ئامان قالىدۇ. ئۇيغۇر خەلق داستانى «سەنۇبەر» دىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلىك بولۇپ، يۇقىرىقى بايان نەتىجىسىدەك كېمە ئۆرۈلۈپ، سەنۇبەر ۋە ئۇنىڭ دوستى تاختاي ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ھايات قالىدۇ. ئامان - ئېسەنلىك موتىفى ئۇيغۇر خەلق داستان ۋە چۆچەكلىرىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل بايان شەكلى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ بىرى، باش قەھرىمان مەلۇم نىيەتتە دېڭىز سەپىرىگە چىقىپ خەتەرگە يولۇقىدۇ. يەنە بىرى، باش قەھرىمان ۋە باش قەھرىمانغا مۇناسىۋەتلىك كىشى ھايات قالىدۇ. بۇ ئامانلىق موتىفىنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. «مەھزۇن - گۈلنىسا» داستانىدا مەھزۇن گۈلنىسانى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دېڭىزغا سەكرەپ سۇ ئۈزۈۋاتقاندا لەھەڭگە ئۇچراپ تىرىك يۇتۇلىدۇ. كېيىن بېلىقچى تەرىپىدىن لەھەڭنىڭ قورسىقىنى يېرىپ قۇتقۇزىلىدۇ. بۇ خىل ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلىك پەقەت ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىلا كەڭرى قوللىنىلىدۇ. بەللە دەپنە قىلىش موتىفى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى كەڭ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى: قىز - يىگىت ئاشىق - بىقارار بولىدۇ — قىزنىڭ دادىسى توسقۇنلۇق قىلىدۇ — يىگىت قىزغا ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ ۋە مەغلۇب بولىدۇ — يىگىت سۇيىقەستكە ئۇچراپ ياكى زىيادە ئازابلىنىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ خىل بايان قۇرۇلمىسى ئۇيغۇر خەلق داستانى «تاھىر - زۆھرە» دە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. نىزارى «رابىيە - سەئىدىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «پەرھاد - شېرىن» قاتارلىق داستانلىرىدا بۇ خىل بايان قۇرۇلمىسىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، ئەسەرنىڭ تىراگېدىيەلىك تۈسىنى ئاشۇرغان شۇنداقلا ئەمگەكچى خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. «تەن ئۆلسىمۇ روھ ئۆلمەيدۇ، بەختسىزلەر يانىي ئالەمدە مۇرادىغا يېتىدۇ» دەيدىغان ئىدىيە دەپنە موتىفىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. بۇ بىر دۇنياۋى موتىف بولۇپ، خەنزۇ خەلقىنىڭ «جۇ يىڭتەي ۋە لياڭ شەنبو»، قازاقلارنىڭ «سالىقا ۋە سەمەن»، قىرغىزلارنىڭ «قول مىرزا ۋە ئاقساتقىن» قاتارلىق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. كۆرۈش مۇمكىنكى، نىزارى كۆپلىگەن ئېغىز ئەدەبىيات موتىفلىرىنى يازما ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە قوللىنىپ، ئۆز ئەسىرىنىڭ مىللىيلىقى، ئاممىۋىيلىقى ۋە بەدىئىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ياخشىلىق ئىلاھى، ئۇ قەھرىمانلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە پەيدا بولۇپ ئۇلارغا ئەقىل ئۆگىتىدۇ ياكى يول كۆرسىتىدۇ. ئۇ دائىم يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، ئاپپاق ساقاللىق بوۋاي سىياقىدا تەسۋىرلىنىدۇ. «پەرھاد - شېرىن» داستانىدا خىزىر پەرھادقا يونان غارىغا قانداق كىرىش، ئەجدىھانى قانداق يېڭىش قاتارلىق ئىشلاردا ئەقىل كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر خەلق داستانى «قەمەرشاھ ۋە شەمشى جانان»، خەلق چۆچىكى «كەنجى ئوغۇل»، «ياغاچ ئات» قاتارلىقلاردا باش قەھرىمان چۆلدە چاڭقاپ، ئۇزۇقى تۈگىگەندە ياكى دېۋىلەر ماكانىغا يېقىنلاشقاندا ۋە ياكى يالماۋۇز، ئەجدىھانىڭ ماكانىغا يېتىپ كەلگەندە خىزىر پەيدا بولۇپ ئۇلارغا قىيىنچىلىقنى قانداق يېڭىش ياكى مەخلۇقنى قانداق ئۆلتۈرۈش ھەققىدە يول كۆرسىتىدۇ. قىسقىسى، نىزارى داستانلىرىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىپادىلىرى قويۇق، مىللىيلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك كۈچلۈك. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى، رىۋايەتلىرى، چۆچەكلىرى ۋە ئەپسانىلىرى بىلەن بىر خىل سىڭىشمە مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەن.

## 3. نىزارى داستان ئىجادىيىتىدىكى ئۆتۈشۈش - سىڭىشىش ھادىسىسىنىڭ شەكىللىنىش ئامىللىرى

نىزارى داستان ئىجادىيىتىدىكى ئېغىز ئەدەبىياتىدىن يازما ئەدەبىياتقا، يازما ئەدەبىياتتىن يەنە ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئۆتۈشۈش ۋە سىڭىشىش ھادىسىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىرقەدەر كەڭ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئەدەبىيات ھادىسىسى ۋە بىر خىل ئالاھىدە مۇناسىۋەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىنى ۋە ئامىللىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

بىرىنچى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان. ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئەدەبىي مىراسلار كۆپ. خەنزۇچە، سانسكرىتچە ۋە قەدىمكى تۈرك ۋەسىقىلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيەدىن 200 يىل بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتى بولغان[1]. VII ئەسىردىن باشلىغاندا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تارىم يەرلىك خەلق ئەدەبىياتى، قوچۇ ئەدەبىياتى، قاراخانىيلار ئەدەبىياتى، لىياۋ دەۋرى ئەدەبىياتى، چاغاتاي

دەۋرى ئەدەبىياتى، سەئىدىيە ۋە خوجىلار دەۋرى ئەدەبىياتى، چىڭ دەۋرى ئەدەبىياتى ۋە XX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قاتارلىق نۇرغۇن تارىخىي باسقۇچلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. كونكرېت ئەسەرلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، غەربىي يۇرتنىڭ بۇددا تەرجىمە ۋە يەشمە ئەسەرلىرى (مەسىلەن، كومراجىۋا، فوتودىن قاتارلىق تەرجىمەشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرى)، مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى، قوچۇ دەۋرىدىكى بۇددا ھېكايىلىرى، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «دىۋانى ھېكمەت» قاتارلىق ئەسەرلەر؛ چاغاتاي دەۋرىدىكى «گۈل ۋە نەۋرۇز»، «چاھار دىۋان»، «خەمسە»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» قاتارلىق ئەسەرلەر؛ سەئىدىيە ۋە خوجىلار دەۋرىدىكى «سىدىقنامە»، «سەپەرنامە»، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» قاتارلىق ئەسەرلەر؛ چىڭ دەۋرىدىكى «مۇھەببەت داستانلىرى»، «نۇزۇگۇم»، «چاڭمۇزا يۇسۇپخان» قاتارلىق ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مول ۋە باي يازما ئەدەبىيات بايلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈرلىرى كۆپ. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقىنى بىزگە مىراس قالدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەپسانە، رىۋايەت، ئېپوس، قوشاق، داستان، لەتىپە، ماقال - تەمسىل، تېپىشماق، كۈلدۈرگە ۋە ئېيتىشىش قاتارلىق كۆپ خىل ئېغىز ئەدەبىيات ژانىرلىرى بولۇپ، مول ۋە رەڭگارەڭ ئەدەبىيات غەزىنىمىزنى تەشكىل قىلىدۇ. نىزارىنىڭ «پەرھاد - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» داستانى ئەرەب - پارس خەلقلىرىدىن سىڭىپ كىرگەن رىۋايەت، خەلق ھېكايىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان. نىزارىنىڭ «رابىيە - سەيدىن»، موللا بىلالنىڭ «نۇزۇگۇم»، «چاڭمۇزا يۇسۇپخان»، رابغۇزىنىڭ «يۇسۇپ - زۇلەيخا»، خالىدە ئىسرائىلنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، زوردۇن سابىرنىڭ «ئانا يۇرت» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرى خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان قوشاق، رىۋايەت، داستان ۋە تەزكىرە قاتارلىق خام ماتېرىياللارنى ماتېرىيال ئاساسى قىلغان. شۇڭا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش بىر خىل تارىخىي ئىزچىللىققا ۋە مىللىي ئەنئەنىگە ئىگە. مەسىلەن، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر»، مۇھەممەت باغراشنىڭ «مەن بىرسىنىڭ كۆز قارچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت»، «سۆگەت گۈلى»، جالالىدىن بەھرامنىڭ «لېيىغان بۇلاق» ناملىق ئەسەرلىرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇبالىغە قىلىش، ماكان - زامان بوشلۇقىنى بۇزۇش، سەكرەتمە بايان، بەدىئىي توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇر قاتارلىق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى جايىدا ئىشلىتىلگەن.

ئۈچىنچى، ئېتىقادنىڭ كۆپ خىللىقى ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ ئۆتۈشۈش - سىڭىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى يەنە بىر ئامىل. دىن بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ، نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەر دىنىي ھېكايىلەردىن كەلگەن، دىن ئەدەبىياتنى قورال قىلىپ دىنىنى ئامىبابلاشتۇرغان ۋە تارقاتقان. دىنىي ئېتىقادىدىكى كۆپ خىللىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ قاتلاملىق ۋە كۆپ مەنبەلىك بولۇش ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار تارىختا توتېم، شامان دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى، زوروئاستېر دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغان. X ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دىنى سىڭىپ كىرىشكە باشلاپ تاكى XV ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان. بۇ خىل ئېتىقادىدىكى كۆپ قېتىملىق ئۆزگىرىش ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدە ئۆزۈكچىلىك پەيدا قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. دىنىي ھېكايىلەر خەلق ئارىسىدا تارقىلىش ۋە يازغۇچىلار ئىجادىيىتىگە تەسىر قىلىش ئارقىلىق يازما ئەدەبىيات بىلەن ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى كىرەلىشىشتىن ۋە سىڭىشىشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىغان.

تۆتىنچى، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بۇ خىل ئۆتۈشۈش - سىڭىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سىرتقى ئامىل. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلىغان، بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تاڭ پادىشاھلىرى ئۇيغۇرلارغا ھەربىي ئىشلار ۋە ئىقتىساد جەھەتتە كۆپ ياردەم بەرگەن. خەنزۇ يېزىقى ئەخلاق، پەلسەپە ۋە دۆلەت تۈزۈلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. IX ئەسىردە غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئەرەب - پارس مەدەنىيىتى بىلەن كەڭ كۆلەملىك ئۇچراشقان. كېيىن ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە يۇنان، رىم مەدەنىيىتىنىڭ بەزى پەلسەپە ۋە كىشىلىك قاراشلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت ياراتقان. يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقىدەك جۇغراپىيەلىك ئورنى بىلەن

شەرق ۋە غەرب بىلەن كەڭ كۆلەملىك ئالاقە ئورنىتىپ كۆپ قاتلاملىق ۋە كۆپ قىرلىق ھەزىمچان، ئوچۇق مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۇرگەن. ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق خەلقلەر، ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى موڭغۇل تىللىق خەلقلەر بىلەن ئۇزۇن يىل مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ساقلىغان ۋە راۋاجلاندۇرغان. بۇ خىل مەدەنىيەت تۇپرىقىدا باشقا ئەللەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى، يازما ئەدەبىيات دۇردانىلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆپلەپ كىرىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت ۋە تارقىلىش شەكلىمۇ بۇ خىل سىڭىشىش - ئۆتۈشۈش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۇرىدىغان مۇھىم تەرەپ، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن يېزىقنىڭ ئومۇملىشىشى تېزلەشتى، يازما ئەسەرلەر كۆپەيدى. نۇرغۇن خەلق داستانلىرى ئەدىبلەرنىڭ قەلىمىدە پىششىقلىنىپ، ئەدەبىيلىشىپ، بېيىپ ۋە قېلىپلىشىپ باسما شەكلىدە تارقىتىلدى. ئەسەرلەرنى كۆپلەپ كۆچۈرۈپ ساتىدىغان، باسىدىغان كىتابلاشتۇرۇش كەسپى بارلىققا كەلدى. «ئوغۇزنامە»، «ھۆرلىقا ۋە ھەمراجان»، «غېرىپ - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە»، «يۈسۈپ - زۇلەيخا»، «پەرھاد - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» قاتارلىق نۇرغۇن خەلق داستانلىرى كىتاب قىلىپ نەشر قىلىندى. كىتابپۇرۇشلۇقنىڭ بارلىققا كېلىشى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ كەچلەردە ماي چىراغنىڭ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. دېيىش مۇمكىنكى، مۇقىم تېرىقچىلىق شەكلى ئۇيغۇرلارنىڭ داستانچىلىق شەكلىنى تېخىمۇ بېيىتتى. بەزى ئەدىبلەر ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ۋە كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار كۆچۈرۈش داۋامىدا ئەسەرلەرنىڭ ئوقۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى ئېغىز ئەدەبىياتىغا سىڭدۇردى. مەسىلەن، موللا بىلال رەتلىگەن «تاھىر - زۆھرە» (پانتاسوۋنىڭ ھاۋالىسى بىلەن)، موللا مۇھەممەد تۆمۈر كۆچۈرۈپ تارقاتقان «ھۆرلىقا ۋە ھەمراجان»، موللا ئابدۇراخمان كۆچۈرۈپ چىققان «بوز يىگىت»، «يۈسۈپ - ئەھمەد» قاتارلىقلار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## پايدىلانمىلار


1. ئازات سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى.

2. ئابدۇكېرىم راخمان: «فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات»، 243 - بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1998 - يىلى نەشرى.

3. «ئۇيغۇر رومانچىلىقى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى.

4. مۇھەممەت پولات: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پىروزا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى.

5. مۇھەممەت پولات: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پىروزا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى نەشرى.

6. ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ئەقىل مېۋىسى ۋە شەيتان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1998 - يىلى نەشرى.

7. ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «ئەدىب، ئەسەر ۋە باھا»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 - يىلى نەشرى.

8. ئابلاجان مۇھەممەد ئۇمىديار: «ئەدەبىيات ۋە يېڭىچە تەپەككۇر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى.

9. ئابدۇللا مەنقۇربان: «يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىلى نەشرى.

10. 《从尼扎里的“达斯坦”创作看民间文学与作家文学的互动互融》、《民族文学研究》2005 年第 2 期。

11. 《〈莱丽与麦吉侬〉的“仿造现象”看阿拉伯、波斯与维吾尔族的文化交流》、《中国社科院研究生院学报》2004 年第 05 期

12. 《维吾尔族爱情叙事诗中的殉情母题及其文化涵义》,《西北民族研究》2005 年第四期。

13. 《从汉语借词看汉族文化对维吾尔族文化的影响》、《中国社科院研究生院学报》2007 年第 04 期。


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 1005—5878(2010)04—099—06

# ئەدەبىياتتىكى مۇھىت ئېڭى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئەھمىيىتى[•]

ئابلاجان مۇھەممەد ئۇمىدىيار
(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى، قەشقەر، 844007)

قىسقىچە مەزمۇنى: ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىك خەلقئارادا XX ئەسىرنىڭ كېيىنكى چارىكىدە بارلىققا كېلىپ گۈللەنگەن يېڭىچە ئەدەبىيات ھادىسىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك. بۇلار ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس ـ ئىناق بىر گەۋدىلىك خاھىشىنى تەكىتلەيدۇ. ماقالىدە ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇھىتى، ئۇلارنىڭ تۈپ ماھىيىتى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：生态文学和生态批评是 20 世纪后 25 年分现并繁荣的新文学现象和文学批评、强调人与自然和谐一体的倾向。本文就生态文学和生态批评产生的社会文学环境及其本质和意义简述自己的看法。

**Abstract**: Ecological Literature and ecocriticism are prosperous new literary phenomenon and literary criticism during the later 25years of the 20th century. Both of them emphasize the harmony between man and nature. In this paper, the author outlines his own views on the social ecological environment, their nature and significance of the ecological literature and ecocriticism.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I0　　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىنسانلار جەمئىيىتى ماددىي تەرەققىياتنىڭ تېز سۈرئەتتە يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، تەبىئەت دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئېنېرگىيە ۋە مۇھىت كىرزىسى كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئەندىشىسىنى قوزغايدىغان مۇھىم بىر تېما بولۇپ قالدى. نۆۋەتتىكى يەر شارلىشىش دەۋرى مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى داۋالغۇش، بازار ئىگىلىكى دولقۇنى ئاستىدىكى ماددىي ئىستېمالغا زىيادە بېرىلىشتەك بىمەنە خاھىشلارنىڭ تەسىرىدە كېلىپ چىققان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ تېز سۈرئەتتە بۇلغىنىشى ئەدەبىيات سەنئەت كەسپىدىكىلەرگە ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق مۇھىتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدۇرماقتا.

---

• بۇ ماقالە 2009 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
ئاپتور: ئابلاجان مۇھەممەد ئۇمىدىيار (1963 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

XX ئەسىرنىڭ 70 — 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ دۇنيانىڭ مۇھىت رېئاللىقىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئېكولوگىيە ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدىن ئىبارەت يېڭىچە ئەدەبىيات ھادىسىسى بارلىققا كەلدى. بۇ خىل ئەدەبىيات ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان باغلىنىشلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ مۇھىت ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي رولىنى جارى قىلدۇردى. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ھادىسىلىرىنى ئۆزىنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ماھىيەتلىك تېمىسى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەقىقىي گۇمانىستىك روھ ۋە پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تەتقىق قىلىدۇ. ئەدەبىيات — ئىنسانلارنىڭ رېئال دۇنياغا قارىتا گۈزەللەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئىنكاسى. شۇڭا ئۇزاق تارىختىن بۇيان ھەرقايسى مىللەتلەر ئادەبىياتىدا ئوخشاشمىغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ باغلىنىشلىقىنىڭ ئىپادىلىنىشى نورمال ھادىسە بولۇپ، كۆپىنچە ئەھۋالدا بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر خىل ماس ئىناقلىق ھالىتىدە ئىپادىلىنىپ، ھاياتلىقنىڭ ماددىي ئاساسى بولغان تەبىئەت تارىختىن بۇيان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭمۇ مۇھىم ئىپادىلەش ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەن. ئەگەر بىز يىراق قەدىمكى دەۋر ئەپسانە رىۋايەتلىرى، خەلق قوشاقلىرى، بولۇپمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قوشاقلار، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، نەۋائى، نۆۋبىتى، نىزارى قاتارلىق كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە دېگۈدەك ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئۆزئارا بىر گەۋدىلىك مۇناسىۋىتىنى كۆرەلەيمىز. ئەدەبىيات بىلەن تەبىئىي مۇھىتنىڭ ماھىيەتلىك باغلىنىشى نۆۋەتتىكى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە بەلگىلىك دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئىنسان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىكەن ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تىرىكچىلىكى مۇقەررەر ھالدا تەبىئەتكە تايىنىدۇ. ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئىنسانلار ھامان ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىكىنى تېخىمۇ مول بولغان ماددىي كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بويىچە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ ياكى تەلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئارزۇسىدا بولۇپ كەلدى. ئۇلار بۇ خىل سۇبيېكتىپ خاھىشنىڭ تۈرتكىسىدە تەبىئىي مۇھىتقا قارىتا ھەددىدىن زىيادە «ئېلىش تەلپى» نى قويۇپ كەلدى. ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل بىر تەرەپلىمە ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان ۋاقىتتا ئۇلار ھامان ئاڭسىز ھالدا تەبىئىي مۇھىتنى قۇربان قىلدى. ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدىكى بۇ خىل ئادەم ئاساس قىلىنغان ياكى ئىنساننىڭ كۆز ئالدىدىكى ۋاقىتلىق مەنپەئەتى چىقىش قىلىنغان ئارزۇسىنى مەلۇم جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل تەبىئىي خاھىش نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قەلبىدە تەدرىجىي ھالدا ھەممە ئىشتا ئىنسان مەركەزچىلىك تەپەككۇر ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى. نەتىجىدە خېلى كۆپلىگەن كىشىلەردە تەبىئەتنى پەقەتلا «ئىنسانلارنىڭ بېقىندىسى» دەپ قاراش خاھىشى شەكىللەندى. كېيىنچە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە سانائەتنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئاڭ ـ چۈشەنچىلىرى ۋە تەبىئەتكە بولغان پوزىتسىيەسى ئۆزگىرىپ، ئاتالمىش «تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ـ بويسۇندۇرۇش» تەك بىمەنە ئاڭ ۋە تەپەككۇر ئەندىزىسىگە ئېغىپ كەتتى. ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل «دۇنيانى بويسۇندۇرۇپ ھەممە نەرسىگە ئېرىشىش» تەك ماددىي ئېھتىياجى ۋە تۈگىمەس ئارزۇ ـ ئىستىكى قاندۇرۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار بەزىدە ئۆزئارا سىياسىي كۈرەش قىلىش ياكى ئۇرۇش قىلىپ باشقىلارنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق زور مەنپەئەتكە ئېرىشىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇشتى.

ئىنسان تەبىئەت دۇنياسىنى ماكان قىلىش ئارقىلىقلا تىرىكچىلىك قىلغۇچى ئالاھىدە ئىجتىمائىي مەخلۇق، ئۇ ئەگەر ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزئارا ماسلىق ۋە تايىنىشچان مۇناسىۋىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەت خاھىشى ۋە سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بويىچە ھەممىنى بويسۇندۇرىمەن دەيدىكەن ئۇ ھالدا، بۇ خىل چەكتىن ئاشقان زوراۋانلىق تەبىئەتنىڭ پاسسىپ ئىنكاسىنى قوزغاپ، ئۇلارغا پاسسىپ شەكىلدە جاۋاب قايتۇرىدۇ.

پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار ماددىي مەدەنىيەتتە يۈكسەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەتتە ئىنساننى مەركەز قىلىش ۋە تەبىئەتنىڭ قىممىتىگە سەل قاراشتەك بىر تەرەپلىمە خاھىشنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشى سەۋەبلىك جەمئىيەت ماھىيەتلىك زىددىيەت ـ كرىزىسقا تولدى. بۇ خىل جىددىي ۋەزىيەت ئىچىدە ياشاۋاتقان ئەدىبلەر ئىنسانلار دۇچ كەلگەن كرىزىسنى بايقاپ، غايىۋى خاھىشقا ئىگە ئېسىل ئەسەرلەرنى يازماقچى بولىدىكەن ئۇ ھالدا چوقۇم ئىنسانلار ھاياتىنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر سېلىشى، رېئال مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى شۇنداقلا نۆۋەتتىكى

مەۋجۇتلۇق ۋە مۇھىت كىرىزىسى ھەققىدە ئويلىنىشى كېرەك. شۇڭا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئىزچىل ھالدا مەدەنىيەتتە ئىنسان مەركەزچىلىك ئاڭ - خاھىشىغا خاتىمە بېرىشنى تەكىتلەپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئىنسان مەركەزچىلىك تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىنساننى تەبىئەتتىن ئايرىپ، تەبىئەتنى ئىنسانلارنىڭ بويسۇندۇرۇش ئوبيېكتى دەپ تونۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ نىسپىي قارىمۇ - قارشىلىق چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئاڭ ۋە مەدەنىيەتتىكى يېتەرسىزلىك ۋە بىنورمال ھادىسىلەر نۆۋەتتىكى ئېكولوگىيە كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مۇھىتقا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى ئاڭلىق ئاسراش مەجبۇرىيىتىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان ئېكولوگىيە ئەدىبلىرى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات نەزەرىنى ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىن ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھاياتىنىڭ بىردىنبىر ماكانى بولغان تەبىئىي مۇھىت ۋە ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇققا تۇرتكە بولغۇچى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىگە سەل قارىغان تەرەپلىرىنى تولۇقلاپ تۈزىتىشكە ئاغدۇرۇپ، ئەدەبىياتنى تەبىئەتتىن ئىبارەت غايەت زور بىرلەمچى دۇنيا پاكى مۇقەددەس ئورتاق گەۋدە ئىچىگە قويۇپ، ئۇنىڭ رولى ۋە ئېستېتىك قىممىتىدىن پايدىلىنىپ ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە ئېڭىنى ئويغىتىش ۋە قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشتى.

تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر ھاياتلىق ماكانى، پەن - تېخنىكا ۋە سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەر ئۆز دۆلەتلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا ئۆز ماكانى ۋە پۈتۈن يەر شارى ئېكولوگىيە مۇھىتىنى بەدەل قىلدى. ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا تەبىئىي مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ، ئۆز قىلمىشىنىڭ تەمىنىمۇ تېتىدى. زامانىۋىلىق ۋە تەرەققىيات ئۇقۇمىدىكى تورلۇك ئەمەلىي تەدبىرلەر ئىشلەپ چىقىرىش كۈچلىرى ۋە پەن - تېخنىكىنى زور دەرىجىدە تەرەققىياتقا ئىگە قىلسىمۇ، ئەمما يەنە شۇنى ھوشيارلىق بىلەن تونۇش كېرەككى، بۇ خىل تەرەققىيات ئوخشاشلا ئىنسانلارنىڭ ئاتالمىش «تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش»، «تەبىئەت ئۈستىدىن غالىپ كېلىش» تەك نادانلىق ۋە ياۋۇزلۇق خاھىشىنىمۇ زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. بۇ ھال ئىنسانلارنىڭ نادانلىق ۋە ئۆزىنى مەركەز قىلىشتەك شەخسىيەتچىلىك، زوراۋانلىق پىسخىكىسىنىڭ تەدرىجىي شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت، تۇرمۇش ئىستېمالى، ئاڭ - ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە ئىپادىلىنىشىگە سەۋەب بولدى. تەبىئەت راستىنلا ئىنسانلارنىڭ ئۆزى خالىغانچە بويسۇندۇرۇش ئوبيېكتىمۇ؟ ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ قويىنىدىكى تۈرلۈك - تۈمەن مەۋجۇداتلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئاددىلا بويسۇندۇرۇش - كونترول قىلىش مۇناسىۋىتىمۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئېنىق جاۋابى شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسى تەبىئەت ئانىنىڭ ئۆزىنىڭ تەبىئىي مۇۋازىنىتى ۋە مېخانىزمىنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبلىك ئىنسانلارغا قايتۇرغان جاۋابى ۋە ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بولۇپ، بۇ ھادىسىلەر بىزگە ئىنسانلارنىڭ ھەر ۋاقىت ئۆزلىرىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ خوجايىنى دەپ قارىماستىن بەلكى تەبىئەت دۇنياسىغا قارىتا ئىناق ۋە دوستانە مۇئامىلە قىلىش ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىك بۇرچىنى تونۇپ يېتىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى؛ ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن نادانلىقى ۋە ياۋۇزلۇقى تۈپەيلىدىن تەبىئىي مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى سەۋەبلىك تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان جاۋابى — ئىنسانلارغا كەلتۈرىدىغان بالايى - ئاپەتلىرىنىڭ چەكسىز بولىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش.

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى XX ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى بىر ئىلىم. كەڭ مەنىدىن ئالغاندا ئۇ بىر خىل ساپ ئەدەبىي تەنقىدلا بولماستىن بەلكى ئېكولوگىيە پەلسەپىسى، ئېكولوگىيە ئېتىكىسى، ئېكولوگىيە ئېستېتىكىسى قاتارلىقلارنى، ھاياتلىق مۇھىتى، ئىنسان ماھىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە دائىر چۈشەنچىلەرنى ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا يېتەكچىلىك قىلدۇرىدىغان بىر خىل زامانىۋى تەتقىقات ئۇسۇلىدۇر.

نۆۋەتتىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ماھىيەتتە مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكىنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى بىر خىل يېڭى مەدەنىيەت تەنقىدچىلىك كۆزقارىشى ياكى ئەدەبىيات تەتقىقات يولى شۇنداقلا بىر خىل ھەم مۇرەككەپ، ھەم جانلىق ۋە ئوچۇق ھالدىكى تەنقىد سىستېمىسى بولغاچقا، ئۇ ئەدەبىي تەنقىد ۋە مەدەنىيەت تەنقىدىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قوش قاتلام ھالدا ئۆزىگە تەدبىقلىغان. ئۇ ئېكولوگىيە پەلسەپىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك نۇقتىئىنەزەرى، باغلىنىشچانلىق نۇقتىئىنەزەرىنى مەدەنىيەت بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يەر شارىدىكى ئېكولوگىيە كرىزىسىنىڭ ماھىيەتتە ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت ئېڭى ۋە ئەخلاق كرىزىسى، ئىنسان تەبىئىتىدىكى چېكىنىش كرىزىسى ئىكەنلىكىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئېچىپ بېرىدۇ. «. . . شۇڭا ئېكولوگىيە كرىزىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن

ھەل قىلىشتا يالغۇز تەبىئىي پەنگىلا تايىنىش كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن جەزمەن ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىنىشى، ئىدىيىۋى ئاڭ جەھەتتىن يېتەكلىشى كېرەك، ئۇ جەزمەن ئىنسان مەركەزچىلىك ئىدىيەسىنىڭ چەكلىمىلىكلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈش، مېتافىزىكىلىك ئەسلىگە قايتۇرۇشتەك ئەنئەنىۋى ئىلىملەرنىڭ چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، پەن ئاتلىغان، مەدەنىيەت ھەتتا مەدەنىيلىك ھالقىغان نەزەر دائىرىسى ئاساسىدا ئېكولوگىيە كىرزىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزدەيدۇ»①.

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى خەلقئارادا XX ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىكى باشلىنىش، 80 - يىللىرىدىكى ئومۇملىشىشتەك تەرەققىياتنىڭ تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن باشلاپ گۈللىنىشكە باشلىدى. ئامېرىكىلىق ئايال يازغۇچى كارسېننىڭ «جىمجىت باھار»، «دېڭىز شامىلى ئاستىدا»؛ م. ئوستىننىڭ «قاغجىرىغان زېمىن»؛ كانادالىق ئاتۋودنىڭ «كۆيۈك» ۋە چ. ئايتماتوۋنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىدە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدىمۇ «ئاقساق بۇغا»، «چۆل ئوغلى»، «بۆرە جىلغىسى»، «بۆرە ئانا» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مەيدانغا چىقتى. يەر شارىلىشىش دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيلىك چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئەدەبىياتقا قويغان تەلىپىنىڭ ئۆسۈشى نەتىجىسىدە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى نۆۋەتتە مەدەنىيەت قىممىتى ۋە رېئال ئەھمىيىتى يۇقىرى، مۇكەممەل نەزەرىيىۋى سىستېمىغا ئىگە بولغان ئارىلىق پەن تۈرىگە ئايلاندى. بۇ جەھەتتە بىر قەدەر ۋەكىللىك ئەسەرلەردىن كلوبالنىڭ «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى»، «رومانتىك تەسەۋۋۇر ۋە ئېكولوگىيە ئېڭى»؛ بۇئېلنىڭ «مۇھىت تەسەۋۋۇرى»؛ ھېنرىنىڭ «تەبىئەت ئەدەبىياتى ۋە ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسى»؛ كلودفېدنىڭ «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئوقۇشلۇقى»، «دەنناننىڭ «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ئېكولوگىيەنىڭ چىن مەنىسى»؛ بوتىنىڭ «ئەدەبىيات ۋە مۇھىت»، «زېمىن ناخشىسى»؛ مىزىل باش تۈزگۈچىلىكىدىكى «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىك ئىراسى» قاتارلىق ئەسەرلەر ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە. نۆۋەتتە مەيلى ئېلىمىز ياكى خەلقئارادا بولسۇن ئېكولوگىيە ئەدەبىيات - سەنئەتشۇناسلىقىنىڭ مەنا دائىرىسى كەڭ ۋە يېڭى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى، ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى تارىخى، ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى قاتارلىق ئۆز ئارا تايىنىشچانلىقىغا ئىگە بولغان ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئامېرىكا ئالىمى ك. فوست تەشەببۇس قىلغان «زېمىن ئەخلاقى» تەلىماتىدا: «بىز تەكىتلەپ كېلىۋاتقان زېمىن دىداكتىكىسى بولسا ئادەم بىلەن تەبىئەت قوينىدىكى بارلىق تۈرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېكولوگىيەلىك ئورتاق گەۋدىنىڭ ھېسسىياتى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرىكى پەقەت ئىقتىسادىي مەنپەئەت بويىچىلا زېمىنغا مۇئامىلە قىلىدىغان بۇرۇختۇرما پوزىتسىيەسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى»②.

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىزدىنىش روھىغا، روشەن ھېسسىي كۆرسەتمىلىك ۋە دىداكتىكىلىقىغا ئىگە بولغان بىر خىل مەدەنىيەت تەنقىدىي تەپەككۇر ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق شەكىلدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىزدىنىشى بىلەن ماھىيەتلىك ئورتاقلىققا ئىگە. چۈنكى «ئادەمدىن ئىبارەت بەلگە خاراكتېرىگە ئىگە مەۋجۇتلۇق ئىچىدە ھەتتا ھېسسىي ياكى ھېس - كەيپىيات تۈسىنى ئالمىغان بىرەر جۈملىنى ئۇچرىتىشمۇ قىيىن»③.

ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەبىئىي ھەم ئىجتىمائىيلىقىنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئېستېتىك تەسىراتىمۇ ئەمەلىيەتتە ئادەم بىلەن تەبىئىي مۇھىتنىڭ ماس - ئىناقلىقىنى مەنبە قىلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» دىكى «قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى» قاتارلىق ئېسىل قوشاقلار، قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر، «ئوغۇزنامە» دىكى پېرسوناژلارنىڭ تاشقى قىياپەت تەسۋىرى قاتارلىقلار بۇ نۇقتىنى روشەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئېكولوگىيە تەنقىدچىسى كىرىستوف. مېناس «تەبىئەت ۋە سۈكۈنات» ناملىق ئەسىرىدە چوڭقۇر ئېچىنىش ئىچىدە: «ئىنسانلارنىڭ زورلۇق ۋە ئۆكتەملىك قىلىشى ئاستىدا تەبىئەت (ھەممە شەيئىدە روھ بار دەپ قارايدىغان) ئانىمىزملىق مەيداندىن پەقەت سىمۋول خاراكتېرلىك بەلگە مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى. ئادەمدىن ئىبارەت سۆزلىيەلەيدىغان سۇبيېكت ئەمدى سۈكۈنات ئىچىدىكى ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالدى» دېگەن. ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە تەبىئەتكە تۇتقان پوزىتسىيەسى ئۆزگەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتى ماددىي ئىستېمال دولقۇنىدىكى ئىنساننىڭ پاسسىپ سالاھىيىتىنى ئەسلىدىكى گۇمانىستىك روھ ۋە ئىجادىي ئىقتىدارغا ئىگە ھالەتكە قايتۇرۇش ياكى ئىنساننىڭ تاۋار، ئىستېمال، ماددىي مەنپەئەت دولقۇنى ئىچىدە ئۆزگەرگەن، ياتلاشقان خاراكتېر - پەزىلىتىنى تەكشۈرۈپ سوراق قىلىش ئارقىلىق، ئىنساننىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت جاپالىق قۇرۇلۇشنى تاماملاشنى كۆرسىتىدۇ.

«ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق دۇنيا قاراش ۋە مۇھىت ئېڭىغا ئىگە بولغان يېڭىچە ئەدەبىيات بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجادچىلىرى ھاياتلىق بىلەن ئېكولوگىيەلىك بىر گەۋدىلىك قارىشىنى چىقىش قىلىپ، كۈچلۈك ئېكولوگىيەلىك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئېكولوگىيە ئۈچۈن ئادىل سۆزلەپ، تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ، ئۇنى جانلىق شەكىلدە ئىپادىلەپ بېرىدۇ»④. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى مۇشۇ ئىلمىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق خاراكتېرلىك قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە تەدبىقلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇقۇم ۋە پىرىنسىپلىرىنى تەبىئەت، ئىنسان ۋە مەدەنىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يەن ئاتىلغان ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ تۈپكى مەقسىتى ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى نۇقتىئىنەزەرى ۋە تەپەككۇر ئەندىزىسىنى تەكىتلەپ، بۇ خىل ئەنئەنىۋى ھەم يېڭى تەپەككۇرنى ئىنسانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا ساھەلىرىگىچە سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى ئىنسان مەركەزچىلىك چەمبىرىكىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك تەپەككۇرنى ئىنسانلارنىڭ ئاڭ ـ قارىشى، ئەخلاق ۋە قىممەت قارىشى قاتارلىق ساھەلەرگىچە كېڭەيتىپ، ئېكولوگىيەنى مەركەز قىلغان ھالدا دۇنيانى ئۆزگەرتىپ «ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت غايىۋى پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش»تىن ئىبارەت»⑤.

ئەدەبىيات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئاڭلىق ئىنكاسى. شۇنداق ئىكەن ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىمۇ نۆۋەتتىكى يەر شارىلىشىش مۇھىتىدا شەكىللەنگەن مەنىۋى ئىجتىمائىي كرىزىس ۋە مۇھىت رېئاللىقىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولۇشى كېرەك. شائىر گېيوتى: «سەنئەتكار تەبىئەت دۇنياسى بىلەن قوش قاتلاملىق مۇناسىۋەتكە ئىگە، ئۇ ھەم تەبىئەتنىڭ خوجايىنى، ھەم تەبىئەتنىڭ قۇلىدۇر» دېگەن ئىدى. دېمەك، ھاياتلىقنىڭ ماددىي ئاساسى بولغان تەبىئەتنىڭ قىممىتىنى بىلىش، ئۇنىڭدىن ئىلھاملىنىش تارىختىن بۇيانقى ئەدىبلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى. ئىنسان ئالاھىدە ئاڭغا ئىگە ئىجتىمائىي مەخلۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز ماھىيىتىنى جارى قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنى ۋە ئۆزى بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشەنگەن ۋە مەۋجۇتلۇق زىددىيىتىنى ئاڭلىق ھەل قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆز ھاياتىنىڭ نورمال داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئېكولوگىيەلىك ئاڭ ـ تەپەككۇر ۋە قىممەت قارىشى شەكىللەندۈرۈش نۆۋەتتىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇشى كېرەك. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى كەڭ ۋە تار مەنىدە چۈشىنىلىسىمۇ لېكىن، بىز بۇ يەردە توختىلىۋاتقان ئەدەبىيات ئېنىق ھالدا تەبىئەتنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇۋازىنىتى ھەمدە ئادەم بىلەن تەبىئىي مۇھىتنىڭ ماس ـ ئىناقلىقى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىپ ئىجاد قىلىنغان ھەمدە يۇقىرى دەرىجىدىكى مۇھىت ئېڭى ۋە تەبىئەت ئەخلاقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئەدەبىيات بولۇپ، ئۇ تار مەنىدىكى ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىدۇر. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى بىلەن تەبىئەتنى تەسۋىرلەيدىغان ئەنئەنىۋى مۇھىت ئەدەبىياتى تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئىلگىرىكىسى پەقەتلا تەبىئەتنى تەسۋىرلەپ، تەبىئەتكە دائىر ھېس ـ تۇيغۇ ئىپادىلەنگەن ئەدەبىيات. كېيىنكىسى بولسا ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى قاراش، دىداكتىك روھ ۋە غايىۋى نىشانغا ئىگە بولغان ئەدەبىيات. شۇڭا ئۇ ئەنئەنىۋى باغ ـ ۋاران ئەدەبىياتىدىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدۇ.

رېئال دۇنيا ئۆزگىرىۋاتقان ئىكەن ئۇ ھالدا ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى، ئاڭ ۋە قىممەت قارىشىمۇ مۇقەررەر يېڭىلىنىپ بارىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز يەنىلا ئىلگىرىكىدەك ھەممىدە ئادەمنى مەركەز قىلىش ياكى ئاپتورنى مەركەز قىلىپ دۇنيانى كۆزىتىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشنى باش پىرىنسىپ قىلىپ، يەر شارىدىكى باشقا تەبىئىي مەۋجۇتلۇق ياكى ھاياتلىق تۈرىنى پەقەت بىر خىل قورال، يول، ۋاسىتە، بەلكە ياكى تەبىئىي بولۇشقا تېگىشلىك يانداش شەيئى سۈپىتىدە ئىپادىلەش ياكى ئۇلارنى كلاسسىك ئەسەرلەردىكىدەك كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنيا ۋە خاراكتېرىنى ئىپادىلەشتە ئۇنى تەمسىل، سىمۋول قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئۇنى ئەدەبىياتتىكى تەبىئەتنىڭ ئاددىي ھالدىكى ئادەملەشتۈرۈلۈشى ياكى ئىپادىلىنىشى دەپلا چۈشىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە گۇمانىستىك روھتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. مەلۇم بىر خىل تەپەككۇرنىڭ زامانىۋىلىق قىممىتىنى بېكىتىش ۋە بىرەر پەننىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئالدىن كۆرۈشنىڭ ئۆلچىمى كۆپ خىل بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى ئەشۇ خىل تەپەككۇر ۋە پەننىڭ ئۆز دائىرىسىدە مەلۇم رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان ـ قىلمىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن يول ئېچىش قىممىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا قاراشتا. ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىك

ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئىچكى دۇنيا بىلەن تاشقى مۇھىت، ھازىرقى بىلەن كەلگۈسى ئوتتۇرىسىدىكى رېئال مەسىلىلەر ۋە زىددىيەتلىك ھادىسىلەرگە جىددىي كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇلارنىڭ دائىملىق ھەتتا مەڭگۈلۈك ماس ـ ئىناقلىقى ۋە نورمال تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئارقىلىق نۆۋەتتىكى ماس قەدەملىك سىجىل تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئۆزىنىڭ توپ نىشانى قىلىدۇ.

ئىزاھلار:

①⑤ خۇجىزخۇڭ: «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ۋە پەن ئاتلىغان تەتقىقات» («سىچۈەن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2005 ـ يىللىق 3 ـ سانى.

② كاننا فوست: «تەبىئەتنىڭ ئىقتىسادىي سىستېمىسى»، بېيجىڭ سودا ئىشلىرى باسمىچىلىقى، 1999 ـ يىل 1 ـ نەشرى 338 ـ بەت.

③ كەشىر: «ئىنسان ھەققىدە»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى 1 ـ نەشرى 37 ـ بەت.

④ ۋاڭ نو: «ئېكولوگىيە كىرىزىسى ۋە جۇڭگو ئەدەبىياتى»، «جۇڭگو سەنئەتتى گېزىتى» نىڭ 2005 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى سانى.

## پايدىلانمىلار

1. گوڭ جۇشەن: «يەر شارىلىشىش مۇھىتى ئىچىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نۇقتىئىنەزەرى»، «جاڭ خەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2006 ـ يىللىق 6 ـ سانى.

2. ۋاڭ نىڭ: «ئەدەبىياتنىڭ مۇھىت ئېتىكىسى: ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىكنىڭ ئەھمىيىتى»، «چەت ئەل ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» نىڭ 2005 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

3. ئابلاجان مۇھەممەد ئۇمىديار: «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىپادىسى»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2008 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى «گۈلشەن» بېتى.

4. ئابلاجان مۇھەممەد ئۇمىديار: «ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى «گۈلشەن» بېتى.

5. ۋاڭ شاۋخۇا: «كېيىنكى مۇدېرنىزملىق ئەدەبىي نۇتۇق شەجەرىسىدىكى ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىك» «ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 1 ـ سانى

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 1005—5878(2010)04—105—08

# يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە «ئاياللار ئەدەبىياتى» نىڭ ئىپادىلىرى•

ئايسىمە ئىدرىس، ئامانگۈل ئىمىن
(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، «ئاياللار ئەدەبىياتى» نىڭ ئۇقۇمى، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاياللار ئەدەبىياتىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى، بۇ جەھەتتىكى تىپىك ئەسەرلەر ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى، شائىرلار توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：本文就女性文学的概念、新时代维吾尔文学中女性文学的表现形式、典范作品及在这一领域中崭露头角的作家和诗人提出自己的看法。

**Abstract**: In this article, the author talks about the concept of female literature, the manifestations, model works and budding writers of female literature in Uyghur poetic circle in the new era; and puts forward her own point of view.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G4 ماتېرىيال بەلگىسى: A

يېقىندىن بۇيان مەتبۇئاتلىرىمىزدا فېمىنىزملىق يازغۇچىلار، فېمىنىزملىق ئەدەبىي تەنقىد دېگەندەك ئاتالغۇلار كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىكى فېمىنىزم دېگەن سۆز ئەسلىدە ئىنگلىز تىلىدىكى «female» دېگەن سۆز بىلەن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «ism» نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «female» ئىنگلىز تىلىدا «ئايال جىنس» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما، فېمىنىزملىق ئەدەبىياتتىكى «ئاياللىق» ھەرگىزمۇ فىزىئولوگىيەدىكى «ئايال ياكى قىز» دېگەن ئاددىي سۆز بولماستىن، بەلكى «ئاياللىق ئېڭى، ئاياللىق مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى» نى تەكىتلەيدىغان سۆزدۇر. فېمىنىزملىق ئەدەبىياتنىڭ يادروسى «ئاياللىق ئېڭى» بولۇپ، بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا «ئاياللار ئەدەبىياتى» دەپ قوبۇل قىلىنسا مۇۋاپىق.

«ئاياللار ئەدەبىياتى» بارلىق ئەر - ئايال يازغۇچىلارنىڭ ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەن ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇ ئەدەبىياتنى ۋاسىتە قىلىپ، ئاياللار ئۈستىدە ھەقىقىي ئىزدىنىپ، ئەنئەنىۋى ئاياللار ئوبرازىنى ئۆزگەرتىپ، ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكىنى تۇرغۇزۇش، كۆپ خىللاشقان، ماس قەدەملىك تەرەققىياتقا ئىگە يېڭى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى. ئاياللار ئەدەبىياتى كۈچىنىڭ

---

• بۇ ماقالە 2009 - يىلى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
ئايسىمە ئىدرىس: (1971 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يەكەندە تۇغۇلغان) قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ 2008 - يىللىق ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانت.
ئامانگۈل ئىمىن: (1982 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاقسۇدا تۇغۇلغان) قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ 2007 - يىللىق سېلىشتۇرما ئەدەبىيات كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانت.

بېرىچە ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي چۈشەنچىسى، پىسخىكا. تۇرمۇش كەچۈرمىشى ۋە تەپەككۇر شەكلى جەھەتلەردىكى پەرقلەرنى تەتقىق قىلىپ، بۇنى ئەدەبىياتنىڭ قۇرۇلما ئامىللىرى بولغان تىل، ئوبراز، خام ماتېرىيال، سۇژېت، سىمۋول قاتارلىقلار ئارقىلىق جانلىق ئىپادىلىدى. بۇ ئەدەبىيات ئۆز تەرەققىياتىنى ئەدەبىياتنىڭ خىلمۇخىل ژانىرلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئومۇمىي ئەدەبىياتتىن پەرقلىنىدىغان ئۆزىگە خاس سىستېمىنى شەكىللەندۈردى. بۇ خىل سىستېما ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىياتىدا، ھەرقايسى دەۋردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. شۇنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە بۇ ئەدەبىيات بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولدى. ئاياللىق ئېڭى يالغۇز ئۇيغۇر پىروزا ئەسەرلىرىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، شېئىرىيەتتىمۇ جانلىق نامايان قىلىندى. بولۇپمۇ كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئېسىل شېئىرلىرى ئارقىلىق مەدھىيەلىنىپ كەلگەن ئاياللىق (يەنى قىزلىق نازاكەت، شەرم ـ ھايا، ئەدەپ ـ ئەخلاق) بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە تېخىمۇ رەڭگارەڭ تۈس ئالدى. بۇ ئاياللىق ئېڭى ئەر ـ ئايال يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندى. 80 ـ يىللاردىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئاياللار ئەدەبىياتىغا يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ، ئىلگىرىكى ئانىلىق ئۇلۇغلۇق، ئاياللىق ئوبراز، قىزلىق ئەخلاق تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى. دەۋرنىڭ تەلىپى بۇ خىل ئوبرازلاردا روشەن ئىپادىسىنى تاپتى. بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن:

**1. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئانىنى مەدھىيەلەش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ يېڭى دەۋر ئاياللار ئەدەبىياتىنى يېڭىچە تۈسكە ئىگە قىلدى**

ئاياللار ئەدەبىياتى بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، رولى، ئاياللىق قىممىتى توغرىسىدا قايتىدىن ئويلىنىش ئېلىپ باردى. خىلمۇخىل قاتلامدىكى ئاياللار ئوبرازىنى يارىتىشقا كۈچ سەرپ قىلدى. بولۇپمۇ ئاياللىقنىڭ جەۋھىرى بولغان ئانىلىق روھى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ئاز بولمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ جەرياندا ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى شېئىرىيەتنىڭ تۆھپىسى ئالاھىدە زور بولدى. نۇرغۇن شائىرلار يېڭى دەۋردىكى يېڭى قىياپەتلەرنى ئانىنىڭ ئۇلۇغلىقى، تۆھپىسى، ئەجرى، قەدىر ـ قىممىتىگە يېتىش قاتارلىق مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ، ئانىلارنىڭ رولى ھەققىدە كىتابخانلارنى ئويغا سالدى. 80 ـ يىللاردىن باشلاپ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك»، بوغدا ئابدۇللانىڭ «ئانا»، «ئانىجان، ئانىجان ياشىغىن ئۇزاق»، مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ «سەن يوق» (1990 ـ يىل) ناملىق شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۆزى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جان كۆيدۈرگەن بۇ مېھرىبانىغا دىققەت قىلىشقا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمىگىنىگە ئەپسۇسلىنىشقا، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاقلىيالمىغىنى ئۈچۈن ياش تۆكۈشكە باشلىدى. بۇ خىل ھالەت شېئىرىيەتتە بىردىنلا ئانا ئوبرازىنىڭ قايتىدىن جانلىنىشىغا يول ئېچىپ، كىشىلەرنىڭ ئادىمىگەرچىلىكىنى قوزغاتسا، شائىرلارنىڭ ئىلھام پىلتىسىگە يەنە بىر قېتىم ئوت ياقتى.

بۇنىڭ بىلەن يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىدىكى ئاياللىق ئېڭى چوڭقۇرلۇققا، كەڭلىككە، تېخىمۇ نەپىس گۈزەللىككە ئىگە بولۇپ، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئاياللىق ئېڭى ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ مول مەزمۇن بىلەن تەمىن ئەتتى. شائىرلار قەلىمىدە تەسۋىرلەنگەن ئانىلارنىڭ شېئىرىيەتتىن ئورۇن ئېلىشى ئانىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكى ۋە ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. شائىرلار ئاياللار توغرىسىدا قايتا ئويلىنىپ، ئاياللارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۇلارنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ئانا ئىكەنلىكى بىلەن ئۆلچەپ، ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى، ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى دەل ئانىلار ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئىپادىلىدى. شۇنىمۇ دېمەي بولمايدىكى، ئانا ئوبرازىنىڭ شېئىرىيەتتە بىرقەدەر ئومۇملاشقانلىقىغا قارىتا ھەتتا جەمئىيەتتە «ھەممە شائىر ئاناملا دېدى، دادىلىرى يوقمىكىن ئەستە» دەپ چۆقان سالىدىغان ھالەت كېلىپ چىقتى. شائىرلار ئانىلارغا ھەر تەرەپتىن باھا بېرىپ ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنى چىقىش قىلىپ ئانىلارنىڭ مۇكەممەل ئوبرازىنى يارىتىشقا تىرىشتى. بۇ ئىككى خىل يول بىلەن گەۋدىلەندى.

بىرى، ئانىنىڭ ئۆزىنى بىۋاسىتە تەسۋىرلەپ ئانىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى نامايان قىلىش. بۇنىڭدا شائىرلار ئانىنىڭ پەرزەنت ئىشقىدا كۆيۈپ، جاپا مۇشەققەتلەرنى يېگىپ، پەرزەنتلىرى ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىدىغان قۇربان بېرىش روھىغا ئاپىرىن ئوقۇدى شۇنداقلا ئانىنىڭ روھىي جەھەتتىن بالىلارنىڭ مەنىۋى يۆلەنچۈكى، مەنىۋى يېتەكچىسى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۆز پەزىلىتى، تەربىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن بالىنىڭ قەلبىنى بىر ئۆمۈر يورۇتۇپ تۇرىدىغان نۇرلۇق يۇلتۇز ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. مەسىلەن: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» ناملىق داستانى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولۇپ، شائىر بۇ داستاندا:

جان بالام، غەم يېمىگىن، - دەيتۇ ئانا، -
سەن ئۈچۈن ھەممە نېمەم تەييار مانا.
گەر مۇرادىڭ مەن بىلەن ھەل بولسا، تا -
بۇ مېنىڭ ئىسسىق جېنىم بولسۇن پىدا.
بىر ئەمەس، مىڭ بىر يۈرەك بولسا بېرەي،
ئال بالام تەسەددۇقۇڭ مەن بولاي.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئانىنىڭ مىننەتسىز تەقدىم قىلىش روھىنى ھەقىقى نامايان قىلىپ بەردى. دېمىسىمۇ داستاندا تەسۋىرلەنگەن ئانا ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئانا بولۇپ، ئۇ پەرزەنتى ئۈچۈن ئۆز يۈرىكىنى ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ئوغلىنىڭ بەختى ئۈچۈن تەقدىم قىلىدۇ. ئەمما ۋاپاسىز ئوغۇل ئانىنىڭ يۈرىكىنى خورلاپ، ۋەتىنىگە خائىنلىق قىلىدۇ. ئانا بۇ چاغدا تېخىمۇ ئۇلۇغ ئوبرازغا ئايلىنىپ شەخسىي مۇھەببەتتىن ۋەتەن مۇھەببىتىنى ئەلا بىلىپ، ئۆز قولى بىلەن ئوغلىنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى ئانا يالغۇز بىر ئوغۇلنىڭ ئانىسى ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن خەلقنىڭ قەيسەر ئانىسى سۈپىتىدە يۈكسەكلىككە ئىگە بولىدۇ. مانا مۇشۇ داستاندىكى ئانا ئوبرازىدىنلا شائىرلارنىڭ ئانىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. 80 - يىللاردىن كېيىن شېئىرىيەتتە يەنە بوغدا ئابدۇللانىڭ «ئانا» شېئىرى توغرىسىدا زور قىزغىنلىق كۆتۈرۈلۈپ، ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى يەنە بىر قېتىم مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. مەرھۇم شائىرە تۇرسۇنئاي ھۇسەيىنمۇ 80 - يىللا بۇ سەپكە قېتىلىپ ئانىسىنى ئۇلۇغلاش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭمۇ ئانا ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ:

ئۇلۇغسەن، خىسلەتلەرگە بايسەن ئانا،
ئىنسانلار ئالەمىدە ئايسەن ئانا ......
پاقلانىدەك ئىككى ئوغلۇم ئۆستى ئەنە،
پەخرىم شۇ، غۇرۇرۇم شۇ مەن ھەم ئانا.

دەپ، قەلب كۆيلىرى ئارقىلىق ماختانغان بولسا، 2000 - يىللاردا ئابدۇلباسىت ئابدۇراخمان «ئانا» داستانىنى يېزىپ، ئانىنى تەكلىمانىنىڭ تارىخى بىلەن باغلاپ، ئانا ئوبرازى ئارقىلىق شېئىرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى.

يەنە بىر قىسىم شائىرلار جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پۇشايمانلىرىنى يىغىنچاقلاپ، ئۇلارنىڭ ئانىسىنىڭ ئەجرىگە ياخشى جاۋاب قايتۇرالمىغانلىقىنى، ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالمىغانلىقىغا بولغان ئۆكۈنۈشلىرىنى، ھەسرەتلىرىنى دەل ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈردى. مەسىلەن: مۇھەممەتجان راشىدىن «سەن يوق» دېگەن غەزىلىدە:

چىنەڭگە ئاھ ئانا زەمزەم، قۇيۇپ بېرەي دېسەم سەن يوق،
نىتەي ئەجرىڭ ئۈچۈن پاقلان سويۇپ بېرەي دېسەم سەن يوق.
... ... ... ... ... ...
سېنىڭ بارىڭدا قەدرىڭنى ئەجەپ بىلمەپتىمەن، ئەمدى،
ساڭا كۆيگەن بۇ باغرىمنى يېرىپ بېرەي دېسەم سەن يوق.

دەپ نىدا قىلغان بولسا، تېيىپجان ئېلىيوپ «يۈرەك ياشلىرى» ناملىق شېئىرىي ئارقىلىق بۇ خىل ھەسرەت، پۇشايماننى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئانىنى بېقىشنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئادىمىيلىك ئىكەنلىكىدىن ھەممەيلەننى ئاگاھلاندۇردى.

يەنە بىرى، ئانا ئوبرازىنى تۇغۇلغان يۇرت، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ماكان، قىسقىسى ئانا ۋەتەن بىلەن باغلاپ ئانا ئوبرازىنى تېخىمۇ كەڭلىككە، يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىش. بۇ خىل يۈزلىنىش يېڭى دەۋر ئاياللىق ئېڭى شېئىرىيىتىنىڭلا ئەمەس بەلكى ئومۇمىي شېئىرىيەتنىڭمۇ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ، شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئۆزىنىڭ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ناملىق شېئىرى بىلەن بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى 1962 - يىلىلا باشلاپ بەرگەن. يېڭى دەۋرگە كەلگەندە بۇ خىل ئالاھىدىلىك تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ دائىرىسى كېڭىيىپ ماڭدى. شائىرلار ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئارقىلىق ئۆزى كۆيگەن، ئۆزى سۆيگەن نەرسىگە بولغان چەكسىز مېھرى - مۇھەببىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم

چوڭقۇرلاشتۇردى. بۇ خىل شېئىرلاردا ئېنىقكى، شائىرلار قوش ئۇنۇمگە ئېرىشىدىغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئانىنىڭ ئۇلۇغلىقى، مۇقەددەسلىكى مەدھىيەلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئانا مۇھەببىتى ئارقىلىق سۈپەتلەنگەن شەيئىنىڭ شائىر قەلبىدىكى ئورنى يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىنىدى. مەسىلەن: تاھىر تالىپنىڭ «يۇرت مۇھەببىتى» ناملىق شېئىرىدا:

ئېخ، قەدىم يۇرتۇم
مېنى ئۆستۈرگەن قوينۇڭنى
ئانامنىڭ قۇچىقىدەك سېزىمەن.

دېيىش ئارقىلىق يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتىنى ئانىلىق مېھرىگە سىڭدۈرۈپ ئىپادىلىسە، قۇربان بارات «سەن ـ بۆركۈت ئۇۋىسى، سەن ـ ئالتۇن بۆشۈك» ناملىق شېئىرىدا ئۆز مەكتىپىنى ئانىسىغا ئوخشىتىپ:

ئەي، ئانا مەكتىپىم،
ئەي، ئالتۇن بۆشۈك،
ئانامنىڭ ھىدى بار ئانا بۆشۈكۈم،
دۇنياغا تۆرەلدىم قايتا كۆز ئېچىپ،
يېڭىچە ئاڭ تاپتىم ۋە ئالدىم بىلىم.

دەپ، مەنىۋى يۆلەنچۈك ھېسابلىنىدىغان مەكتەپنى ئانىغا ئوخشىتىپ، ئانا ئوبرازىغا يېڭى بىر مەنىۋى قىياپەت ئاتا قىلدى. دېمەك، شائىرلار ئاددىي، ئەمما ئۇلۇغ ئىنسان ئانىنى ۋە ئۇنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىدىكى مىننەتسىز، ئەمما مېھنەتلىك ئەمگىكىنى ھەر خىل يوللار بىلەن مەدھىيەلەپ، ئۇيغۇر ئاياللار ئەدەبىياتىنى يېڭىلىقا باشلىدى.

**2. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىغا قايتىدىن قاراپ چىقىلدى**

بۈگۈنكى دەۋر دەل ئاياللارنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقان، ئاياللارمۇ ئەرلەر بىلەن ئوخشاشلا ئائىلە ۋە كەسىپتە تىرىشىۋاتقان دەۋر. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى بارغانسېرى روشەن ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. ئاياللار ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، دەۋرنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنىغا ئايلاندى. ئاياللارنىڭ ھەم ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، ھەم جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش روھى جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ قوللىشىغا، ئاپىرىن ئوقۇشىغا نائىل بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئەدەبىياتتىمۇ بەدىئىي يوللار بىلەن ئەكس ئەتتى. بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ بۇ خىل تېمىلارغا بەلگىلىك دەرىجىدە ئورۇن بېرىلىپ، ئاياللارنىڭ مېھرىبانلىقى، گۈزەللىكى، ئۇلارنىڭ ئەرلەر قەلبىدىكى ئوبرازى لىرىك مىسرالار ئارقىلىق تەسۋىرلەندى. ئەڭ ئاۋۋال ئاياللار ئۆز قەلبىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، يۈرەك ـ سادالىرىنى ئوبرازلىق تىل بىلەن ئەكس ئەتتۈردى. مەسىلەن، شائىرە زەينۇرە ئىيسا ئۆزىنىڭ 1981 ـ يىلى يازغان «ماڭا كېرىكى ئادىمىي ئورۇن» دېگەن شېئىرىدا ئۆزىنىڭ ئايال بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر ئادەم ئىكەنلىكى، جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭمۇ ئورنى بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە چۇقان كۆتىرىپ، ئاياللارنىڭ ئاياللىق جاسارىتىنى ئەڭ دەسلەپ نامايان قىلغان شائىرلاردىن بولۇپ قالغان. ئۇ:

مەن ئادەممەن مېھنىتىم بىلەن،
تەبىئەتنى ئۆزگەرتكۈچى مەن.
ئادىمىلىك ھوقۇقۇم بىلەن،
چۆلنى گۈل قىپ كۆكەرتكۈچى مەن.

دەپ ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش رىقابەتنىڭ ساھەللىرىدا تەڭ باش كۆتۈرۈپ ماڭالايدىغان قەيسەر روھقا ئىگە ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئەر شائىرلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزىنىڭ لىرىك مىسرالىرىغا ئاياللارنىڭ سىماسىنى ئېلىپ كىرىپ، ئاياللارنىڭ ئەرلەر نەزەرىدىكى ئورنىغا ئەقىل كۆزى بىلەن رەسمىي قاراپ چىقتى.

ئوسمانجان ساۋۇت «شائىرنىڭ ئايالىغا» ناملىق شېئىرىدا:

تېخى ئاسمان ئايدالانىڭ چېكىگە،
ئاۋۇمايلا تېخى قويغان قەدەملەر.
يەتتۇق دەيدۇ بۇ تىلسىمنىڭ چېتىگە.
سەن يېتىسەن ئۇيۇققىمۇ تېرىكمەي،
ۋە چىقىسەن چاندۇرماستىن تاغلارغا.
كەڭلىكلەردىن زوق ئالىسەن زېرىكمەي،
چۈللەر شۇڭا ئايلىنىدۇ باغلارغا ...

دېمىش ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئاجايىپ باتۇر، چىدامچانلىق روھىغا مەدھىيە ئوقۇسا، ئادىل تۇنىياز «ئاياللار دۆلىتى» ناملىق شېئىرىدا:

... مەن كۆلمەكچى بولسام ھاياتقا،
ئېسەدەيدۇ يۈرىكىم ئاستا.
ئايالالارغا مۇھتاجلىقىمدىن،
ئايالالارغا ئوخشايدۇ دۇنيا ...
ئايال
سەن ناتونۇش يىراق پىلانىت،
مەن بولىمەن ئالەم كېمىسى ...

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق ئايالالارنىڭ ئەرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك زىچ ئىكەنلىكىنى، ئايالالارنىڭ ئەرلەرنىڭ مۇڭدىشى، غەمگۇزارى ھەتتا مەنىۋى يۆلەنچۈكى بولالايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئابلەت ئابدۇرەشىد بەرقىي، چىمەنگۈل ئاۋۇت، قاتارلىق شائىرلارمۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ئايالالارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا قايتىدىن قاراپ چىقىپ، ئايالالارنى ئايال دەپلا تونۇماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ ئەرلەر ئوخشۇن، جەمئىيەت ئوچۈن قانچىلىك زورۇر ئىكەنلىكىنى، ئايالالارنىڭ ئەقىل پاراسەتتە ئەرلەردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى، ئۆز ئازادلىقى، باراۋەرلىكىنى ئەرلەر بىلەن ھەمدەم بولۇپ بىللە قولغا كەلتۈرگەنلىكىدەك كەچۈرمىشلىرىنى يالقۇنلۇق مىسرالار ئارقىلىق كۈيلىدى. شۇنداقلا «دۇنيا ئايالالار بىلەن گۈزەلدۇر» دېگەن ئىدىيەنىمۇ يورۇتۇپ بەردى. مەسىلەن: شائىر ئۆمەر مۇھەممەت ئىمىن كىروران «خوتۇن» دېگەن شېئىرىدا:

ئىلاھەن ئەركەكلەرگە،
ياشىماققا ئۇندەپ تۇرغان.
جاھانى سەنسىز خىيال قىلماق تەس،
كەپتەرسەن ھەربىر ئۆيدە ئۈنلەپ تۇرغان.

دەپ يېزىپ ئايالالارنىڭ ئەرلەر قەلبىدىكى ئورنىنى مەردانىلىك بىلەن ئېتىراپ قىلدى. شۇنداقلا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى خوشاللىق دەپ بىلىدىغان ئايالالارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ھالەتنى نامايان قىلدى. شائىرلار گۈزەل پەزىلەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئايالالارنىڭ ئەرلەرنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغان ئاددىي ئىنسان ئەمەس بەلكى، ئەرلەرنىڭ كۈچلۈك تايانچىسى، جەمئىيەتنىڭ تۈۋرۈكى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

يەنە بىر قىسىم شائىرلار دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئايالliq چەمبىرىكىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقان، ئايالالار باراۋەرلىكى ئوقۇمىنى توپ يىلتىزىدىن ئاڭقىرالمايۋاتقان، ئايالالار ئەركىنلىككە نىسبەتەن خاتا تونۇشتا بولۇپ، ئايالliq خاراكتېرى سۇسلىشىۋاتقان ئايالالارغا قارىتا ئايالliqنى ئىزدەش خاراكتېردىكى شېئىر مىسرالارنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ خىل ئىزدىنىش شېئىرلاردا مۇۋاپىق ئورۇن تېپىپ، ئايالالارنىڭ ئۆزىگە قايتىشىدىكى

ئۆرنەك بولۇپ قالدى. شائىرە ئايسىمە ئىدرىس «ھەقىقىي ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار» ناملىق شېئىرىدا:

ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار
ھەقىقىي ئايال
تاختا - نوغۇچ كۈلسە مەن بىلەن
قازان - قومۇچ كۈلسە مەن بىلەن
تەملىك بولۇپ ئوخشىسا تاماق
ئەگەشتۈرۈپ، ئوماققىنا بالىلىرىمنى
مەيلى ئىدى، چامغۇر يۇلسامۇ
تۇزۇم كەملىسە
قوشنىلاردىن سورىسام ئازراق
ھەققىگە
سۇنۇپ بەرسەم بىر قاچا تاماق
ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاش
ئىللىققىنا بولغانچە ئاداش
دەپ ئايالىم ئەجەپ كۆيۈمچان
ئېرىم قەلبىنى كۆيدۈرسە
مەيلى ئىدى،
جاپالاردىن تۆكسەم ياش
ئانا ئاش
«... ئانا ئاش
تۇزى سەل كەم»
تىتىپتۇ ئوتياش
ئىھ، سۆيۈملۈك، سۆيۈملۈك
سۆزلەر،
ئاياللىقىمنى تونۇتقان سۆزلەر
مۇھەببەتكە باشلىغان سۆزلەر
... يۈرەكلەرنى ياشناتقان سۆزلەر

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق ئاياللىققا قايتىدىن باھا بەرگەن بولسا، مۇھەممەد رەھىم، مۇھەممەتجان راشىدىن قاتارلىق شائىرلارمۇ ئاياللارنىڭ رىستوران چۈشى، كىيىم - كېچەك قىزغىنلىقى، گىرىم بۇيۇملىرى ھەۋىسى، قاتار چاي ۋەسۋەسىلىرىگە ئائىلە مېھرىنىڭ تاتلىق كۈلۈمسىرەۋاتقان تىلەكلىرى ئارقىلىق جاۋاب بېرىپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەر - ئاياللىرى ئورتاق ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىنى شېئىر مىسرالىرىغا سىلىققىنە كىرگۈزۈپ ئاياللارنىڭ ئىنچىكە ئويلىنىپ بېقىشىغا سۇندى.

3. قىزلارنىڭ ياشلىق تىلەكلىرى، مۇھەببەت سەزگۈلىرى، ھايات قاراشلىرى ۋە تۇرمۇشتا بولغان ئىنتىلىشلىرى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمىغان تۈستە ئىپادىلەندى. ئىلگىرىكى شېئىرلاردا قىزلار پەقەت گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى، ئۆزىنى ياخشى كۆرگەن ئاشىقنىڭ مەشۇقى سۈپىتىدىلا تەسۋىرلىنىپ، قىزلارنىڭ كۆڭۈل سىرلىرى پىنھان تۇتۇلاتتى. قىزلار پەقەت سۆيۈلگۈچى سۈپىتىدە ۋىسالنىڭ يىراق بىر چېتىدىكى ھىجران مۇڭلىرىغا ئورالغان غايىۋى ئوبراز بولۇپ قالاتتى. بۈگۈنكى يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ قىزلارمۇ شېئىرلاردا ئۆزگىچە ئۇسلۇپتا نامايان بولدى. ئۇلار سۆيۈلگۈچىلا ئەمەس، بەلكى سۆيۈش ئەركىنلىكىگە ئىگە ھەقىقىي ئادەم سۈپىتىدە كونكرېت ئوبرازلارغا ئايلاندى. بۇ خىل ئالاھىدىلىك يېڭى دەۋردە قىز - ئايال شائىرلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى بىلەنلا ئىپادىلىنىپ قالماي بەلكى قىزلارنىڭ دادىل ھالدا تۇرمۇشتا، جەمئىيەتتە يۈزلىنەلىگەنلىكى بىلەنمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. 90 - يىللارنىڭ بېشىدا چىمەنگۈل ئاۋۇت، گۈلئەنبەر يۈسۈپ، ئايسىمە ئىدرىسلار قەلبىدىكى سىرلىرىنى تارتىنىپ تۇرۇپ ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلغان بولسا، 90 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە رىسالەت مەردان، ھاياتنۇيۇس مۇھەممەتلەر ئۆز تۇرمۇشىدا

ئۆزىگە تەۋە بوشلۇقتا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ:

ئۆيدىن چىقىپ كېتەي،
ماڭا كېرەك ئەمەس ھېچنېمە.
ئائىلە ۋە تۈگىمەس ئىشلار،
ئورمانلىقتا باراي بۇ قېتىم
سايراپ تۇرغان بولسا ـ ھە، قۇشلار؟!

دەپ قىزلارنىڭ قەلب پىنھانلىرىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېگىلىكتا، ئەركىنلىكتە بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى، تەبىئەتكە، ساپ تۇيغۇلارغا بولغان ئەڭ نازۇك ئىنتىلىشلىرىنى «ئۆيدىن چىقىپ كېتىش» (رىسالەت مەردان) بىلەن ئىپادىلىدى. بۇ يەردىكى تۇيغۇ ھەرگىزمۇ قىزلارنىڭ ئەنئەنىگە، ئۆرپ ئادەتكە بولغان قارشىلىقى بولماستىن، بەلكى ئۆزىگە تەۋە بولغان مۇستەقىللىق، باراۋەرلىكنى، ئۆزىگە خاس مەنىۋى دۇنيانى ئىزدىشىدۇر.

بۇ خىل ئۆزگىچىلىك ئەرلەرنىڭ قەلىمىدە باشقىچە ئىپادىلەندى. ئۇلار قىزلارنى مەدھىيەلىگەندە ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى مىللەتنىڭ ئانىلىرى ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارغا ئاددىي باھا بېرىپ قويماستىن، ئەڭ يۈكسەك نەزەر بىلەن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن تەبىئىي گۈزەللىكنى، نەپىسلىكنى، نازۇكلۇقنى ئىزدەپ ئۇلارنى چىن مېھرى بىلەن مەدھىيەلىدى. ھەتتا ئۇلارنى سۆيمەسلىك، ئۇلارنى چۈشەنمەسلىك، ئۇلارنى خارلاشنى جىنايەت دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا دۇنيادىكى بارلىق گۈزەللىكنى مۇجەسسەملىدى. شائىر ئابدۇقادىر جالالىدىن:

سەن زېمىنغا تۆرەلگەنمۇ پەرىدىن،
مۇھەببەتنىڭ ئالقىنىغا تەگلىنىپ.
مەگزىلىرىڭ قىزارغانمۇ، پەرىدە،
تاڭنىڭ ئوتقاش شەپىقىدىن رەڭلىنىپ.
تىترىتىدۇ شىردەك قاۋۇل بەدەننى،
بىر جۈپ شەھلا كۆزلىرىڭنىڭ جۇلاسى.
بولسىمۇ گەر خۇدا سېنى ياراتقان،
بىراق ئۆزۈڭ گۈزەللىكنىڭ خۇداسى.

دېيىش ئارقىلىق ئەرلەر نەزەرىدىكى قىزلارنىڭ ئوبرازىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن بولسا، شائىر ئەزىزى:

ئاقار قۇمدەك نەپەسلىرىڭدە،
ئەكس ئېتەر شەرقنىڭ ئىزى.
سەن يۇلتۇزغا ئاسمانسەن تەنھا،
سەن ئاسماننىڭ تەنھا يۇلتۇزى.

دېگەن مىسرالارغا قەلب مىننەتدارلىقىنى جەملەپ، ئاياللارسىز دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ مۇمكىنسىزلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاياللارنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى مۇھىملىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. يەنە بىر قىسىم شائىرلار بولسا ئاياللارنى مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغۇچى، داۋاملاشتۇرغۇچى ۋە ئۇنى ئۆز ۋۇجۇدىدا نامايان قىلغۇچى دەپ بىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ خىسلەتنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى، ئۆزىدىكى بار بولغان ئەۋزەللىكنىڭ قەدرىگە يېتىشنى، بۇ ئارقىلىق ئۆز قىممىتىنى تېخىمۇ نامايان قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. روزى سايىت، مۇھەممەتجان راشىدىن، ئوسمانجان ساۋۇت، غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت، مۇتەللا قىرانى قاتارلىق شائىرلار «ئۇيغۇر قىزى». «كېسىۋەتمە ئۆرۈمە چېچىڭنى» ، «سەھرا قىزى» ، «يىراقتا بار بىر قىز شۇنداق» قاتارلىق شېئىرلىرىدا قىزلارغا قويىدىغان مەنىۋى تەلىپىنى، ئارزۇ ئىستىكىنى:

ئەركىگە قوي چېچىڭ بەلدە سويلىسۇن،

شەيدا كۆزلەر قاراپ تويمىسۇن،
تاڭ سەلكىنى ئۇنى تاراپ ئويىنىسۇن،
كۆز تەگمىسۇن، بىزنى دەرتتە قويمىسۇن،
كەسمە ئاشۇ ئۆزۈن ئۆرۈمە چېچىڭنى!

دېگەندەك مىسرالار بىلەن ئىپادىلەپ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئاشۇ گۈزەللىكىنى، ئەخلاق پەزىلىتىنى قىزلارنىڭ غۇرۇرى، ئەرلەرنىڭ پەخرى دەپ بىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى خار قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە مىللەتنى ۋە ئۆزىنى نابۇت قىلىش بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئاسراش، كۆيىنىش لازىملىقىنى سەمىمىي ئەسلىتىپ ئۆتتى.

ئىزدىنىش ئىچىدىكى يېڭى دەۋر ئاياللار ئەدەبىياتى پىروزىدىلا ئەمەس يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك شېئىرىيەتتىمۇ ئاز بولمىغان يېڭىلىق، مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ باشلىنىشى بىرقەدەر تار، ئاددىي بولغان بولسا، يىللار ئۆتۈشىگە مول مەزمۇن، ئۆزگىچە شەكىل، يېڭىچە ئۇسلۇب، هاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. بۇنىڭ تورتكىسىدە ئاياللار ئەدەبىياتى پېشقەدەم ۋە ياشلاردىن تەشكىللەنگەن، ئەتراپلىق كۆرىتىش ماھىرىتىگە ۋە كەڭ نەزەر دائىرىگە ئىگە جەڭگىۋار قوشۇنغا ئىگە بولدى. ئىشىنىمىزكى، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان دەۋر قەدىمى كېيىنكى قەدەمدىكى ئاياللار ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ يۇكسەك پەللىگە باشلىغۇسى!

## پايدىلانمىلار

1. ئازات سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

2. 刘建军《20世纪西方文学》，高等教育出版社 2009 年 9 月第一版.

3. مۇھەممەتجان راشىدىن: «هايات دېگەن مانا شۇ» ، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

4. تاھىر تالىپ: «خەير ياشلىقىم» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

5. ئۆمەر مۇھەممەت ئىمىن كىروران: «كۆيۈك مەڭگۈ تېشى» ، شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

6. ئەزىرى: «ئاشىق رىۋايىتى» ، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

7. ئابدۇقادىر جالالىدىن: «كۆيگەن دېڭىز» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

8. روزى سايىت: «ئانا تىلىم ـ زەر تىلىم» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

9. ئايسىمە ئىدرىس: «دېرىزىنىڭ يېنىدىن كەتتىم» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

10. ‹تەڭرىتاغ› ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 5 ـ سانى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى

31 - يىللىق 4 - سان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 第 31 卷第 4 期
2010 - يىلى 12 - ئاي 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 2010 年 12 月

ماقالە نومۇرى: 10—113—04(2010)5878—1005

# كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىمىز توغرىسىدا ئومۇمىي تەھلىل*

ئەنۋەر رەھىم
(شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى كىنو - تېلېۋىزىيە - تىياتىر فاكۇلتېتى، ئۈرۈمچى. 830001)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكى توغرىسىدىكى تەبىر - تەلىماتلار، تەنقىدچىلىكىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ۋە تەنقىدچىلىكىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش، تەسىرىنى كۈچەيتىش، «كوللېكتىپ ئېڭى» مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىنى بەرپا قىلىش ھەققىدىكى تەسىرات، مۇلاھىزىلەر شەرھلىنىدۇ.

**摘要**：本文阐释电影电视评论的定义和学说，指出电影电视评论中存在的一些问题，就发展电影电视评论、增强电影电视评论的权威影响、营造"集体意识"文化生态谈自己的看法。

**Abstract**: In this article, the author illustrates the definition and theory of film and television reviews and points out some existing problems in film and television reviews. He also puts forward his own viewpoints about some of the issues to the development of film and television reviews, the enhancement of the authority of film and television reviews, and creation of a "collective consciousness" on cultural ecology.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I0 ماتېرىيال بەلگىسى: A

كىنو تېلېۋىزىيە سەنئىتى ئىجادىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ كىنو تەنقىدچىلىكىنىڭ كىنو تەتقىقاتى سىستېمىسىدىكى مۇھىم رولى بارغانچە گەۋدىلەنمەكتە. ئەمما ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىدە ھەقىقىي كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىد ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايۋاتىمىز ياكى ئاز - تولا ئاڭلىساقمۇ ئاجىز بولغاچقا ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەلمەيۋاتىدۇ.

تۆۋەندە ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا بولۇپمۇ شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىمىزنىڭ تېزراق يۈكسىلىشىگە بولغان تەخىرسىز ئارزۇ - تىلىكىمىزنىڭ تۈرتكىسىدە كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكى توغرىسىدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان تەبىر - تەلىماتلار، تەنقىدچىلىكىمىزدە ساقلانغان بېتەرسىزلىكلەر، كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىمىزنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان تەنقىدچىلىكىمىز ھەققىدىكى تەسىرات، مۇلاھىزە، چۈشەنچىلىرىمىزنى كەسىپداشلار

* بۇ ماقالە 2010 - يىلى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
ئاپتور: ئەنۋەر رەھىم (1963 - يىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تۇرپاندا تۇغۇلغان)، لېكتور، كىنو - تېلېۋىزىيە - تىياتىر ئوقۇتۇشى ۋە تەنقىدچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ۋە دوستلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمىز.

## 1. كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكى توغرىسىدا ئومۇملاشقان تەبىر ـ تەلىماتلار

بىز كىنو ـ تېلېۋىزىيە نەزەرىيەۋى تەتقىقاتىنىڭ ئۇزاق تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلغىنىمىزدا كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدىنى ھەر خىل تەبىرلەشكە بولىدىغانلىقىنى، تۆۋەندىكى قاراشلارنىڭ بىرقەدەر ئومۇملاشقانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدى فىلىمدىن زوقلىنىش، فىلىمنى چۈشىنىش جەريانى. كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدى بىر خىل ئىدىيەۋى ئاڭنىڭ ئۆزلۈك ئىپادىلىنىشى، ئۇ تەنقىدچىنىڭ بىۋاستە تۇيغۇسى، ھېس قىلىشىنىڭ تەپسىلىي، ئىنچىكە، كونكرېتلىشىش جەريانى، ئۇ تەنقىدچىنىڭ كۈچلۈك سۇبيېكتىپ ئېڭى بىلەن تويۇندۇرۇشنى ئاساس قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كەڭ ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، ھەمدە كىنو ـ تېلېۋىزىيە كەسپى بويىچە بەس ـ مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشتىكى ئاساسىي ئۇسۇلىمىز بولالايدۇ، ئۇ يەنە كىنو ـ تېلېۋىزىيە تارىخىنى ۋە نەزەرىيەسىنى چۈشەنگەن، ئىگىلىگەنلىكىمىزنىڭ گەۋدىلەندۈرلۈشى بولۇشى كېرەك.

كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدى فىلىمنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىگىلىشىمىزنىڭ نەزەرىيەۋى بايانى ۋە كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئىدىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشى، يېڭىلىنىشىغا تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىنىڭ قانداق يۆنۈلۈشتە راۋاجلىنىشىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەمما بىزنىڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىمىز ئاساسەن تارىخىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئانچە ئەتراپلىق، چوڭقۇر بولمىغان تەھلىل ۋە مۇنازىرىلەر بىلەنلا چەكلەنگەچكە، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجاد قىلىشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بولغان بىۋاستە مۇناسىۋىتى ئانچە زىچ بولمىغاچقا، دىققەت ئېتىبارىمىز كىنو ـ تېلېۋىزىيەنىڭ ئۆزلۈك ئالاھىدىلىكىگە قارىتىلمىغاچقا تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يۈزەكىلىك ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، كىنو ـ تېلېۋىزىيەنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە مۇھاكىمە ـ ئانالىز ئېلىپ بېرىشىمىزغا مۇمكىن بولماي ۋاتىدۇ.

كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكى ئېلىپ بېرىشتا ئالدى بىلەن تەنقىدچىدىن كىنو ـ تېلېۋىزىيەنىڭ ئۆزلۈك ئالاھىدىلىكى، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئېڭى، ئېستېتىكىسى، نەزەرىيەسى، تېخنىكىسى ۋە ماھارىتى قاتارلىق جەھەتلەردە بىرقەدەر ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ تەلەپلەرگە ئۇيغۇنلاشمىغاندا تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يۈزەكىيلىكتىن ھالقىپ كىنو ـ تېلېۋىزىيەنىڭ ئۆزلۈك ئالاھىدىلىكىگە يۈزلىنىش مەقسىتىمىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇن تەنقىدىي باھالىرىمىزدا كەسپىي نەزەرىيەۋى تەنقىد، تەتقىقات كەمچىل.

تەنقىدچىلىك كەسپى كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىمىنى كۆرۈش (ئانالىز قىلىش)، ئويلىنىش (تەپەككۇر قىلىش)، تەھلىل قىلىش، مۇلاھىزە قىلىش، يەكۈنلەش (يېزىش) جەريانى شۇنداقلا بىر خىل بەدىئىي تۇيغۇ جەريانى، پىسخىك زوقلىنىش جەريانى، ئۆزلۈك ھېس قىلىش جەريانى. شۇنىڭدەك كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكى كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىمى توغرىسىدىكى تەپەككۇر ئىزدىنىشىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدىن ئىبارەت.

كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدىدە «تەنقىد» لەش، ئىنكار قىلىش بىلەن بىرگە بەدىئىي تەشەببۇس ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئوبزورچىلىقى بولسا كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە مەغلۇبىيىتى توغرىسىدىكى مۇلاھىزە، تەھلىل، باھادىن ئىبارەت. «فىلىم» تەنقىدچىلىكى «سانىيىر» لەشكەن تەھلىل ئەمەس، شۇڭا ئىجادىيەت ۋاسىتىسى، تەسۋىرىي ئېلېمېنتلىرى توغرىسىدىكى كونكرېت تەھلىل بىلەن چەكلەنمەسلىكى كېرەك. شۇنداقلا مەلۇم فىلىم توغرىسىدىكى تېخىمۇ «چوڭقۇر» تەتقىقات ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى ئىدراكلاشقان ـ كەسپلەشكەن ئۆتكۈر مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇشى كېرەك.

بەدىئىي تەنقىد — بىر خىل ئالاھىدە سەنئەتلىك تارقىتىش ئۇسۇلى. بەدىئىي تەنقىد جەريانىدىكى ئېستېتىك ھېس قىلىش مۇرەككەپ فىزىئولوگىيەلىك ۋە پسىخولوگىيەلىك پائالىيەت جەريانى، تەنقىدنىڭ ئۆزى تېخىمۇ كۆپ قەلب چوڭقۇرلۇقىنىڭ ھېس قىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

نەزەرىيەۋى تەتقىقات فىلىم ئىجاد قىلىش تەتقىقاتىغا، تېخىمۇ مۇھىمى كىنو ـ تېلېۋىزىيە تېخنىكا

ماھارىتى، قانۇنىيىتى، جەھەتتىكى تەتقىقاتقا موھتاج.

كىنو - تېلېۋىزىيە نەزەرىيەسى ۋە تەنقىدچىلىك تەتقىقاتى جەريانىدا، كىشىلەر كۆپ ھاللاردا بىر خىل ئالاھىدە بەلگىلىنىپ قالغان ئۇسۇل، ياكى مەلۇم قاراش ئاساسىدا چۈشىنىش، ئانالىز قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، يەنى ماركسىزم نەزەرىيەسى، بەلگە ئىلمى، تىل ئىلمى، پسىخولوگىيە ئىلمى، ئاڭ فورماتسىيەسى تەنقىدىي قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى پەقەتلا كىنو - تېلېۋىزىيە نەزەرىيەسى ۋە تەنقىدىي تەتقىقاتتىن ئىبارەت. ئەمما بىزدە تەنقىدچىلىك ئۇسۇللىرى تېخى قوللىنىلغىنى يوق. تەنقىدچىلىكتە — كەسپىي بىلىم، جۈرئەت، دادىللىق تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ نەزەرىيەۋى قارشىنىڭ شەرھلىنىشى، فىلىمدە ئىپادىلەنگەن خاھىش ۋە مەنىۋىلىكنى ئىنكار قىلىش ياكى مۇئەييەنلەشتۈرۈش جۈرئىتىنىڭ بولۇشى، فىلىمدە ئىپادىلەنگەن باش تېما ھەققىدىكى ئوخشىمايدىغان قاراشلارنى مۇنازىرە قىلىش جۈرئىتىنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 2. كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر

نۆۋەتتە ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتى، نەزەرىيەسى ۋە بازىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋىتى ئىلگىرىكىدىنمۇ يىراقلاشماقتا. كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتى تېخىچە ئىزدىنىش باسقۇچىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن، ئىلگىرىلىمەيۋاتقان ئەھۋالدا تەنقىدنىڭ ئاۋازى، ئورنى، رولى، مەسئۇلىيىتى، تەسىرى، تەنقىدىي تەپەككۇر تېخىمۇ ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىنى «ئۆزى ئۆلۈغ، سۆپۈرسى قورۇق»، «جىسمى بار، جېنى يوق» دېيىشكە بولىدۇ. نۆۋەتتە ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە نەزەرىيەسى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە قىزىققۇچىلار ئارىسىدا تۆۋەندىكى قاراش بىر قەدەر ئومۇملىشىپ قالدى، يەنى ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىنىڭ تا ھازىرغىچە «ئىزدىنىش» باسقۇچىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكىدە كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ مەلۇم مەسئۇلىيىتى بار. كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ راۋاجلىنىش مۇساپىسىنى ئەسلىگىنىمىزدە XX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلىنىپ 90 - يىللارنىڭ ئاخىرغىچە بىر قەدەر جانلىنىپ، ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا مەلۇم ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، 21 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئۈمىد قىلغىنىمىزدەك يۈكسىلىش بولمىدى. تەنقىدچىلىكىمىز ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيەت - مەجبۇرىيەتلەر ئادا قىلىنمىدى. تا ھازىرغىچە مۇكەممەل تەنقىدچىلىك ئومۇمىي كەيپىياتىنىڭ شەكىللەنمىگەنلىكىدە، ئەلۋەتتە كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىش - يۈكسىلىش بولمىغانلىقى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئاساسىي سەۋەب يەنىلا تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ كەسپىي تەنقىدىي «ئۇنۇم»ىنىڭ جامائەتكە ۋە ئەمەلىي ئىجادىيەتكە بولغان تەسىرىنىڭ كۈچلۈك بولمىغانلىقىدىن بولدى.

كەسپىي تەنقىدىي «ئۇنۇم»ى ۋە ئەمەلىي ئىجادىيەتكە پايدىلىق تەسىرىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، مۇستەقىل تەپەككۇر ۋە كەسپىي تەنقىدنىڭ نوپۇزى تىكلەنمىدى. شۇنىڭدەك ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتى تېخى مەخسۇسلاشقان فىلىم ئىشلىگۈچى، رېژىسسور، سىنارىست، ئوپېراتور، گۈزەل - سەنئەت لايىھىلىگۈچىسى، كومپوزىتور، سۈنتچىك، فىلىم تارقاتقۇچى، باھالىغۇچى ۋە تەنقىدچىلەردىن تەركىب تاپقان رىقابەتكە، تەسىرچانلىققا ئىگە مۇستەقىل ئىجادىيەت «كوللېكتىپ ئورتاق ئېڭى» — ئومۇمىي كەيپىياتىمۇ شەكىللەنمىدى. ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىمىز بىر مەزگىل خېلى جانلانغان بولسىمۇ، ئەمما شەخسلەر مەبلەغ سالغان تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىجادىيىتىنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەردىن توختاپ قېلىشى بىلەنلا، خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بۇرۇقتۇرمىلىق، تۇرغۇنلۇق ھالەتكە دۇچ كەلدى. تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ كەسپچانلىق نوپۇزىنى تىكلەشكە ئۈلگۈرەلمىدۇق. خۇددى داڭلىق، مەشھۇر، تالانتلىق، نوپۇزلۇق كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئەتكارلىرىمىزدىن پەخىرلەنمەكچى بولغاندا كېكەچلەپ قالغىنىمىزغا ئوخشاش، ئۆتكۈر پىكىرلىك تەنقىدچىلىرىمىزدىن ماختىناقچى بولغىنىمىزدا تەمتىرەپ قېلىۋاتىمىز.

نۆۋەتتە ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكى يەنىلا كىنو - تېلېۋىزىيە تارىخى ۋە نەزەرىيەسى تەتقىقاتىغا ئوخشاشلا ئاجىز ھالەتتە تۇرماقتا. تەكشۈرۈشىمىزگە ئاساسلانغاندا، بىرىنچىدىن، ئورتاق ئەھمىيەت بېرىش (گېزىت، ژۇرناللاردا يېتەرلىك سەھىپە بېرىلمىدى) كەمچىل، ئىككىنچىدىن، تەتقىقات قوشۇنى

شەكىللەنمىدى، مەخسۇس ئىشتىراكچىلارمۇ بەك ئاز. ئۈچىنچىدىن، كەسپىي گېزىت ـ ژۇرنال تەسىس قىلىنمىدى. باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقتىن كىنو ـ تېلېۋىزىيە ھەققىدىكى بىردىنبىر مەخسۇس ژۇرنال «تەڭرىتاغ ئېكرانى» ژۇرنالدىن گېزىتكە چۈشۈپ، گېزىتتىن بىراقلا توختىتىلدى. ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن «شىنجاڭ سەنئىتى» تەھرىراتى بۇ خىل بىنورمال، پاسسىپ ھالەتنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە «تەڭرىتاغ ئېكرانى»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ، ئەگەر ئەمەلگە ئېشىپ قالسا شىنجاڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالاھىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىشى مۇمكىن.

نۆۋەتتە تەنقىدچىلىكىمىز دۇچ كېلىۋاتقان كىنو ـ تېلېۋىزىيە ساھەسىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنى تەكشۈرۈش ئاساسىدا، تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

**1) تەنقىدىي ماقالىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە سۇبيېكتىپلىق ۋە شەخسىي قاراش خاھىشى بىرقەدەر ئېغىر**

بىر قىسىم كۆرۈرمەنلەر ۋە زوقلانغۇچىلارنىڭ چۈشەنچىسىدە، تەنقىدچىلىكتىكى زىيادە سۇبيېكتىپلىق ناھايىتى زىيانلىق دەپ قارالماقتا. سۇبيېكتىپلىققا زىيادە بېرىلگەندە، كۆپ ھاللاردا ئوبيېكتىپ ۋە كەسپىي ئۆزلۈك، ئۆلچەملەشكەن تەھلىل، مۇلاھىزە چەكلىمىلىككە ئۇچرايدۇ. نەتىجىدە بىر تەرەپلىمە ھۆكۈم چىقىرىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭدەك، ماقالە چوڭقۇر مەنىۋىلىككە ئىگە بولسىمۇ، فىلىم ئىشلىگۈچىلەردە نىسبەتەن «ئەرزىمەس تاپا ـ تەنە» ياكى ئىجادىيىتىمىزگە ھېچقانداق پايدىلىق تەرىپى يوق قۇرۇق نەزەرىيەۋى «سۆز ئويۇنى» ئىكەنغۇ، دېگەن خاتا چۈشەنچىنى پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

**2) كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتى، تېخنىكىسى ۋە ماھارىتى توغرىسىدىكى تەنقىدلەر بەكمۇ ئاز**

كىنو ـ تېلېۋىزىيەنىڭ ئالاھىدىلىكى ـ كۆپ تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغاچقا ئىجادىيەت جەريانىدىكى تېخنىكىلىق، سەنئەتلىك قاتلىمىدىكى يېتەكلەشنىڭ بولۇشىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. بىزنىڭ تەنقىدىي مۇلاھىزىلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى، پەقەت مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىك قاتلىمى بىلەنلا چەكلەنگەن، ۋاھالەنكى تېخىمۇ چوڭقۇر قاراتمىلىققا ئىگە ئىلمىي تەھلىل، ئوبيېكتىپ ئىزاھات كەمچىل.

**3) فىلىم ئىشلەش كەسپى توغرىسىدىكى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئىلمىي مۇلاھىزە، شەرھلەش كەمچىل**

نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، فىلىم ئىجاد قىلىش بىلەن تەنقىدچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش، چۈشىنىش، سۆھبەتلىشىش پەقەتلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان. گەرچە تەنقىدچىلىكىمىزدە سۇبيېكتىپلىق بىرقەدەر گەۋدىلىك بولسىمۇ ھەقىقىي مۇتلەق «ئوبيېكتىپلىق» ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىلمىگەن. ئەلۋەتتە، نەزەرىيەۋى مەسىلىنى تەتقىق قىلىش كۈچلۈك سۇبيېكتىپلىق ۋە شەخسىي ئىرادە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدىمۇ تەتقىقاتچىنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ سۇبيېكتىپچانلىقى ئەسلىدىنلا بىرقەدەر كۈچلۈك بولىدۇ، شۇنىڭدەك سەنئەت ئىجادىيىتىدىمۇ خاسلىق ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ، باشقا سۇبيېكتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، ئەندىزىسىنى چەتكە قاقىدۇ. گەرچە تەنقىدچىنىڭ ئاڭلىق ھالدا مەلۇم كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسىرىنى ئوبيېكتىپ گەۋدە سۈپىتىدە تاللىشى، تەنقىدچىنىڭ مەلۇم تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىش جەريانى ئىدىيە ۋە ئاڭدىكى سۇبيېكتىپلىقتىن ئايرىلالمىسىمۇ، تەنقىدچى تاللىغان تەتقىقات ئوبيېكتى روشەن ئوبيېكتىپلىققا ئىگە بولغاچقا بىزگە تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولغىنى بىر خىل كەسپىي تەنقىدچىلىك. چۈنكى كەسپىي نەزەرىيە بىلەن ماھارەت جەھەتتىكى تەنقىدچىلىك كەسپى تاللاشچانلىققا ئىگە بولغاچقا، فىلىم ھەققىدىكى بىلىشكە ئاچقۇچلۇق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 3. كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىمىزدىمۇ «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىشى» كېرەك

**1) تەنقىدچىلىك ئالدىن كۆرەرلىككە ۋە يېتەكلەش قىممىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك**

ئالدىن كۆرەرلىك خاراكتېرىدىكى تەنقىدچىلىكتە بەدىئىي تىل ۋە ئېستېتىك نۇقتىدىن مۇھاكىمە قىلىش، مۇلاھىزە قىلىش، كۆرسەتمىلەرنى شەرھلەش ئاساس قىلىنىدۇ. نۆۋەتتە ئىزدىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان

ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتى بۇ جەھەتتىكى كۆرسەتمىلەرگە شۇنچىلىك موھتاج بولسىمۇ، ئەمما، بىزنىڭ مۇلاھىزە، مۇنازىرە تەكلىپلىرىمىز تولىمۇ ئاز ھەم ئاجىز بولدى. بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىمىز كۈچەيگەنچە بۇگۈنكى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋەزىيىتىدە مەدھىيە ئۇسلۇبى شامىلى بارغانچە كۈچىيىۋاتقان شارائىتتا، كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئاۋازى، تەسىر كۈچى، سالمىقى، ئومۇملىشىشى ۋە يۈكسىلىشى تېخىمۇ قىيىنغا توختىماقتا. ھەممە ئىزدىنىشنىڭ قىممىتىنى بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئۆلچەش خاھىشى بارغانچە يامراپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا مۇشۇنداق تېز، بىۋاسىتە، ئۈنۈملۈك (ئىقتىسادىي پايدا) ئىزدىنىشنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا بېرىلمەي، ئۇيغۇر كىنو - تېلېۋىزىيەسىنىڭ ئەتىسى (مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم رولىنى تونۇپ) ئۈچۈن، بۈگۈنكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمدىن كېچىپ، بوشلۇقنى تولدۇرۇش باسقۇچىدا تىرىشىۋاتقان تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەجرىنىڭ قەدرىگە يېتەرمىزمۇ؟

## 2) تەنقىدچىلىكنىڭ ئەمەلىي تەسىرى ۋە يۈكسەك نوپۇزىنى تىكلەش كېرەك

نوپۇزلۇق تەنقىدچىلىك پۈتۈنلەي سۇبيېكتىپ ئۇسلۇبتىكى شەرھى ئاساسىدا روياپقا چىقىدۇ. بۇ خىل تەنقىد مەخسۇس كەسپىي جەھەتتىن ياكى سۇبيېكتىپ قىزىقىش جەھەتتىن ئېلىپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ. ئەمما بۈگۈنكى كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىمىزدە ئالاھىدە «نوپۇزلۇق» تەسىرگە ئىگە تەنقىدىي تېكىستلەر يوق دېيەرلىك بولدى. جامائەتكە ھەتتا كۆرۈرمەنلەرگە ۋە فىلىم ئىشلىگۈچىلەرگە نىسبەتەن مەنىۋى يېتەكلەش جەھەتتە تەسىرى كۈچلۈك ئەمەس. تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ «نوپۇزى»، «رولى» ئاجىزلاشتى، ھەتتا ئىلمىي تەتقىقات (نەزەرىيىۋىلەشكەن)، كەسپىي مۇنازىرە، مۇزاكىرىلەرمۇ ناھايىتى ئاز بولدى. رايونىمىزدا يېقىندىن ئىشلەنگەن فىلىملەر توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇنازىرىلەرگىمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تەنقىدچىلەر، نەزەرىيەچىلەر تەكلىپ قىلىنىپ، بېيجىڭدا ياكى ئۈرۈمچىدىكى ئېسىل مېھمانخانىلاردا ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان بولدى. كىنو - تېلېۋىزىيە تەتقىقاتى ۋە تەنقىدچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى تەكلىپ قىلىنمايدىغان بولدى. ئەلۋەتتە، رايونىمىزدا كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدىي جەھەتتە ئۇيغۇرلار تېما قىلىنغان فىلىملەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان، ھەر جەھەتتىن تەربىيەلىنىۋاتقان ھەم ئۆتكۈر

مۇلاھىزە، تەھلىلى ئارقىلىق رايونىمىز تاماشىبىنلىرىنى يېتەكلەۋاتقان تەپەككۇر ئىگىلىرى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما بار ئىدى.

«نوپۇزلۇق» تەنقىدنىڭ ئىگىلىرى ئادەتتە كىنو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي خادىملىرى ۋە كەسپىي خادىملار بولۇشى كېرەك. بۇ خىل تەنقىدنىڭ قايىل قىلىش دەرىجىسى پۈتۈنلەي تەنقىدچىنىڭ سەۋىيەسى، سەنئەت ساپاسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەمما رايونىمىزدا نۆۋەتتىكى بازار ئىگىلىكى رېئاللىقىدا بۇ خىل تەنقىدنىڭ بازىرى بولمايۋاتىدۇ، ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ. تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ تەتقىقات قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىلىۋاتىدۇ. تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ «نوپۇزلۇق» تەسىرىنىڭ كۈچىيىشى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشمايۋاتىدۇ، تەنقىدچىلىكىمىزدىن ئايرىلغان فىلىملىرىمىزمۇ تاماشىبىنلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالمايۋاتىدۇ.

## 3) مەدەنىيەت مۇلاھىزىسى خاراكتېرىدىكى تەنقىدچىلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك

بۇ خىل تەنقىدچىلىك پائالىيىتىگە كەم خالىسا شۇ قاتنىشىۋاتىدۇ، شۇنىڭدەك، قاتناشقۇچىلارنىڭ دائىرىسى بارغانچە كېڭىيىۋاتىدۇ، تەسىرىمۇ بارغانچە كۈچىيىۋاتىدۇ. چۈنكى، بۇ خىل تەنقىد نۇقۇل مەدەنىيەت ئىلمى، قىممەت قارىشى ۋە ئاممىۋى ئېستېتىك مۇلاھىزە بولغاچقا، زوقلىنىش، كۆڭۈل بۆلۈش ئەھمىيىتىگە ئىگە. بۇ خىل تەنقىد كىنو - تېلېۋىزىيە كەسپىگە يېقىنلىشىش، بازارغا تايىنىشقا موھتاج. مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكى ئارقىلىق مەدەنىيەت ئىلمى نۇقتىسىدىن كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىگە سەممىمىي كۆڭۈل بۆلگىلى، يېتەكلىگىلى، تەنقىد ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

## 4) كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى تەنقىدچىلىككىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

بۇ خىل تەنقىدنىڭ چىقىش نۇقتىسى پۈتۈنلەي كۆڭۈل ئېچىش نۇقتىسىدىن بولۇپ، ئاساسلىقى كىنو - تېلېۋىزىيەنىڭ كۆڭۈل ئېچىش فۇنكسىيەسى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ ۋە شەرھلىنىدۇ. كۆپ ھاللاردا كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكى «ئىدىيۋىلىك، بەدىئىيلىك، كۆڭۈل ئېچىش»تىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئالاھىدىلىكنى كۆپتۈرۈپ مۇلاھىزە قىلىش، شەرھلەش ئاساس قىلىنىدۇ.

بۇ خىل تەنقىدچىلىكنىڭ ئىككى خىل فورماتسىيەسى دۇنيا كىنو تەنقىدچىلىكىدە بىر قەدەر ئومۇملاشتى.

بىرىنچىسى، كۆڭۈل ئېچىش نۇقتىسىدىن كىنو - تېلېۋىزىيەدە كۆڭۈل ئېچىشقا ئېتىبار بېرىشكە

يېتەكلىنىدۇ. تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئېھتىياجى ھەققىدە ئويلىنىشقا، ئىجادىيەتتە يوشۇرۇن، كۆڭۈل ئېچىش فۇنكسىيەسىنىڭ تولۇق قېزىلىشىغا تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسىتىلىدۇ.

ئىككىنچىسى، بازار ئېھتىياجى نۇقتىسىدىن كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىدە بازارغا ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە كۆڭۈل بۆلۈش تەكىتلىنىدۇ. فىلىمنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى كۆپرەك ئويلىشىشقا يېتەكلىنىدۇ. فىلىم ئىجادىيىتىدىمۇ ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ماسلىشىش، فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنىڭ، تارقاتقۇچىلارنىڭ رايىغا بېقىشتەك «سودىلىشىش» خاھىشى كۈچىيىپ، فىلىملەر بارغانچە سودا ئېلانلىرىغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ.

**5) ئەبجەش تەنقىدچىلىكنىڭ پاسسىپ تەسىرىگە سەل قارىماسلىق كېرەك**

بۇ خىل تەنقىدچىلىككە بۇنىڭدىنمۇ مۇۋاپىق سۈپەت سۆزى تاپالمىدۇق. جەمئىيەتتىكى بۇ خىل «ئاۋاز»نى قانداق تەرىپلەشنى بىلەلمىدۇق. بۇ خىل تەنقىد كىشىدە «يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەيدىغان» ھېسسىياتنى پەيدا قىلىدۇ. كەسپىتىن خەۋەرسىز، مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن، ئۆزئارا مۇناسىۋەتسىز ماقالىلەردىن قوراشتۇرۇلغاندەك تەسىرات پەيدا قىلىپ، ئېستېتىك زوق پەيدا قىلالمايدۇ. ئۇيغۇر كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىدە ئاكتىيورلاردىن باشقا (ئەلۋەتتە ئاكتىيورمۇ ناھايىتى ئاز) مەخسۇس كەسىپ ئوقىغانلار ساناقلىقلا، بۇ ئەمەلىيەتنى ئۇنتىغان ھالدا، كىنو ـ تېلېۋىزىيە كەسپىگە ئىشتىراك قىلغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىدىغان، روھىغا زەربە بېرىدىغان، ھاقارەت قىلىدىغان، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىسىز، خۇددى ئادەم تۇغۇلۇپلا مەلۇم كەسىپنىڭ پىرى بولىدىغاندەك «قوچقاچنىمۇ قاساپ سويسۇن»، «فىلىم ئىشلەيمەن دېگۈچە ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلسا بولمامدۇ؟» دېگەندەك تۈرلۈك ئەسەبىي ئاغزاكىي تىللار قوللىنىلغان باھالارنى ھەر خىل تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىدا (ئاساسلىقى ئىنتوتلاردا)، تور بەتلىرىدە، سۆھبەت سورۇنلىرىدا ئۇچرىتىپ تۇرۇۋاتىمىز. شۇڭا، جامائەت پىكرى ئارقىلىق بۇ خىل تەنقىدچىلىكنىڭ سەلبىي تەسىرىنى ئازايتىشقا، توغرا يۆلىنىشكە يېتەكلەشكە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

## 4. كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئەمەلىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

نەزەرىيەۋى تەلىماتلار ۋە ئۇقۇم ـ چۈشەنچە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىجادىيەت بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش، تەنقىدمۇ بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش، كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدى مەدەنىيەتكە، ئېستېتىكىغا، بازارغا، تېخنىكىغا، سەنئەتكە، ماھارەتكە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كېرەك. ئۇ ئالدى بىلەن فىلىم توغرىسىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىكا جەھەتتىكى چۈشىنىش بولۇپ ئاممىنىڭ زوقلىنىش سەۋىيەسىنى يۇكسەلدۈرىدۇ. كۆرۈرمەنلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ياكى ئازىيىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدىدە فىلىمنىڭ ئىشلىنىشى، ئىجادىيەت ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلىنىدۇ. ھەر خىل كىنو ـ تېلېۋىزىيە ھادىسىلىرى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ، تەنقىدچى بىلەن فىلىم ئىشلىگۈچىنىڭ مۇناسىۋىتى بىرى ئاساس، بىرى قوشۇمچە بولماستىن، بەلكى دەرقەمدە «سۆھبەتلىشىش» مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ.

تەنقىدتىن كۆزقاراش ۋە ئىدىيە ھاسىل بولىدۇ. تەنقىدچىمۇ ئىشلەپچىقارغۇچى، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات ـ تەنقىد (يېزىق)نى سېتىۋالغۇچىلار كىتابخاندۇر. گەرچە تەنقىدچى ئېرىشكەن ئىقتىسادىي كىرىمنى گېزىت ـ ژۇرنال تەمىنلىسىمۇ، ئەمما تەنقىد تېكىستى كىشىلەر تەرىپىدىن ئوقۇلىدۇ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئوقۇلغاندىلا ئۇ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئوخشىمىغان تەنقىد تېكىستىنىڭ كىشىلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەيلى قايسى قاتلام نۇقتىسىدىن بولسۇن تەنقىد ھەققانىي ۋە ۋىجدانىي بولۇشى كېرەك. تەنقىد ھەر تەرەپلىمە بولۇشى، ئىجابىي جەھەتتىكى تەنقىدتە، ۋاستە ئۇسلۇب قاتارلىقلار بولۇپمۇ، ئەسەرنىڭ نەزەرىيىۋى جەھەتتىكى ئەھمىيىتى بىلەن تەتقىقاتتىكى ئەسكەرتىشكە ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە، تەبىرلەشكە تېگىشلىك ئامىللار كۆرسىتىلىشى كېرەك. سەلبىي جەھەتتىكى تەنقىدتە ئەسەرنىڭ ئەڭ مەغلۇبىيەتلىك جايلىرى، يېتەرسىزلىكلىرى نەزەرىيە جەھەتتىن كۆرسىتىلىشى كېرەك. كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدىنىڭ ئۈنۈمى كىنو ـ تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى، بەلگىلەنگەن مۇھىت بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئىجادىيەت ۋە مەدەنىيەت ئېڭى، يەكۈنلەش ماھارىتى، تەنقىدىي ئېڭى بىلەنمۇ

مۇناسىۋەتلىك. كىنو ـ تېلېۋىزىيە تېخنىكا سانائىتىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە مەھسۇلاتى، بازار قانۇنىيىتى بويىچە تۈركۈملەپ ئىشلىنىدىغان مەھسۇلات بولغاچقا، سېلىنما ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇقۇمى، تىجارەت ئىدىيەسى بولۇشى، ئىقتىسادىي پايدا ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىلىشى كېرەك.

**1) كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىدە باھا، مۇلاھىزىلەرنىڭ نوپۇزى يارىتىلىشى كېرەك**

مەلۇمكى كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ رولى فىلىمدىكى مەنىۋىلىك، كۆزقاراش، مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب قاتارلىقلارنى ئانالىز قىلىدۇ. فىلىم ئىشلىگۈچىلەر تەتقىق قىلىنىدۇ. فىلىمدە ئىپادىلەنگەن فورماتسىيە، فىلىمگە سىڭدۈرۈلگەن مەنىۋىلىك، ئىستېتىك تېماتىكا تەھلىل قىلىنىدۇ. ھەربىر كۆرۈنۈشتە ئىپادىلەنگەن راۋاجلىنىش خاھىشى ۋە ماھىيەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بەزى ھادىسىلەر قېزىلىپ، كەسپىي سەنئەتلىك خۇلاسىلىنىپ، قانۇنىيەتلىك نەزەرىيەۋى قاتلامغا كۆتۈرۈلۈپ، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسىتىلىدۇ. بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزدىكى ئۇيغۇر كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكى بىرنەچچە قاتلام بويىچە تۈرتكىلىك رول ئوينىشى كېرەك. فىلىمنىڭ بەزى مەزمۇن، شەكىل ئېلېمېنتلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، تاماشىبىنلار ۋە تارقىتىش ئورۇنلىرىنى قىزىقتۇرۇش رولىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. يەنە بەزى نەرسىلەرنى سىقىپ چىقىرىش، ئىنكار قىلىش قۇدرىتىگە، ئىجادىيەتنى نازارەت قىلىش، فىلىم ئىشلەشكە تەسىر كۆرسىتىش قۇدرىتىگە ھەم كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئوخشىمىغان قاتلاملارغا ئايرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. فىلىمنىڭ ئىجادىيلىقى، تارقىلىشچانلىقى ئىگە ياكى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، شۇنىڭدەك، كەسپىي فىلىم ئىشلىگۈچىلەر ۋە نەزەرىيەۋى تەتقىقات خادىملىرىغا بىۋاسىتە يۈزلىنىپ ئۇلارنى قايىل قىلالىغۇدەك نوپۇزغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىمىز مەيلى قايسى قاتلام بويىچە بولسۇن، ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىشى، فىلىمدە ئىپادىلەنگەن نەرسىلەرنىڭ توغرا يۆنىلىشى كۆرسىتىلىشى، بولۇپمۇ، فىلىمدىكى كۆزقاراش، بەدىئىيلىك، ئۇسلۇب جەھەتتە (فىلىم ئىشلىگۈچى، رېجىسسور، سىنارىست…) سۇبيېكتنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ھەرىكىتىدە قانداق مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقى، يەنى فىلىمدىكى بەدىئىيلىك ۋە مەنىۋىلىكنىڭ قانداق لايىھىلەنگەنلىكى ۋە قانداق تەپەككۇر فورمىسى ئاساسىدا ئىپادىلەنگەنلىكى تەتقىق قىلىنىشى كېرەك. مەلۇمكى كىنو ـ تېلېۋىزىيەدىكى ئىدىيەۋىلىك كۆپ ھاللاردا ئەسەردىكى بەدىئىي تىل سىستېمىسى ۋە قۇرۇلمىسىنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ھەمدە، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى قارىشىغا تەسىر كۆرسىتىش، ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى غىدىقلاش رولىنى ئوينايدۇ. ئەنئەنىۋى كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكى ھەققىدە ئېنچىكە، ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزگىنىمىزدە بەزى كىشىلەرنىڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدىنى بىر خىل سىياسىي مەسىلە ۋە ئىدېئولوگىيە فورماتسىيەسى دەپ قارايدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئەمەلىيەتتە، بۇ پەقەت كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدىنىڭ مەلۇم بىر جەھەتتىكى فۇنكسىيەسىدىن ئىبارەت. سىياسىۋىلىك، كەسپىيلىك بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقماسلىقى كېرەك.

نۆۋەتتە ئېلىمىز ۋە خەلقئارادىكى ھەر خىل كىنو ـ تېلېۋىزىيە نەزەرىيەسى ۋە تەنقىدچىلىكىدە ماركسىزملىق نەزەرىيە ۋە ئاياللار ھوقۇقى نەزەرىيەسىنى قوللىنىش بىرقەدەر كۆپ بولماقتا. چۈنكى بۇ ئىككى خىل نەزەرىيەۋى قاراش ئاساس قىلىنغاندا تېخىمۇ كۆپ دىققەت ئېتىبارىمىز بىۋاسىتە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ جۈملىدىن بەدىئىي ئەسەرنىڭ سىياسىۋىلىقىغا يۈزلىنىدۇ، ھەم مەدەنىيەت، سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكى، رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا تەنقىد، مۇلاھىزە، باھالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەخسۇس (نوقۇل) كەسپىي تەنقىد، بەدىئىي قىممەت قارىشى، بەدىئىي ئۇسلۇب توغرىسىدىكى تەنقىد بولۇشى كېرەك. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ تەنقىدىمىز ئۆتكۈرلۈككە، ئالدىن بايقاشچانلىققا، يىراقنى كۆرەرلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا تەنقىدچىلىكنىڭ «نوپۇزلۇق» تەسىر كۈچى ئاشىدۇ. ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈش، نەپس بېزەش، ئەمەلىي ئاساسى بولمىغان ھەر خىل داغدۇغا پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكمىگەن باھا ـ تەقرىزلەرنىڭ ھەممىسى تەنقىدچىنىڭ نام شەرىپىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، فىلىمنىڭ تارقىلىشىغىمۇ پايدىسىز. تەنقىدچىلىك جەريانى فىلىم ئىشلىگۈچىلەرگە فىلىمدە سادىر بولغان مەسىلىلەرنى ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك. تەنقىدنىڭ تەسىر كۈچى، فىلىم بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتى ياخشى تەرىپىنى سۆزلەشتىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، يېتەرسىزلىكىگە، سادىر بولغان مەسىلىلەرگە سۇلھىي قىلىنماسلىقى، ئۆتكۈر تەنقىد كەم بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئاساسسىز ماختاش، ئاساسسىز تەنقىدلەش بولىۋەرسە

تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئوبرازى، سۆز ھوقۇقى، كەسپچانلىق رولى يوقىلىدۇ. تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ كەسپچانلىقى، ئۆتكۈر قاراتمىلىقى، ئالدىن كۆرەرلىكى، كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ بىر پۈتۈن كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىم تەتقىقاتىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىزنىڭ پۇختا ئاساسى ۋە ھەل قىلغۇچ ئامىلىدۇر.

**2) كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكى بىلەن ئىجادىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تەڭشەش لازىم**

نورمال تەھلىل خاراكتېرىدىن ئېيتقاندا، تەنقىدچى بىلەن فىلىم ئىشلىگۈچىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزئارا نايىنىش، ئۆزئارا مەۋجۇتلۇقنى شەرت قىلىش مۇناسىۋىتىدە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، قوبۇل قىلىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. تەنقىدچى تەنقىدىي مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، فىلىم ئىشلىگۈچى ۋە تاماشىبىنلارنى تەمىنلەيدۇ. فىلىم ئىشلىگۈچى فىلىمنى ئىجاد قىلىپ، تەنقىدچى ۋە تاماشىبىنلارنى تەمىنلەيدۇ. بۇ بىر خىل ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، سېتىش - سېتىۋېلىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەنقىدچى، فىلىم ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە تاماشىبىن مەنىۋى ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتىگە ئىگە. تەنقىد بىلەن فىلىم (ئوخشىمىغان ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئىشلەپچىقارغان) دىن ئىبارەت ئىككى خىل مەنىۋى مەھسۇلاتنىڭ تەسىرى ۋە قوبۇللىغۇچى ئوبيېكتى ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاساسىي مەقسىتىمۇ ئوخشاش، يەنى تەكرار ئالمىشىشتىكى مەنىۋى قوبۇل قىلىش، زوقلىنىش جەريانىدىن ئىبارەت.

بىزنىڭ ئىلگىرىكى قارىشىمىز بويىچە ياكى كۆپ ساندىكى فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنىڭ قارىشىچە، تەنقىدچىلەر فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنىڭ قوشۇمچە ھەمراھى. فىلىم ئىشلەپچىقىرىش بولمىسا، فىلىم تەنقىدچىلىكى بولمايدۇ. تەنقىدچىلىك ئەمەلىيەتتە فىلىمدىكى مۇددىئا ۋە بىر پۈتۈن ئەسەرنى ئىزاھلايدۇ، رېژىسسور، سىنارىست ... قاتارلىق سەنئەتكارلارنىڭ دۇنيا قارىشى، فىلىمنىڭ ئەھمىيىتىنى شەرھلەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر جەھەتتىن كىنو - تېلېۋىزىيە كەسپى ۋە سەنئىتىنىڭ ئۆزلۈك ئالاھىدىلىكى سەۋەبلىك ئادەتتە تاماشىبىنلار زوقلىنىش جەريانىدا بايان قاتلىمى بويىچە بەزى نەرسىلەرنى چۈشىنىدۇ، ئەمما، ئېستېتىك زوقلىنىشى قىيىنغا توختايدۇ. تەنقىدچىنىڭ رولى فىلىمنىڭ نېمىلەرنى دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىش (تەتقىق قىلىدۇ) ھەم فىلىم ئىشلىگۈچىلەرگە ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ بولالمىغان نەرسىلەرنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىش. مانا بۇ بىزنىڭ تەنقىدچىلەردىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق ئىكەنلىكىمىزنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ خىل قاراش ئاساسەن ئېتىراپ قىلىنماقتا. بىزنىڭ نۇرغۇن تەنقىدىي ئەسەرلىرىمىزدە بىر تەرەپتىن تەنقىدىي نەزەرىيىۋى قاراشلىرىمىز ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىدىيىمىز شەرھلەنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تەنقىدىي فىلىم ئىشلىگۈچىلەر بىلەن تاماشىبىنلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش، سۆھبەتلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئويناماقتا. ئەمەلىيەتتە ئىجادىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تەنقىدچىلىك ئىجادىيەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنىڭ تېخنىكىسىنى، ماھارىتىنى، بەدىئىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش رولىغا ئىگە. ئىقتىسادىي ئۈنۈم نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تەنقىدنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى، فىلىمنى ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈش، تاماشىبىنلارنىڭ فىلىمنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش، يېتەكلەش، كۆرۈشكە جەلپ قىلىش، شۇ ئارقىلىق فىلىمنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشىغا تەسىر كۆرسىتىشتىن ئىبارەت، كەسپىي ئەھمىيىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، تەنقىدنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىجادىيەت تەجرىبىسى ۋە مەخسۇس كەسپىي نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى يەكۈنلەشتىن ئىبارەت.

كىنو - تېلېۋىزىيە تەنقىدچىسى كەسپىي قاتلامدىكى ئىجتىمائىي شەخس ۋە جامائەت ئەربابى، دەۋر ۋە مىللەتنىڭ ۋەكىلى، تەنقىدچىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى ۋە كەچۈرمىشى، قىممەت قارىشى، دۇنيا قارىشى، ئىلمىي تەتقىقات سەۋىيەسى ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

تەنقىد پائالىيىتىدە كەسپىي ئۆلچەم بولۇشى كېرەك. تەنقىدچى كەسپىي تەربىيەلىنىشكە قاتناشقان بولۇشى ياكى مەلۇم كەسپىي نەزەرىيىۋى ئاساسى بولۇشى كېرەك. بۇ ئىككى نۇقتا تەنقىدچىنىڭ تەنقىد ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئاساسى بولۇشى ھەمدە فىلىم ئىشلىگۈچى بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلىشى كېرەك. تەنقىدچىدە فىلىمنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش جەريانىدا بىر يۈرۈش كۆزقاراش، ئانالىز، بىلىش شەكىللىنىپ، ئۆزىگە خاس مۇستەقىل نەزەرىيىۋى ئىدىيە بارلىققا كېلىدۇ. بۇ خىل نەزەرىيىۋى ئىدىيە تەنقىدىي ئۇسۇل فورماتسىيەسى، يېزىق شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەندىلا ئىجتىمائىي تەسىرى ئەمەلىيلىشىدۇ.

تەنقىدچىلىكمۇ خۇددى كىنو - تېلېۋىزىيە ئىجدىيىتىگە ئوخشاش بىر خىل جاپالىق ئىجادىي ئەمگەك، تەنقىدچى چوقۇم مۇستەقىل تەپەككۇرغا، مۇستەقىل قاراشقا ئىگە بولۇشى. فىلىم ئىشلىگۈچى ۋە سەنئەتكارغا نىسبەتەن مەلۇم ياردىمى بولۇشى، تاماشىبىنلارغا نىسبەتەن يېتەكلەش، تەربىيەلەش رولىغا ئىگە بولۇشى

كېرەك.

**3) تەنقىدچىلىكنىڭ كەسپىي ئورنىنى تىكلەش ۋە تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىش لازىم**

تەنقىدچىلىك پۈتكۈل سەنئەت پائالىيىتى جەريانىدا زەنجىرسىمان ھالەتتە بولۇپ، نۆۋەتتە ئىككى ئاساسىي قۇرۇلمىسى تەكىتلىنىۋاتىدۇ. بىرىنچىسى، «كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسىرى تەنقىدچىلىكى ۋە تاماشىبىن»، ئىككىنچىسى، «كىنو ـ تېلېۋىزىيە ۋە فىلىم ئىشلىگۈچىلەر». ئەگەر ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلساق، بۇ ئىككى خىل قۇرۇلمىدا تەنقىدچىلىكنىڭ ئاساسىي ئورۇندا ئىكەنلىكىنى، بىراق تارقىلىشتا پاسسىپ ئورۇندا ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. نۆۋەتتە ئېلىمىزدە جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىدە بۇ ئىككى تەرتىپلەشكەن قۇرۇلما پۈتۈنلەي ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلمىدى. فىلىم تارقىتىش ۋە فىلىم ئىشلەشتىكى تەسىرى، رولى، ئورنى جەھەتتىن تەنقىدچىلىكنىڭ بىۋاسىتە مۇناسىۋىتىگە ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، تەنقىدچىلىكنىڭ پەقەت ئەسەرنى چۈشىنىش رولىلا جارى قىلدۇرۇلماقتا.

رايونىمىزدا تەنقىدچىلىك تېخى مەخسۇس كەسىپ سۈپىتىدە شەكىللەنمىدى. فىلىم ئىشلەش قاتلىمى، تارقىلىش، كۆرۈلۈش قاتلىمىدا تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ نوپۇزلۇق رولى شەكىللەنمىدى، يەنى ھوللىۋودنىڭكىگە ئوخشاش «نوپۇزلۇق» «تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ» يۇقىرىغا (تەكشۈرۈش تەستىقلاش ئورگىنىغا) ياكى تۆۋەنگە، (جامائەتكە) فىلىمنى ئىنكار قىلىش ياكى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق فىلىمنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى، ھەتتا تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئالاھىدە تەسىر كۈچى تېخى شەكىللەنمىدى. كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلىگۈچىلەر تەنقىدچىلەرنى تېخى ئۆزلىرىنىڭ باياناتچىسى، كەسپىي تەربىيەلىگۈچىسى دەپ ئېتىراپ قىلمايۋاتىدۇ. تەنقىدچىلىكنى ئىجادىيەت ماھارىتى ۋە بەدىئىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردىمى بولىدۇ دەپ قارىمايۋاتىدۇ، تاماشىبىنلارمۇ تەنقىدىي ماقالىلەردىكى شەرھلەرنى ئانچە ئېتىراپ قىلمايۋاتىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك چۈشەنچىسى ۋە زوقلىنىشىغا كۆپ ياردىمى يوق دەپ قارايدۇ. شۇڭا تەنقىدچىلىكىمىز بىتەرەپ مەيدانىنى مۇستەھكەملىشى، تەنقىدچى، فىلىم ئىشلىگۈچى ۋە تاماشىبىنلار بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلىشى كېرەك.

مەدەنىيەت، نەزەرىيە ۋە تەتقىقات نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە قىلغاندا، تەنقىدنىڭ نەتىجىسى ياكى ئۈنۈمى تەسىرى جەھەتتىن بەلگىلىنىشى كېرەك. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغاندا، ھوللىۋود تەنقىدچىلىكىدەك فىلىملەرنىڭ باھالىنىشى، تارقىلىش ئەھۋالى ۋە كېيىنكى مەھسۇلاتنىڭ ئىشلىنىش ئىمكانىيىتى قاتارلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۆلچەم قىلىنىپ باھالىنىدىغان ۋە فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنىڭ بۇ جەھەتتە ياراتقان تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىدىغان، فىلىمنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەتلەشتۈرۈلۈشى بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجى بىرلەشتۈرۈلۈپ باھالىنىدىغان، مەزكۇر فىلىمنىڭ تەقدىرىگە ھەم كېيىنكى ئىجادىيەتكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان تەنقىدچىلىكىمىز تېخى بارلىققا كەلمىدى. ھوللىۋود تەنقىدچىلىكىدە نەزەرىيەۋى يەكۈن كېيىنكى فىلىم ئىشلىگۈچىلەرگە ئىقتىسادىي پايدا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈنلا بولماستىن، پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىگىلىكىنى بىر خىل مەدەنىيەت جەھەتتىن مول ھوسۇلغا ئېرىشتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ بىر خىل مەدەنىيەت ۋە نەزەرىيەۋى جۇغلىنىش جەريانىدىن ئىبارەت. بىزدىمۇ مۇشۇنداق كىنو ـ تېلېۋىزىيە مەدەنىيەت مۇھىتى يارىتىلسىكەن دەپ ئارزۇ قىلىمىز.

**4) كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا «كوللېكتىپ ئاڭ» بەرپا قىلىش كېرەك**

تەنقىدنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى فىلىم ئىشلىگۈچىلەر ۋە تاماشىبىننى بىۋاسىتە بىر خىل مەدەنىيەت جۇغلانمىسى بىلەن تەمىنلەپ، بىر خىل ئىنتىلىش ۋە نىشان يارىتىپ، ئىشەنچ ـ ئېتىقادنى شەكىللەندۈرىدۇ. تەنقىدچىلىكنىڭ ئورنى قانداق بولۇشى كېرەك؟ شۈبھىسىزكى، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسىرى بىر خىل ئالاھىدە تاۋار، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بازاردىكى ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، تەنقىدىي ئەسەرلەرمۇ بىر خىل تاۋار، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنىڭ تاماشىبىنلار بىلەن ئېلىپ بارغان دىيالوگى جەريانىدا ئىپادىلىنىدۇ. تەنقىدنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تاۋارلىق قىممىتىگە، ئىشلىتىلىش، ئالماشتۇرۇش، شۇنىڭدەك ئېشىنما پايدا يارىتىش، ئۆزگىچە مەنىۋى تەربىيە بېرىش قىممىتىگە ئىگە.

بەزىلەر كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىرى خىلمۇخىل شەخسلەر بولغاچقا تەنقىدىي ئەسەرلەردىكى روشەن سۇبيېكتىپلىق ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى قىممىتىگە تەسىر يەتكۈزەرمۇ؟ دەپ قارىماقتا. ھەقىقىي تەنقىدچىلىككە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەنقىدچىنىڭ سۇبيېكت ئالاھىدىلىكى، تەنقىدى ئېڭى، ئىدىيەسى ئەركىن ئازادە ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما، فىلىم ھادىسى، فىلىم ئۇسلۇبىغا نىسبەتەن مەلۇم ئارىلىق ساقلىنىدۇ. مانا بۇ تەنقىدچىلىك ئىدىيەسىنىڭ مۇستەقىللىقىنى

سافلاشنىڭ مۇھىم شەرتى. كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدىنىڭ توغرا بولۇشى كىنو ـ تېلېۋىزىيە سەنئىتى تېخنىكىسى ۋە كەسپىي بىلىمى قاتارلىقلارنىڭ ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇلۇشى، شۇنىڭدەك ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئاساسى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈپ بەلگىلىنىدۇ.

كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكى مەدەنىيەت تۇرمۇشى، نەزەرىيەۋى ئاساسى ۋە كىنو ـ تېلېۋىزىيە سىستېمىسى تەتقىقاتىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتىدە ھەم كىنو ـ تېلېۋىزىيە تېخنىكىسىنىڭ راۋاجلىنىشىدىن ھەم جەمئىيەتنىڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇنىڭ فۇنكسىيەلىك رولى، دائىرىسى، ئۇنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. تەنقىدنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، چوڭقۇرلۇقىدىن ئىبارەت ئاچقۇچى ئىدىيەۋىلىكىگە مەلۇم دەرىجىدە توسالغۇلۇق قىلىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسالغۇ بولماسلىقى كېرەك. تەنقىدچىلىك تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىگە، كىنو ـ تېلېۋىزىيە تارىخىنىڭ ئۆزگىرىشىگە، فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تەنقىدچىلىكىمىزدە بىر خىل كىرىزىس بارغانچە كۈچەيمەكتە، نۇرغۇن تەنقىدىي ئەسەرلەردە سەممىيلىك، يىراقنى كۆرەرلىك كەمچىل، نە ئارتۇقچىلىقلارنى توغرا، ئەتراپلىق، ئىلمىي مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋايىغا يەتمىگەن، نە يېتەرسىزلىكلەر قايىل قىلارلىق كۆرسىتىلمىگەن، مەدەنىيەت چوڭقۇرلۇقىغا تويۇنمىغان. بۇنداق تەنقىدچىلىك ھالىتى كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى، گۈللىنىشىگە پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، تەتقىقاتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە كېڭىيىشىگىمۇ پايدىسىز. كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىمىزدىكى مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىشتىكى مەقسىتىمىز — تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش، نۆۋەتتىكى پاسسىپ، ئاجىز ھالەتنى ئۆزگەرتىش، كىنو ـ تېلېۋىزىيە بازىرىغا يېقىنلاشتۇرۇش، فىلىم ئىشلەشكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كۈچەيتىش، تاماشىبىنلارنى يېتەكلەش فۇنكسىيەسىنى گەۋدىلەندۈرۈش، كەسىپكە يۈزلەندۈرۈش، سەنئەت ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش، مەدەنىيەت قىممىتىگە ئېتىبار بېرىش، تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا «كوللېكتىپ ئاڭ» بەرپا قىلىش قاتارلىقلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىمىزنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ پۇختا ئاساسىنى يارىتىشتا، ھەممىلەن تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئىجادىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىشىمىز، ھەرگىزمۇ ئىجادىيىتىمىزنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىۋاتقانلىقى سەۋەبلىك تەنقىدنىڭ ئالاھىدە رولىدىن، ھوقۇقىدىن ۋاز كەچمەسلىكىمىز، تەنقىدىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيدىغانلارنىڭ كۆپ ئەمەسلىكى تۈپەيلىدىن، تەتقىقات قىزغىنلىقىمىز سۇسلىشىپ قالماسلىقى كېرەك. تەنقىدنىڭ ئۆزلۈك فۇنكسىيەسىنى، كەسپىي تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىشىمىز، فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنىڭ، تاماشىبىنلارنىڭ پايدىلىق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمەسلىكىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم. ئىشىنىمىزكى تەنقىدچىلىكىمىزنى كۈچەيتىش ئارقىلىق كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىجادىيىتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئالاھىدە تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيمىز ھەم شۇنداق بولۇشقا تىلەكداشمىز.

## پايدىلانمىلار


1. چېن شىخې: «يېڭى دەۋر كىنو نەزەرىيەسىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى»، مەدەنىيەت سەنئەت نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى 3 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.

2. جوۋ جۇڭخۇۋ: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدى ئىلمىي دەرسلىكى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ، 2002 ـ يىلى 11 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.

3. لى داۋشىن: «كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىك ئىلمى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 4 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.

4. چېن شىخې: «كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدى ـ نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى»، شاڭخەي ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 6 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.

5. روبېرت كوللېر: «كىنو فورماتسىيەسى ۋە مەدەنىيەت»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 1 ـ ئاي، بىرىنچى نەشرى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 1005--5878(2010)04--123--05

# ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى قانداق يېزىش توغرىسىدا

شېرىن قۇربان
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** «قىسقىچە مەزمۇن» ئىلمىي ماقالىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ياكى كۆزنىكى بولۇپ، ئۇنىڭدىن پۈتۈن ئىلمىي ماقالىنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى، مەزمۇنى، ماقالىدىكى يېڭىلىق، ئىجادىيەت نۇقتىسى ۋە ئاپتورنىڭ كۆز قارىشىنى كۆرۈۋالغىلى ۋە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. قىسقىچە مەزمۇن ۋەكىللىك قىلىش، باشلاش - يېتەكلەش، تېپىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ رولغا، ئوبيېكتىپلىققا، مۇكەممەللىككە، ئىخچاملىققا ۋە ئۆلچەملىككە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت تۆت چوڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ئىنفورماتسىيەلىك قىسقىچە مەزمۇن، كۆرسەتمىلىك قىسقىچە مەزمۇن، ئىنفورماتسىيەلىك كۆرسەتمىلىك قىسقىچە مەزمۇن ۋە قۇرۇلمىلىق قىسقىچە مەزمۇندىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى يازغاندا، ئىلغاش، ئومۇملاشتۇرۇش، يەكۈنلەش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتور بىلەن مۇھەررىرمۇ مەسلىھەتلىشىپ پىكىردە بىرلىككە كېلىشى لازىم. مەزكۇر ماقالىدە مۇشۇ ھالقىلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要**：论文摘要是学术论文的重要组成部分和窗口，从中可以看到全文的基本思想、内容、创新点以及作者的观点。论文摘要从功能方面看，具有代表、引导、检索等三大作用；从其特点看，具有客观性、复杂性、简明性及规范性；从范围和篇幅来看，可分为信息摘要、标示摘要、信息标示摘要和结构摘要等4种。拟写论文摘要时，应经作者选择、概括、总结。此外，作者还要与编者协商统一意见。本文即论述这些关键问题。

**Abstract**: Abstract is an important part of academic papers from which one can know the main idea, content, innovation, and the author's point of view of the all paper. In terms of its function, abstract has three major roles: representative, guidance, retrieval; In terms of its characteristics, it incarnates objectivity, complexity, simplicity and standardization; in terms of its scope and length, it can be divided into informative abstract, marked abstract, informative marked abstract and structural summary. When drafting abstracts, the authors should carefully and seriously select the content. In addition, the authors and editors should consult a unified view. This author discusses these key issues.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:C932    ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. ئىلمىي ماقالىنىڭ ئۇقۇمى توغرىسىدا

ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى مەسىلىلەرگە قارىتا خۇلاسە - يەكۈن چىقىرىش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، بېرىلىپ ئىزدىنىش ئارقىلىق پەن - تەتقىقات نەتىجىسى

• بۇ ماقالە 2010 - يىلى 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
ئاپتور: شېرىن قۇربان (1952 - يىلى تاشقورغاندا تۇغۇلغان)، پروفېسسور، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى، لوگىكا ئوقۇتۇشى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان ماقالىلەر ئىلمىي ماقالە دەپ ئاتىلىدۇ. ھەرقايسى كەسىپ ساھەسىدە مۇتەخەسسىسلەر ۋە باشقىلار يازغان ئىلمىي ماقالىلەردىن سىرت، ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 3 ـ يىللىقتا يازىدىغان يىللىق دىسسېرتاتسىيەسى، 4 ـ يىللىقتا يازىدىغان ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسى (باكلاۋىرلىق ئۇنۋان ئۈچۈن يېزىلىدىغان دىسسېرتاتسىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئاسپىرانتلىق مەزگىلىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن يېزىلىدىغان ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن يېزىلىدىغان دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى قاتارلىقلارمۇ ئىلمىي ماقالە دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئومۇمەن ئوقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسە، ئىسپاتلاش، رەددىيە بېرىش قاتارلىق لوگىكىلىق تەپەككۇر ۋاسىتىسى ئارقىلىق، ئىلىم ـ پەننىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرى ۋە پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتىدىكى ھەر خىل مەسىلىلەرنى، نەتىجىلەرنى تەھلىل قىلىپ ياكى شەرھلەپ يېزىلغان ماقالىلەر ئىلمىي ماقالە دائىرىسىگە كىرىدۇ. «ئىلمىيلىك» ئىلمىي ماقالىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەركىزى بولسا، «نەزەرىيىۋىلىك» ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلىدۇر.

### 2. ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى توغرىسىدا

ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدىغان ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى يېزىش مۇنداقىسىگىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىش بولماستىن، بەلكى ئۇ بىر چوڭ قائىدە سۈپىتىدە 1999 ـ يىلى دۆلەتلىك ئاخبارات نەشرىيات مەھكىمىسى تەرىپىدىن 17 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى يېزىش توغرىلىقمۇ دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ 1998 ـ يىلى ۋە 2001 ـ يىلى تارقاتقان ھۆججىتى بار. ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاسپىرانتلارنىڭ باكلاۋىرلىق، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن جەزمەن ئىلمىي ماقالە (دىسسېرتاتسىيە) يېزىشى، جۈملىدىن ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئومۇمىيلاشتۇرۇپ يېزىشى بىر چوڭ قائىدە سۈپىتىدە ئاللىقاچان شەكىللىنىپ يولغا قويۇلۇۋاتقان بىر ئىش. ھەرقايسى ئىلمىي ژۇرناللار (جۈملىدىن ھەرقايسى ئالىي مەكتەپنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرى)، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر بۇ قائىدە ـ بەلگىلىمىگە جەزمەن ئەمەل قىلىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. لېكىن ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى قانداق يېزىش، قانچىلىك يېزىش، نېمىلەرنى يېزىش ئوخشاش بولمايۋاتىدۇ. بولۇپمۇ مىللىي تىل ـ يېزىقتىكى ژۇرناللار دۆلەتنىڭ سىياسەت ـ بەلگىلىمىلىرىدىن بىخەۋەرمۇ ياكى تەھرىراتلارنىڭ مۇشۇ ئۆتكەلنى چىڭ تۇتۇش ئېڭى يېتەرسىزمۇ، ئىشقىلىپ، بەزى ئىلمىي ژۇرناللار ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى (جەملىدىن ئاچقۇچلۇق سۆزلەر)نى بېرىۋاتىدۇ. بەزى ئىلمىي ژۇرناللار بەرمەيۋاتىدۇ. بەزى ئىلمىي ژۇرناللاردىكى ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى قالايمىقان، تاغدىن ـ باغدىن، ئاپتورلار قاتلىمى بىلەن مۇھەررىرلەرنىڭمۇ بۇ ھەقتىكى پىكىر ـ قاراشلىرى ئوخشاش ئەمەس، بۇ ماقالىدە مۇشۇ مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

### 3. قىسقىچە مەزمۇننىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە ئالاھىدىلىكى

بىز يۇقىرىدا قىسقىچە مەزمۇننىڭ فۇنكسىيەسى زور، ئالاھىدىلىكى چېلىقارلىق، ئەھمىيىتى چوڭ دەپ كۆرسەتتۇق. ئۇنداقتا، ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى دېگەن نېمە، ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ تۆۋەندە بىز ئاۋۋال ئېنىقلىما خاراكتېرلىك مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمىز. چۈنكى بۇ ئوقۇم ـ چۈشەنچە مەسىلىسى، ھالقىلىق مۇھاكىمە مەسىلىسى.

خەلقئارا ئۆلچەملەشتۈرۈش تەشكىلاتى تارقاتقان «نەشر بۇيۇملىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ۋە تېكىستولوگىيە خىزمىتى» (ISO214—1976[E]) ناملىق ھۆججەتتە شەرھلىنىشىچە «قىسقىچە مەزمۇن ئادەتتە بىر ھۆججەت ياكى تېكىستنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى ئىخچام ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ تولۇقلىما ئىزاھات ياكى ئوبزور ـ باھانى ئۆز ئىچىگە ئالماسلىقى كېرەك».

دۆلىتىمىزنىڭ «قىسقىچە مەزمۇن يېزىش قائىدىلىرى» (GB/T7713—87) دە قىسقىچە مەزمۇننىڭ تەبىرى مۇنداق بېرىلگەن: «دوكلات ۋە ئىلمىي ماقالىنىڭ مەزمۇنى ئەڭ قىسقا شەكىلدە بېرىلىپ، ئوبزور ۋە باھا بېرىلمەسلىكى كېرەك».

قىسقىچە مەزمۇنغا ماقالىنىڭ تۈپ ئىدىيەسى ۋە مۇھىم ئۇچۇر ـ مەلۇماتلىرى مەركەزلەشكەن بولىدۇ. تېخنىكىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى ئورۇن تەرتىپىدىن ئېيتقاندا، قىسقىچە مەزمۇن تېما ۋە ئاپتور نامىدىن كېيىن، رەسمىي تېكىستنىڭ ئالدىغا قويۇلۇپ، ماقالە بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلىنىدۇ. دېمەكچى، ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىدا ھەم ماقالىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى ئىپادىلەپ بېرىلىشى، ھەم يىغىنچاقلىق قائىدىسىگە ئەمەل قىلىنىشى كېرەك. ماقالە ئاپتورى ۋە مۇھەررىرلەر بۇ نۇقتىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، دىققەت قىلماپتىمەن

دېگەندەك بانا ـ سەۋەبلەرنى كۆرسەتمەسلىكى كېرەك.

ئەمدى قىسقىچە مەزمۇننىڭ ئالاھىدىلىككە كەلسەك، ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

بىرىنچىدىن، ئوبيېكتىپچانلىققا ئىگە. يەنى، ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى جەزمەن ھەقىقىي بولۇشى، ئوبيېكتىپ بولۇشى كېرەك. قىسقىچە مەزمۇن ماقالىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى بولۇشى، ئۇچۇر ـ مەلۇماتلار ئەينەن، توغرا بولۇشى كېرەككى، قىسقىچە مەزمۇن ئەسلىي تېكىست (ماقالە) تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، كۆپنىيۋېتىلمەسلىكى ياكى ئەسلىي تېكىستتىن كىچىك بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. قىسقىچە مەزمۇندا ھېسسىي نەرسىلەر بولماسلىقى، ماقالىنىڭ مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتسىز بولماسلىقى، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەقىل ئالغان نەرسىلەر بولماسلىقى، «بوشلۇقنى تولدۇردى»، «بۇ تەتقىقات نەتىجىسى دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيەگە يەتتى ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى»، «تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى»، «تۇنجى قېتىم خەۋەر قىلىندى» دېگەندەك سۆزلەر تېخىمۇ بولماسلىقى كېرەك. يېزىقچىلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، قىسقىچە مەزمۇن ئۈچىنچى شەخس تىلىدىن يېزىلىشى كېرەككى، «مەزكۇر ماقالە»، «ئاپتورنىڭ قارىشىچە» دېگەندەك ئۇسلۇبلارنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، مۇكەممەللىككە ئىگە. قىسقىچە مەزمۇن ئىلمىي ماقالە مەزمۇنىنىڭ ئەڭ ئىخچام شەكىلدە ئىپادىلىنىشى بولغاچقا، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى چىڭ، لوگىكىلىقى پۇختا بولۇشى كېرەك. ئۇ ئىلمىي ماقالىنىڭ بىرەر قىسمىنىڭ بايان قىلىنىشى بولماستىن، بەلكى ئۇ ئايرىم بىر بۆلەك بولۇپ، پۈتكۈل ئىلمىي ماقالىنىڭ «ۋەكىلى» ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن، قىسقىچە مەزمۇننى ئىلمىي ماقالە يېزىقچىلىقىدىكى بىر ئىجادىيەت جەريانى دەپ قاراشقا بولىدۇ. خۇددى يۇقىرىدا قايتا ـ قايتا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قىسقىچە مەزمۇن ئىلمىي ماقالە سان ـ سۈپىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئومۇملاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم رولى ئەسلىي ماقالىنىڭ تۈپ ئىدىيەسى ۋە ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە. شۇڭا قىسقىچە مەزمۇننى مۇكەممەللىككە ئىگە دەيمىز. قىسقىچە مەزمۇندىن ئىبارەت بۇ ئەينەكتىن ئىلمىي ماقالىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، قىسقىچە مەزمۇن ئىخچاملىققا ئىگە. بۇ گەپنىڭ مەنىسى نامىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇكى، «قىسقىچە مەزمۇن» قىسقا بولۇشى، ئىخچام بولۇشى كېرەك. قىسقىچە مەزمۇندا ئىلمىي ماقالىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى، مۇھىم مەزمۇنى ۋە ئاپتورنىڭ قارىشى توغرىدىن ـ توغرا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدا گەپ ئەگىتىشكە، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلۈك گەپلەرنى يېزىشقا بولمايدۇ. پەقەت نەق گەپنىلا يېزىش كېرەك. سۆز، جۈملە، ئابزاسلار ئىخچام، قىسقا، جانلىق بولۇشى كېرەك. گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىماسلىق، قىسقىچە مەزمۇندا ئىلمىي ماقالىدە دېيىلىدىغان گەپنىڭ پوس ـ كاللىسى يېزىلىشى كېرەك. شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، قىسقىچە مەزمۇن ئىخچام بولۇشى كېرەككەن دەپ ئۇنى بىر ـ ئىككى جۈملە گەپ بىلەن تۈگەتسەكمۇ ياخشى بولمايدۇ. بەزى ئاپتورلار مۇشۇ كىچىككىنە ئىشتىمۇ ھارامزادىلىك قىلىپ، قىسقىچە مەزمۇننى بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن تۈگىتىدۇ ياكى ماقالىنىڭ تېمىسىنى قايتا تەكرارلاپ «بۇ ماقالىدە مۇنداق مەسىلە ئۈستىدە بايان ئېلىپ بېرىلىدۇ» دەپلا يېزىپ ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئاياغلاشتۇرىدۇ. بۇمۇ توغرا ئەمەس. ئىلمىي ماقالە ئىكەن، ئۇنىڭدا جەزمەن ئاساسىي ئىدىيە، مەزمۇن، ئاپتورنىڭ قارىشى بولىدۇ. بىز ماقالىدە قىسقىچە مەزمۇننى مۇشۇ جەھەتلەردىن يېزىشىمىز لازىم. كۆپ ھاللاردا كىشىلەر ئىلمىي ماقالىنىڭ تېمىسى بىلەن قىسقىچە مەزمۇننى ئوقۇپ ئۇنىڭ ئومۇمىيىتىدىن خەۋەردار بولىدۇ.

تۆتىنچىدىن، قائىدىلىككە ئىگە. بۇ گەپنىڭ مەنىسى قىسقىچە مەزمۇن پۈتۈن ئىلمىي ماقالىنىڭ تەركىبى، بىر ئايرىم بۆلەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس يېزىقچىلىق قائىدىسى ۋە ئۆلچىمى بولىدۇ. مەسىلەن، بىرەر تېرمىن، ئۇقۇم، ئاتالغۇ، خاس ئىسىملار (يەر ـ جاي ناملىرى، ئىدارە ـ جەمئىيەت ۋە ئورگان ناملىرى، كىشى ئىسىملىرى، گېزىت ـ ژۇرنال ناملىرى)، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ئاتالغۇلار قائىدە ـ ئۆلچەمگە مۇۋاپىقلاشقان بولۇشى، سۆز ـ ئىبارە ۋە جۈملىلەر، لوگىكا، گىراماتىكا، ئىستىلىستىكا، يېزىقچىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ئەڭ ئەقەللىيسى، قىسقىچە مەزمۇننى يېزىشتا ئىملا قائىدىسىگە ئەمەل قىلىنىشى كېرەك. ئۆلچەملىك يېزىلغان قىسقىچە مەزمۇنلا بىزگە پايدىلىق ئىنفورماتسىيە، ئۇچۇر ـ مەلۇمات يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. ئاپتورلار بىلەن مۇھەررىرلەر بۇ نۇقتىغا ھەرگىزمۇ سەل قارىماسلىقى لازىم.

## 4. قىسقىچە مەزمۇننىڭ فۇنكسىيەسى

ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك فۇنكسىيەگە ئىگە.

بىرىنچىدىن، ۋەكىللىك قىلىش فۇنكسىيەسىگە

ئىگە. ھازىرقى دەۋر تەرەققىيات دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرى ۋە بىلىم دەۋرى. كىشىلەر ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئېھتىياجلىق پەننىڭ تەرەققىيات ھالىتى، تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە تەرەققىيات ئۇچۇر ـ مەلۇماتلىرىدىن خەۋەردار بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتە كىشىلەر ناھايىتى ئالدىراش، ئۇلارنىڭ ۋاقتىمۇ ناھايىتى قىس. كىشىلەر ئىلمىي ماقالىنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئوقۇپ، يېتەرلىك ئۇچۇر ـ مەلۇماتقا ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى يېزىشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، باشلاش ـ يېتەكلەش فۇنكسىيەسىگە ئىگە. قىسقىچە مەزمۇننىڭ بۇ خىل فۇنكسىيەسى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرى، ئوقۇرمەنلەرنى يېتەكلەيدۇ. يەنە بىرى، ئاپتور، ئوقۇرمەن ۋە ئىلمىي ژۇرنال ئارىسىدا ئۈچ بۇلۇڭلۇق مۇناسىۋەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھەرقانداق ئوقۇرمەن ئالدى بىلەن ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئوقۇپ، مەزكۇر ماقالىنىڭ قىممىتى توغرىسىدا بەلگىلىك ئۇچۇرغا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ماقالىنى باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇش ـ ئوقۇماسلىق توغرىسىدا بىر قارارغا كېلىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن قىسقىچە مەزمۇننىڭ مۇھىملىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. قىسقىچە مەزمۇن يەنە مۇھەررىرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاش جەھەتتىمۇ باشلامچىلىق رول ئوينايدۇ. قىسقىچە مەزمۇن ياخشى، ئۆلچەملىك يېزىلسا، ئۇ مۇھەررىرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. چۈنكى مۇھەررىرمۇ ئاۋۋال ماقالىنىڭ تېمىسىغا، ئاندىن قىسقىچە مەزمۇنىغا قارايدۇ. ئەگەر جەلپكارلىققا ئىگە بولسا، ئۇلارمۇ ناھايىتى دىققەت بىلەن ماقالىغا قارايدۇ. قىسقىچە مەزمۇننىڭ ياخشى ـ ياخشى ئەمەسلىكى ژۇرنالنىڭ تەسىرى ۋە سۈپىتىنى كۆتۈرۈشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا يەنە شۇ گەپ قىسقىچە مەزمۇننى ياخشى يېزىشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئىندېكسلىق (ئاچقۇچلۇق) فۇنكسىيەگە ئىگە. ئىندېكس (ئاچقۇچ) نىڭ سۆز مەنىسى باشلاپ يېزىش، تېپىپ بېرىش دېگەندىن ئىبارەت. ئېلېكترونلۇق ئىنفورماتسىيە ماتېرىياللىرىنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىشىگە، ئېلېكترونلۇق ژۇرنال، لازېر دېسكىلىق ساندان، تور ساندان قاتارلىق زامانىۋى ئۇسۇللارنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسى بولۇشىمۇ تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت ئۇنى ئېلېكترونلۇق ئىنفورماتسىيە ماتېرىياللار ئامبىرىغا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق بولغاندا ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى توپلىنىش، ساقلىنىش، بىر تەرەپ قىلىنىش، ئىندېكسلىنىش، ئالماشتۇرۇش ۋە تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ غايەت زور يېڭىلىق جۇملىسىگە كىرىدۇ. ھەرقانداق ئاپتور ۋە ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرى بۇ يېڭىلىققا ماسلىشىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى كۆن تەرتىپكە قويۇپ ئەستايىدىل ئىشلىشى لازىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى ئۇچۇر ـ مەلۇمات «گۆھىرى»گە دىققەت قىلىشى لازىم. گېزى كەلگەچكە ئېيتىش كېرەككى، پاخال ماقالىدىن ھەرگىزمۇ گۆھەر چىقمايدۇ. بىز «گۆھىرى» بار بولغان ماقالىلەرنى ئىشلىتىشىمىز لازىم. ھازىر ئىلمىي ژۇرناللاردا ئەخلەت ياكى ۋىرۇس ماقالىلەرمۇ خېلى كۆپىيىۋاتىدۇ، بۇ چىرىكلىشىشنىڭ ژۇرناللاردىكى ئىپادىسىدۇر، خالاس.

### 5. قىسقىچە مەزمۇننىڭ تۈرلىرى

بىرىنچىدىن، ئۇچۇرلۇق قىسقىچە مەزمۇن. بۇ بەزىدە ئىنفورماتسىيەلىك قىسقىچە مەزمۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنى ئاددىي چۈشەنچە بىلەن «ماتېرىياللىق ياكى ئاخباراتلىق قىسقىچە مەزمۇن» دەپ قاراشقا بولىدۇ. ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى يېزىش قائىدىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇچۇرلۇق قىسقىچە مەزمۇندا، مەلۇم بىر ئەسەر ياكى كىتابنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ئۇيغۇرچىدا 400 ـ 500 سۆزلۈك قىلىپ ئىخچام بايان قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئىخچام ئەندىزە ھازىر ژۇرناللاردا، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا كۆپرەك قوللىنىلىۋاتىدۇ. ئوقۇرمەنلەر مۇشۇ قىسقا، ئىخچام بایاندىن «قۇتادغۇبىلىك»تەك يىرىك بىر ئەسەرنىڭ ئىدىيەسى، مەزمۇن ۋە پېرسوناژلىرىدىن خەۋەردار بولىدۇ. مانا بۇ قىسقىچە مەزمۇننىڭ ئەڭ پايدىلىق تەرىپى.

ئىككىنچىدىن، كۆرسەتمىلىك قىسقىچە مەزمۇن. بۇ يەنە «ئومۇملاشتۇرۇلغان قىسقىچە مەزمۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل قىسقىچە مەزمۇندا ئەسلىي ئەسەرنىڭ تېماتىكىسى ۋە ئۇنىڭدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە سەۋىيەسى بايان قىلىنىدۇ. كۆرسەتمىلىك قىسقىچە مەزمۇننىڭ ئۇچۇرلۇق قىسقىچە مەزمۇندىن روشەن پەرقى شۇكى، ئۇ ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىنىڭ دائىرىسى، تەتقىقات ئوبيېكتى، تەتقىقات مېتودى ۋە ئاخىرقى مۇھىم يەكۈننى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئېكرانىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئەسەرنىڭ كونكرېت مەزمۇنىغا ئەمەس، بەلكى ئەسەرنىڭ خاراكتېر ـ ماھىيىتىگە قارىتىدۇ. ئۇچۇرلۇق قىسقىچە مەزمۇن كونكرېتراق بولۇپ،

چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىگە ئىگە. ئەڭ ئاددىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، ئۇچۇرلۇق قىسقىچە مەزمۇن كىشىلەرنى ئۇچۇر ئىنفورماتسىيە ۋە خەۋەر ـ مەلۇمات بىلەن تەمىنلەيدۇ. كۆرسەتمىلىك قىسقىچە مەزمۇن كىشىلەرنى بىلىم، ماھىيەت ۋە خاراكتېر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئۇچۇرلۇق ـ كۆرسەتمىلىك قىسقىچە مەزمۇن. نامىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇكى، بۇ بىز ئالدىدا تونۇشتۇرغان ئۇچۇرلۇق قىسقىچە مەزمۇن بىلەن كۆرسەتمىلىك قىسقىچە مەزمۇننىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، ئۇ بىرلا ۋاقىتتا كىشىلەرگە ھەم ئۇچۇر ـ مەلۇمات بېرىدۇ، ھەم بىلىم ـ مۇۋەپپەقىيەت بېرىدۇ. ئۇنىۋېرساللىقتا ئىگە بۇ خىل قىسقىچە مەزمۇن «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش» خاراكتېرىگە ئىگە. شۇڭا بۇ خىلدىكى قىسقىچە مەزمۇننى يازغاندا ئېغىشمۇ دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

تۆتىنچىدىن، قۇرۇلمىلىق قىسقىچە مەزمۇن. ئالدىنقى ئۈچ خىل قىسقىچە مەزمۇن بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قۇرۇلمىلىق قىسقىچە مەزمۇن بىر خىل يېڭىچە قىسقىچە مەزمۇن شەكلى بولۇپ، ئۇ كۆپرەك بىئو ـ خىمىيە ۋە تېبابەتشۇناسلىقتا ئائىت ئىلمىي ژۇرناللاردا قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدا تۇراقلىق يېزىش ئەندىزىسى بولۇپ، مەزمۇنى ئىلمىي ماقالىنىڭ مەقسىتى، مېتودى، نەتىجىسى ۋە يەكۈنىدىن ئىبارەت تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. ئاپتور قائىدە بويىچە، ئۆز ئەسىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇننى ئىخچام لېكىن ئېنىق، قاتلىمى روشەن، تىلى راۋان ـ چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىپ چىقىشى لازىم.

قىسقىچە مەزمۇن تۈرلىرىدىن قايسىسىنى تاللاپ يېزىش، قانداق يېزىش، قانچىلىك يېزىشنى ئاپتور ياكى مۇھەررىر ئەمەس، بەلكى شۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، تۈرى، پەن ساھەسى، ئۇچۇر مىقدارى، ھەجىم دائىرىسى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجى بەلگىلەيدۇ. بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ھەل قىلغۇچ بەلگىلەش رولىنى ئوينايدۇ. كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، قىسقىچە مەزمۇننىڭ قايسى تۈرىنى تاللاپ يېزىش، قىسقىچە مەزمۇننى ياخشى، قائىدىلىك، ئۆلچەملىك يېزىشنىڭ كاپالىتى. بۇ نۇقتىغا ئاپتور ۋە مۇھەررىر ئالاھىدە دىققەت قىلىشى لازىم.

يۇقىرىدا بىز نەزەرىيە ۋە پىرىنسىپ نۇقتىسىدىن ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى توغرىسىدا تەھلىل ئېلىپ باردۇق. ھالبۇكى، بۇ ناھايىتى مۇھىم. لېكىن ھەممە نەرسە، جۈملىدىن ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇننى ياخشى يېزىش نەزەرىيە ۋە پىرىنسىپ بىلەنلا ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ. ياخشى، ئۆلچەملىك، قائىدىلىك ۋە قايىل قىلارلىق قىسقىچە مەزمۇننى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن كۆپ ئەمەلىي تاپشۇرۇقلارنى قايتا ـ قايتا ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئەمەلىي چېنىقىشمۇ ئادەمنىڭ ئىقتىدار ۋە ماھارىتىنى ئۆستۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئاپتور ۋە مۇھەررىرنىڭ قىسقىچە مەزمۇن توغرىسىدىكى ئاڭ ـ قارىشىنىڭ قانچىلىكلىكىمۇ ناھايىتى مۇھىم. بۇ گەپنى يۇقىرىدىمۇ كۆپ يەردە دەپ ئۆتتۇق. ئىشقىلىپ، ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى بىر خىل شەكىل ـ ئەندىزە بولۇپلا قالماستىن، ئېغىشمۇ مۇھىمى ئۇ ئىلمىي ماقالىنىڭ ئورگانىك قىسمى. ئۇ ماقالىنىڭ سۈپىتى، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ سۈپەت ـ ساپاسىنى بەلگىلەش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ماقالە ئاپتورلىرى بىلەن ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئۇنى بىر خىل ئۆلچەم ۋە تارازا دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

## پايدىلانمىلار


1. رېھىمجان نۇرىيوف قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئومۇمىي يېزىقچىلىق»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.

2. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

3. شېرىن قۇربان: «تەرجىمە پىرىنسىپلىرى توغرىسىدا»، ئۈرۈمچى، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

4. شياۋ كەييۇەن: «ئىلمىي ژۇرناللاردىكى ماقالىلەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى توغرىسىدا بايان»، قەشقەر: «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2005 ـ يىللىق 1 ـ سانى (خەنزۇچە).

5. گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى ۋە ماتېرىياللاردىكى مەزكۇر تېمىغا ئالاقىدار ئىلمىي ماقالىلەر ۋە ماتېرىياللار.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ماقالە نومۇرى: 1005—5878(2010)04—128—04

# كىتاب - ژۇرناللارنىڭ «كىرىش سۆز» ۋە «بەت بوسۇغىسى» ھەققىدە يۈزەكى مۇلاھىزە*

رامىلە مەمتىمىن
( ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، ئۈرۈمچى. 830000 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە، دەۋر رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىغا ئەگىشىپ، كىتاب - ژۇرناللارنىڭ تەسىرچانلىقى، جەلپكارلىقى، ئوقۇرمەنلەرنى يېتەكلەشتىكى رولى، ئاپتور، مۇھەررىرلەرنىڭ يېزىقچىلىق سۈپىتى بىلەن تەھرىرلىك ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقى، كىتاب - ژۇرناللارنىڭ «كىرىش سۆز»، «بەت ئاچقۇ»لىرىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە تۈرلەرگە ئايرىپ قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文指出，随着时代节奏的加快，书刊题影响力、吸引力、对读者的引领作用、作者和编者的文笔素养与编辑技巧的提高变得不可祸视。对书刊前言和卷首语的意义分类并作了简要的论述

**Abstract**: In this article, the author ineicates that with the speeding pace of the society, the influence of publication, its leading role of the reader, and the improvement of the author's writing quality and the editor's editing skills can't be ignored. She discusses the classifications of foreword and preface of publications in brief.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G40 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇچۇر دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيەسى كۈنسايىن ئۆسۈپ، تۇرمۇش رىتىمى ئۈزلۈكسىز تېزلەشتى، بۇ خىل ئۆزگىرىشنى ئەدناسى كىشىلەرنىڭ كىتاب - ژۇرنال ئوقۇش ئادىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان يېڭىلىقلاردىنمۇ پەرەز قىلىش مۇمكىن، مەسىلەن، ئىلگىرى كىشىلەر قولىغا چىققان كىتاب - ژۇرنالنى باشتىن - ئاياغ قالدۇرماي، تەپسىلىي ئوقۇپ چىقاتتى. ئەمما، ھازىر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قولىغا چىققان نەشر بۇيۇملىرىنى ئوقۇش ياكى ئوقۇماسلىقنى ئالدى بىلەن ئۇنى تېزلىكتە بىر قۇر راۋاقلاپ بېقىپ ئاندىن قارار قىلىدۇ، دېمەك، بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا كىتاب - ژۇرناللارنىڭ تەسىرچانلىقى ۋە جەلپكارلىقى ئالدى بىلەن «كىرىش سۆز» ۋە «بەت بوسۇغىسى»دا نامايان بولىدۇ. قىسقىسى، «كىرىش سۆز» ۋە «بەت بوسۇغوسى»نى كىتاب - ژۇرناللارنىڭ يارقىن كۆزى دېيىش مۇمكىن، خىزمەت ۋە تۇرمۇش رىتىمى بەكمۇ تېزلىشىپ كەتكەن بۈگۈنكى دەۋردە، كۆڭۈلەر بەكمۇ

* بۇ ماقالە 2010 - يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
ئاپتور: رامىلە مەمتىمىن (1959 - يىلى 6 - ئايدا كورلا شەھىرىدە تۇغۇلغان) ش ئۇ ئا ر ئاخبارات نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ گېزىت - ژۇرناللارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى، سىياسىي قانۇن تۈزۈم باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

ئالدىراشلىق ۋە قاتتىقلاڭچىلىق ئىچىدە ئۆتىدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ كىتاب - ژۇرنال ئوقۇشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى؛ جۈملىدىن، كىشىلەر بولۇپمۇ ياشلار كىتاب - ژۇرناللارنى قولىدا تۇتۇپ ئەمەس، بەلكى ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق كومپيۇتېر ئېكرانىدا ئوقۇيدىغان بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن قانداق قىلغاندا ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى كىتاب - ژۇرناللارغا قىزىقتۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە مەتبۇئاتچىلار ئىزدەنمىسە بولمايدىغان قىيىن تېما بولۇپ قالدى. مەتبۇئاتچىلار بۇ ھەقتە دەۋر رېتىمىغا ماسلاشقان ھالدا ئىجادىي ئىزدەنگەنمۇ بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىزدىنىشلىرى بولۇپمۇ كىتاب - ژۇرناللارنىڭ كىرىش سۆز ۋە بەت بوسۇغۇلىرى يېزىقچىلىقىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ژۇرناللارنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، بەت بوسۇغىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى باش مۇھەررىر ياكى مۇھەررىرنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئاتىغان لىرىك بايانلىرى ياكى باش ماقالە شەكلىدە يېزىلىدۇ. ھالبۇكى، ھازىر جەمئىيەتتىكى جەلپكار مەسىلىلەر، كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىش - ھەرىكەتلەر ياكى ژۇرنالنىڭ «قىزىق نۇقتىسى»، «نۇقتىئىنەزەرى» قاتارلىقلار ژۇرناللارنىڭ بەت بوسۇغىلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان بولدى. شۇڭا، ئوقۇرمەن بىرەر پارچە ژۇرنالنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلىغان ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېڭى، ئۆتكۈر، ئۆزگىچە، بېشارەتلىك ئۇچۇرلار ۋە يېڭى - يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەر ھازىر بولىدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەن ئاشۇ ژۇرنالنىڭ تۇرغۇسى، باش تېمىسى ۋە ئۇسلۇبى قاتارلىقلارنى تونۇپ يېتىدۇ - دە، ئۇنىڭغا مۇشتەرى بولۇش - بولماسلىقنى قارار قىلىدۇ، قىسقىسى، نۆۋەتتىكى ژۇرناللارنىڭ بەت بوسۇغۇلىرى ئوقۇرمەنلەرنى تېزدىن مەھلىيا قىلىش رولىنى ئۇتۇشلۇق جارى قىلدۇرماقتا.

ئېلىمىزنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى، ئۇستاز ئەدىب باجىن ئەپەندى ئۆز ۋاقتىدا: «ئوقۇرمەنلىرىڭىزنى دوست - بۇرادەر ۋە يېقىن - يۇرۇقلىرىڭىز قاتارىدا كۆرسىڭىز، كىتابىڭىزغا مۇقەددىمە ۋە خاتىمىلەرنى قوشۇپ قويۇڭ؛ بۇ گويا بوسۇغىڭىز ئالدىغا كەلگەن مېھمانغا سالام بېرىپ، قانداق داستىخان تەييارلىغانلىقىڭىزنى ئالدىنئالا كۆرسەتكىنىڭىزگە ئوخشايدۇ؛ مېھمانلىرىڭىز بوسۇغىڭىزدىن ئاتلاش - ئاتلىماسلىقنى شۇنىڭغا قاراپ بەلگىلەيدۇ» دېگەنىكەن. قىسقىسى، سىز ساھىبخان، كىتابىڭىز (ژۇرنىلىڭىز) داستىخان، ئوقۇرمەنلەر بولسا مېھماندۇر. شۇڭا، ئادەتتە ئوقۇرمەنلەر ھەرقانداق كىتاب ياكى ژۇرنالنى قولىغا ئالغان ھامان ئۇنىڭ كىرىش سۆز ياكى بەت بوسۇغىسىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپلا، ئاشۇ كىتاب ياكى ژۇرنالنىڭ سېتىۋېلىشقا ئەرزىيدىغان - ئەرزىمەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ.

نۆۋەتتىكى كىتاب - ژۇرناللارنى تەپسىلىي كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، شۇ نۇقتا ئايان بولىدۇكى، ئەدەبىي كىتابلار، تەرجىمە رومانلار ۋە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى ژۇرناللاردا مۇقەددىمە (ياكى كىرىش سۆز، تەۋسىيە) ۋە بەت بوسۇغىسى ئارقىلىق، ئاشۇ ئەسەر ياكى ژۇرنالنىڭ ئومۇمىيىتىنى پاساھەتلىك تىل ۋە ئۆتكۈر بايانلار بىلەن ئالدىن يورۇتۇپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىلىۋاتىدۇ. ئەمما، پەن - تېخنىكا تۈرىدىكى كىتاب - ژۇرناللاردا كىرىش سۆز ۋە بەت بوسۇغىسى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى يېتەكلەشكە دېگەندەك ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ ياكى كىرىش سۆز ۋە بەت بوسۇغىسى قاتارلىق ئىستون، سەھىپىلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى پىششىق، مېغىزلىق، جانلىق ئىشلەشكە سەل قارىلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىۋاتقان كىتاب - ژۇرناللاردا مۇشۇ مەسىلە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت دېسەك مېنىڭچە ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. دۇرۇس، پەن - تېخنىكا تۈرىدىكى ژۇرناللاردا گەرچە گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرى، دراماتىك ھايات كارتىنىلىرى تەسۋىرلەنمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭدا قەيت قىلىنىدىغان كىشىلىك ھاياتنىڭ قىل سىغمايدىغان ئىلمىي قانۇنىيەتلىرى ۋە ئاشۇ كىشىلىك ھاياتقا يوشۇرۇنغان مەنتىقىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ھەققىدىكى بايانلار ھەقىقەتەن ئۆزگىچە ۋە جەلپكار. شۇڭا پەن - تېخنىكا تۈرىدىكى ژۇرناللاردىمۇ بەت بوسۇغىسى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. ئەمما بۇ ھەرقانداق كىتاب - ژۇرنالنىڭ ھەممىسىدە كىرىش سۆز ۋە بەت بوسۇغىسى بولسۇن، كىرىش سۆز ۋە بەت بوسۇغىسى كىرگۈزۈلگەن كىتاب - ژۇرناللارنىڭ ھەممىسىلا سەرخىل نەشر بۇيۇملىرى، دېگەنلىك ئەمەس ئەلۋەتتە. تۆۋەندە كىرىش سۆز ۋە بەت بوسۇغىسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. كىتابلاردىكى «كىرىش سۆز»

كىرىش سۆز ئادەتتە «سۆز بېشى»، «تەۋسىيە»، «تەھرىر ئىلاۋىسى»، «ئاپتوردىن» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. كىرىش سۆزدە بىرەر كىتاب ياكى چوڭراق ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى قىسقا، مېغىزلىق

ۋە ئۆتكۈر بايانلار ئارقىلىق ئىخچام تونۇشتۇرۇلىدۇ. مېنىڭچە، بەزى چوڭراق ئەسەرلەردە «كىرىش سۆز»، «مۇقەددىمە» ياكى «ئاپتوردىن» دېگەندەك ناملاردا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك كىرىش سۆز بېرىلىدۇ. ئەمما كۆپ قىسىم ئادەتتىكى كىتابلاردا كىرىش سۆز بېرىلمەي كىرىش سۆزنىڭ فۇنكسىيەسى باشقىچە شەكىل ۋە ۋاسىتىلەرگە يۈكلىنىدۇ.

نۆۋەتتە كىتابلاردىكى كىرىش سۆز ئاشۇ كىرىش سۆزنىڭ مۇئەللىپىگە قاراپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. بىرى، ئاپتورنىڭ ئۆزى يازغان كىرىش سۆز، يەنە بىرى باشقىلار ئاپتورغا ۋاكالىتەن يازغان كىرىش سۆز. خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان چەت ئەللىك ئاپتورلارنىڭ كىتابلىرىدا ھەتتا «ئاپتوردىن كىرىش سۆز»، «خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن كىرىش سۆز» ۋە «ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن كىرىش سۆز» دېگەندەك شەكىللەرمۇ ئۇچرايدۇ، «ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن كىرىش سۆز» دە كۆپىنچە ھاللاردا ئاشۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ئوينايدىغان رولى قاتارلىقلار بايان قىلىنىدۇ. لېكىن مەيلى قايسى خىلدىكى كىرىش سۆز بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ياكى كىتابنىڭ مەزمۇنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ ۋە ياكى ئاپتورغا باھا بېرىلىدۇ. كىرىش سۆزنىڭ قانچىلىك ئۇزۇنلۇقتا يېزىلىدىغانلىقى كىرىش سۆزنىڭ مۇئەللىپىگە باغلىق، شۇڭا، بەزىلىرى ئۇزۇن يېزىلىدۇ، بەزىلىرى قىسقا يېزىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدا بىرەر ئەسەرنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقىغا ئاشۇ ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى، ئەمەلىي قىممىتى ۋە ئېستېتىك قىممىتى نۇقتىسىدىن مېغىزلىق ۋە يۈكسەك باھا بېرىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئەسەر تەشۋىق قىلىنىدۇ ۋە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## 2. ژۇرناللاردىكى «بەت بوسۇغىسى»

«بەت بوسۇغۇسى» ئادەتتە «بەت ئاچقۇ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئوقۇرمەنلەر نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ژۇرناللارنىڭ بەت بوسۇغىسى — شۇ ژۇرنالنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئەڭ بۇرۇن چىراي ئېچىپ، سالام بېرىدىغان قىسمى، شۇڭا، ئۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.

دۇرۇس، ياخشى لايىھەلەنگەن «بەت بوسۇغىسى» مۇھەررىرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ، ئۇلارنى ئاشۇ ژۇرنالنى دەرھال ۋاراقلاشقا دالالەت قىلىدۇ، ئوقۇرمەن بىرەر پارچە ژۇرنالنى قولىغا ئالغان ھامان، ئۇنىڭدا ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بەت بوسۇغىسىغا، ئاندىن مۇندەرىجىسىگە قارايدۇ. قىسقىسى، بەت بوسۇغىسى ژۇرنالنىڭ مەزمۇنى، ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقىنى ئاممىباب ئەمما مېغىزلىق بايانلار بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى «ژۇرنالنىڭ كۆزى» دېيىشكىمۇ بولىدۇ، چۈنكى كۆز دېگەن كۆڭۈلنىڭ دەرىزىسى. سەممىي ئادەمنىڭ ئۆزى سۆزلىگۈچى كۆزى سۆزلىگىنىدەك قابىلىيەتلىك ژۇرنالىستلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە قان ـ تەرى بەدىلىگە ھازىرلانغان سەرخىل بەت بوسۇغىلىرى ژۇرنالنىڭ جەلپكارلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرالايدۇ. مېنىڭچە، ژۇرناللاردىكى بەت بوسۇغىسى ئادەتتە مۇنداق تۆت خىلغا ئايرىلىدۇ: بىرىنچى، شۇ سان ژۇرنالدىكى ئەڭ سەرخىل، ئەڭ نادىر ۋە يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە ماقالىلەر تونۇشتۇرۇلۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققەت نەزەرى مەركەزلەشتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، «خەنزۇ ئەدەبىياتى»، «تارىم غۇنچىلىرى»، «تەرمىلەر» قاتارلىق ژۇرناللاردىكى ئوقۇرمەنلەرنى ژۇرنالنىڭ ھەربىر پارچە ماقالىسىگە ئىختىيارسىز جەلپ قىلىدىغان ئىخچام ۋە مېغىزلىق «تەۋسىيە دۇردانىلىرى» مۇشۇ خىلدىكى بەت بوسۇغىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى، ئاۋام كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان جەلپكار مەسىلىلەر، خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلىق مەسىلىلەر ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك سىياسەت ـ تەدبىرلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، «زامانىمىز ئاخباراتچىلىرى»، «بىڭتۈەن قۇرۇلۇشى»، «شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقى» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ بەت بوسۇغىلىرىغا خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىسلاھات ۋە ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خۇسۇسىدىكى ماقالىلەر بېرىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى ساداسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۈچىنچى، باش مۇھەررىرنىڭ باياناتى، بۇنىڭدا ژۇرنالنىڭ ئالاھىدىلىكى، خاراكتېرى، ئۇسلۇبى شۇنداقلا رېداكسىيەنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ژۇرنالنىڭ خاسلىقى، قوللىنىلىشچانلىقى ۋە سۈپىتىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى ۋەدىسى باش مۇھەررىرنىڭ ئاغزىدىن پاساھەتلىك ۋە لىرىك تىللار بىلەن تونۇشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، «يىپەك يولى نەزەرگاھى» (大陆桥视野) ژۇرنىلىنىڭ بەت بوسۇغىسىدىكى يىپەك يولى خەرىتىسى ۋە باش مۇھەررىرنىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن مېغىزلىق شەرھىي بايانلار ئوقۇرمەنلەرنى يىپەك يولىدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق دۇنياغا ئىختىيارسىز باشلاپ كىرىدۇ. تۆتىنچى، ژۇرنالنىڭ خاراكتېرى، تارقىتىلىش دائىرىسى، سەھىپىلىرى، مۇھەررىرلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ژۇرنالنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق

ئوقۇرمەنلەر جەلپ قىلىنىدۇ. بۇ شەكىلدىكى بەت بوسۇغىسى ئادەتتە ھەر يىلىنىڭ بىرىنچى سانىغا بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەزى ژۇرناللار دەۋر تەرەققىياتى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىلىنىپ، بېيىپ بېرىۋاتقان تەلەپ ـ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا بەت بوسۇغىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى شەكلى ۋە ئۇسلۇبىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئۆزگىچە، دەۋر روھى كۈچلۈك ۋە جەلپكار شەكىللەرنى ئىختىرا قىلماقتا. جۈملىدىن، قىسمەن ژۇرناللارنىڭ بەت بوسۇغىسىدا ئوقۇرمەنلەر ئەڭ كۆڭۈل بولىدىغان ئۇچۇرلار ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان سادالار ئىخچام ۋە يىغىنچاق بايان قىلىنىپ، مۇھەررىرلەر بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناۋاتىدۇ. يەنە بەزى ژۇرناللارنىڭ بەت بوسۇغىسىدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى بېرىلگەن. ۋەزىپە ۋە بىۋاسىتە بايان قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر بىرىنچى ئورۇنغا، مۇھەررىرلەر ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇلۇپ، «ژۇرنالچىلىقنىڭ يېتەكچىسى — ئوقۇرمەنلەر» ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ خىل شەكىلدىكى بەت بوسۇغىلىرى مۇھەررىرلەر بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى ژۇرنالچىلارنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى ۋە سىرداش دوستىغا ئايلاندۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. ئەلۋەتتە، مېنىڭچە، بۇنداق ئۆزگىچە شەكىللەرنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقى ژۇرنالچىلارنىڭ ژۇرنال چىقىرىش تۇرغۇسىنى دەۋر ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىغا يېقىن ئىسلاھ قىلىپ، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش يولىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك قەدەم بېسىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، تەدرىجىي بارلىققا كېلىۋاتقان بۇنداق يېڭىلىقلار ژۇرناللاردىكى بەت بوسۇغىلىرىغا يېڭىچە بۈرچلارنى يۈكلەپ، ئۆزگىچە ھاياتىي كۈچ قوشۇۋاتىدۇ.

كىتابلاردىكى كىرىش سۆز بىلەن ژۇرناللاردىكى بەت بوسۇغىلىرىنىڭ ئوخشايدىغان تەرەپلىرىمۇ بار. مەسىلەن، كىرىش سۆز بىلەن بەت بوسۇغىسىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ئوقۇرمەنلەرگە كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ مەزمۇنىنى دوستانە چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئاشۇ كىتاب ـ ژۇرنالغا جەلپ قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. دۇرۇس، ئوقۇرمەنلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بۇنداق ماقالىلەرنىڭ شەكلى كىرىش سۆز، مۇقەددىمە، تەۋسىيە ۋە بەت بوسۇغىسى قاتارلىقلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. شۇڭا كىرىش سۆز، سۆز بېشى، تەۋسىيە، تەھرىر ئىلاۋىسى ۋە بەت بوسۇغىسى — ئاشۇ يازمىلارنى پۈتكەن مۇئەللىپ ياكى مۇھەررىرلەردىكى سەۋىيە ۋە ساپانىڭ نامايەندىسى. شۇنداقلا مۇھەررىرلەرنىڭ تەھرىرلىك ماھارىتى بىلەن يېزىقچىلىق سەۋىيەسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم، چۈنكى، زامانىمىز نەشرىياتچى ۋە ژۇرنالىستلاردىن يېڭىلىقلارنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىش ئاساسىدا توختاۋسىز يېڭىلىق يارىتىپ، دەۋر سەزگۈسى ۋە خىزمەت قىزغىنلىقىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ ھەم نەشرىياتچى ۋە ژۇرنالىستلاردا بولۇشقا تېگىشلىك تۈپكى ساپانىڭ ئېھتىياجى. بۇنىڭ ئۈچۈن نەشرىياتچى ۋە ژۇرنالىستلار چوڭقۇر ئىزدىنىش ئاساسىدا توختاۋسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپلا سۆزلىرى دۇردانە، مەنتىقىگە ئۇيغۇن، ئىلمىي ئاساسى پۇختا، ئىجادىي پىكىرلىك كىرىش سۆز ۋە بەت بوسۇغىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىلكەش دوستىغا ئايلىنالايدۇ.

ئومۇمەن، نەشرىياتچى ۋە ژۇرنالىستلار بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت نەشرىيات خادىملىرى ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان تەھرىرلىك خىزمىتىنى چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە تەتقىق قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىپ قالماي، باشقا سەرخىل كىتاب، ژۇرناللارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نۇقتىلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەت تەپەككۇرىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش ئاساسىدا، ئۆزى ئىشلەۋاتقان كىتاب ۋە ژۇرنالنى يېڭىچە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش يولىدا ھارمەي ـ تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقان مەتبۇئاتچىلىق رىقابىتىدە ئۆزۈپ چىقىپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب، ماركا يارىتالايدۇ. شۇنداقلا ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە ماركا ياراتقان نەشرىياتچى، ژۇرنالىستلارنىڭ «مەھسۇلات»لىرى ھەر مىللەت ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئالقىشىغا نائىل بولالايدۇ، دەۋرىمىزنىڭ نەشرىياتچى ۋە ژۇرنالىستلاردىن كۈتىدىغىنىمۇ دەل مۇشۇ.

## پايدىلانمىلار

1. لىۋاۋنىڭ ماتارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان شۇ بەيزۇنىڭ «تەھرىرلىكتىن ئومۇمىي بايان» دېگەن كىتابى

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

31 - يىللىق 4 - سان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 第31卷第4期
2010 - يىلى 12 - ئاي 新疆大学学报(哲学社会科学维文版) 2010年12月

ماقالە نومۇرى: 1005—5878(2010)04—132—05

# كىتاب - ژۇرنال تەھرىرلىكىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا

ئېلنۇر سابىر
(شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلىرى ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى، ئۈرۈمچى. 830013)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كىتاب، گېزىت - ژۇرناللاردا كۆرۈلگەن تىل ۋە تەرجىمىگە ئائىت خاتالىقلار مىسال ئارقىلىق كۆرسىتىلىپ، مۇھەررىرلەرنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىگە تېخىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

**摘要：** 本文通过举例指出近年来书刊中出现的语言和翻译方面的错误，倡议编辑人员更加认真对待语言文字工作。

**Abstract**: In this paper, the author points out some the language and translation errors which appeared in most recent publications and initiatives editors to take their works more seriously.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:C932 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاخبارات، نەشرىيات ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا ۋە تاكامۇللاشماقتا. شەكلى ھەر خىل، تېماتىكىلىق مەزمۇنى ئۆزگىچە، ئوقۇرمەنلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان تۈرلۈك ژانىردىكى نادىر ئەسەرلەر، گېزىت، ژۇرناللار تېز كۆپەيمەكتە. ئۇيغۇر تىلىدىكى مەتبۇئات، نەشرىيات ئىشلىرىنىڭ ئاساسى بولغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تارىختىكى ھەرقانداق دەۋردىكىگە نىسبەتەن بىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا ئۆزىنىڭ ئالاقە قوراللىق رولىنى مىسلىسىز دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، تىل - ئالاقە، پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا پۇختا ئاساس يارىتىپ بەردى. بۇنىڭدىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز. لېكىن، جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، پەن - تېخنىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە يېڭىلىنىشى يېڭى دەۋر ئەدەبىي تىلىنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلۇشىغا ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە يېڭى - يېڭى تەلەپلەرنى قويماقتا. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىي تىلىمىزنى بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش، بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئۆلچەملىرىنى تېخىمۇ ساغلاملاشتۇرۇش — ئاخبارات، نەشرىيات ئورۇنلىرى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى، جۇملىدىن ئەدىبلەر، تىلشۇناسلار، تەرجىمانلار ۋە مۇھەررىرلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا ئۆز نۆۋىتىدە ئانا تىلىمىزنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان

• بۇ ماقالە 2010 - يىلى 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تاپشۇرۇۋېلىندى.
ئاپتور: ئېلنۇر سابىر (1973 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان)، شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلىرى ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى پەن - تەتقىقات باشقارمىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى.

ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ ئورتاق تەققازاسى ۋە جىددىي تەلىپى. نۆۋەتتە، بەزى خىلى نوپۇزلۇق يازغۇچىلارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋە قىلىنىۋاتقان ئەسەرلىرىدە بىر قىسىم ساغلام بولمىغان تىل ھادىسىلىرى ۋە جىددىي تۈزۈتىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر ساقلانماقتا.

**1. گىراماتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەت جەھەتتىكى مەسىلىلەر**

1) قوشۇمچىلارنىڭ نامۇۋاپىق ئىشلىتىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدا گىراماتىكىلىق قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلىنىدۇ، بۇ قوشۇمچىلار ئىچىدە سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرىمۇ، سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرىمۇ بار. گىراماتىكىلىق قوشۇمچىلار (بولۇپمۇ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار) سۆزنىڭ مەنىسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتىدىغان بولغاچقا، ئارتۇق ياكى كەم بولۇپ قالغان قوشۇمچىلار ئاپتورنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى مۇجمەللەشتۇرۇپ، جۈملىنىڭ راۋانلىقىغا ۋە مەزمۇنىنىڭ ئېنىقلىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇھەررىر تەھرىرلەش جەريانىدا، بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى زۆرۈر، بولمىسا كۈلكىلىك ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

(1) مانا بۇ ژۇرناللارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپكى يول ......، رىۋايەت ۋە ئىزدىنىش، ئەسلىمە ۋە راست ئىش، راست ۋەقە قاتارلىق رېئاللىق ھادىسىلەرگە تويۇنغان ئەسەرلەرنى ...... («قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 1 ـ سانى، 47 ـ 48 ـ بەتلەر).

(2) دورىلانغان چاشقان يەپ مۈشۈك، كەتتىمىكىن نەسلىدىن قۇرۇپ («يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 1 ـ سانى، 83 ـ بەت).

(3) ئايىگۈل ئېتىزلىقلارنى، جىگدىزارلىقلارنى ئاستا مېڭىپ ئارلىدى ...... ـ خىيالىدا ئۆزىنى قامغاقزارلىقتا كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ... ... («تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 1 ـ سانى، 56 ـ بەت). مىسال (1) دە مەسىلە «تۈپكى» بىلەن «رېئاللىنى» دا كۆرۈلىدۇ. «تۈپ» سۆزى گەرچە ئۆزىمىزنىڭ تىلىدىكى سۆز بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا ئارتۇقچە «كى» قوشۇلۇپ قالغان. «رېئال» بىزگە رۇسچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۈپەت بولۇپ، «نى» (ئەسلىسى: ный) رۇس تىلىدىكى سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە، ئەمما بىز بۇ قوشۇمچىنىڭ ياردىمىسىزمۇ «رېئال»نى سۈپەت دەپ چۈشىنىمىز. مىسال (2) دە ئىككىنچى مىسرادىكى «نەسلى»گە قوشۇلغان «دىن» قوشۇمچىسىمۇ ۋەزىن ئېھتىياجىدىن قوشۇلغان بولۇپ، بۇ مىسرا «كەتتىمىكىن يا نەسلى قۇرۇپ» دەپ ئېلىنسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. چۈنكى، «نەسلىدىن قۇرۇپ كەتتى» دېيىدىغان گەپ ئۇيغۇر تىلىغا يات، چۈشىنىكسىز. مىسال (3) تىكى چاتاق دەل «جىگدىزارلىق»، «قامغاقزارلىق» تا «زار» قوشۇمچىسى پارسچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، بىزدىكى «لىق ـ لىك ـ لۇق ـ لۈك» بىلەن باراۋەر. يەنى تۈرغۇن سۆزلەردىن تۈرغۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، ئىسىمغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم بىلدۈرگەن شەيئى كۆپ جاينى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، گۈلزار، چىمەنزار ...... ۋەھاكازالار. تىلىمىزدىكى «ـ لىق، ـ لىك، ـ لۇق، ـ لۈك» قوشۇمچىسىمۇ «زار»غا ئوخشاشلا فۇنكسىيەگە ئىگە. ئەگەر بىز بۇ ئىككى قوشۇمچىنى ئۈستى ـ ئۈستىگە قاتلاپ ئىشلەتسەك، «جىگدىلىكلىك، گۈللۈكلۈك، چىمەنلىكلىك، قامغاقلىقلىق ......» دېگەندەك كۈلكىلىك سۆز بولۇپ قالىدۇ.

2) ھالەتنىڭ جۈملىدە نامۇۋاپىق ئىشلىتىلىشى

ھەممىمىزگە مەلۇم، ھالەت جۈملىدە ئىش ـ ھەرىكەت ۋە خۇسۇسىيەتنىڭ تۈرلۈك ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئەگەشمە بۆلەك بولۇپ، ئۆزى باغلىنىدىغان سۆز بىلەن ياندىشىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ.

جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ قانداق تەرتىپتە ئورۇنلىشىشى ھەربىر تىلنىڭ سىنتاكسىلىق ئالاھىدىلىكىگە باغلىق. ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۈملە بۆلەكلىرى، مەيلى ئۇ باش بۆلەك ياكى ئەگەشمە بۆلەك بولسۇن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بەلگىلىك تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشقان بولىدۇ. بەزى بۆلەكلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولسىمۇ، بەزى بۆلەكلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ، ياندىشىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن بۆلەكلەرنىڭ ئورنى تۇراقلىق بولغانلىقتىن، بۇلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. جۈملىدىن ھالەتمۇ شۇنداق.

ھالەت جۈملىدىكى مەنىسىگە ئاساسەن سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتى، ئورۇن ھالىتى، سەۋەب ھالىتى، مەقسەت ھالىتى دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. مەن بۇ يەردە پەقەت ۋاقىت ھالىتى ئۈستىدە توختالماقچى. ۋاقىت ھالىتى جۈملىدە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇندالغان ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

(1) قاسىم 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بېيجىڭدىن قايتىپ كەلدى.

(2) ئاپتونوم رايون رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كانادالىق مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

(3) ئامېرىكا - ئەنگلىيە ئايروپىلانلىرى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئافغانىستانغا قارىتىلغان ھۇجۇمنى باشلىدى.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى»، «8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى»، «10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى» دېگەنلەر ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇندالغان ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. ئەمما ھازىر بەزى گېزىت - ژۇرناللىرىمىزدا بۇ خىلدىكى جۈملىلەر خەنزۇ تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە، تەرجىمە جەريانىدا ئەسلىدىكى ئورنى قانداق بولسا، شۇ پېتى كۆچۈرۈلۈپ قويۇلىۋاتىدۇ. مەسىلەن:

1) 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، قاسىم بېيجىڭدىن قايتىپ كەلدى.

2) 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئاپتونوم رايون رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت كانادالىق مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

3) 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئامېرىكا - ئەنگلىيە ئايروپىلانلىرى ئافغانىستانغا قارىتىلغان ھاۋا ھۇجۇمىنى باشلىدى.

ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىدىكى ھالەتنى جۈملىنىڭ بېشىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئارقىغا پەش قويىدىغان ئادەت مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇنداق بولسا بۇ ئادەت قانداق پەيدا بولۇپ قالغان؟ مېنىڭچە، بۇنى تەرجىمانلىرىمىزنىڭ «تۆھپىسى» دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار تەرجىمىدە ئەسلىيگە سادىق بولۇش پرىنسىپىغا قارىغۇلارچە ئېسىلىۋېلىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل ئادىتىنى ئۇيغۇر تىلىغا زورمۇزور سۆرەپ كىرگەن، مەن ئەسلىيگە سادىق بولۇشقا قارشى ئەمەس، بىراق ئەسلىي مەزمۇنىغا سادىق بولماي دەپ ئۆز تىل ئادىتىنى دەپسەندە قىلىشقا قارشىمەن.

3) مەنىداش سۆزلەرنىڭ تۈس مەنىسىنى پەرقلەندۈرمەي ئىشلىتىش. ئۇيغۇر تىلى مەنىداش سۆزلەرگە تولىمۇ باي بىر تىل. ئەمما بەزى ئاپتورلار (بۇنىڭ ئىچىدە مۇھەررىرىمۇ بار) سۆز تاللىغاندا ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، ئۆزى ئىپادىلەۋاتقان كونتېكستنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن سۆز تاللاشقا ئېرىنەمدۇ ياكى ئۆزىنىڭ تىل ئىقتىدارى تۆۋەنمۇ، ئىشقىلىپ ئىشلەتكەن سۆزلىرى «چىڭگىت چېقىپ»، ئوقۇغان كىشىنىڭ «ئاچقان يېرىگە» بارمايدۇ. مەسىلەن:

(1) ئادىلنى ھازىردىن باشلاپ ئوقۇشقا، مەكتەپكە ھەۋەسلەندۈرۈش كېرەك («گۈلزارلىق ھويلىدىكى كىشىلەر»).

(2) ئېغىلدىكى قويلار ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا توختىماي يۈگۈرۈشۈپ، مە ... مە ... دەپ ۋارقىراپ كېتىۋاتاتتى ... («كۆزگە ئايلانغان كۆكۆل»).

(3) ...... خەلچىخان ھويلىدىكى ئوچاقتا قوناق مەدىكىنى كۆيدۈرۈپ، بىر قازان گۆل سىلىنغان سىقماقنى پىشۇرۇپ بولدى («كۆزگە ئايلانغان كۆكۆل» 64 - بەت).

(4) ئاكا - سىڭىل خۇشال ھالدا چاقچاقلىشىپ كۈلۈشۈپ، ئېغىلدىكى مەھەللىۋى ئوغۇتنى كەچ بولغۇچە ئېتىزلىققا ئاپىرىپ بولدى («كۆزگە ئايلانغان كۆكۆل»، 55 - بەت).

(5) ... مانا مۇشۇنداق قول كۆندۈرۈش كېرەك، ئۇ زەخمەك تۇتقان قولىنى كۆتۈرۈپ باللارغا ئۈلگە كۆرسەتتى («باياۋاندىكى گۈلخان»، 42 - بەت).

مىسال (1) دە «ھەۋەسلەندۈرۈش» دېگەن سۆز جايىدا ئىشلىتىلمىگەن. چۈنكى، «ھەۋەس» دېگەن ئىسىمنى « - لەندۈر» نى قوشۇپ بۇيرۇق پېئىلى، يەنە ئۇنىڭغا «- ۇش» نى قوشۇپ ئىسىمداش ياساش تىلىمىزنىڭ گىرامماتىكىلىق قائىدە - قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ھەۋەس» كىشىدە قوزغىلىدىغان تەبىئىي تۇيغۇ. ئۇنى بۇيرۇق شەكلىدە ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ. تىلىمىزدا ئەزەلدىن قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان «قىزىقىش» سۆزى بۇ جايغا تازا باب كېلىدۇ. مىسال (2) دىكى «ۋارقىراپ كېتىۋاتاتتى» دېگەن سۆز بىرىكمىسى خاتا ئىشلىتىلگەن. چۈنكى «ۋارقىراش» ئادەملەرگە خاس ئاۋاز ھەرىكىتى بولۇپ، قوينى «ۋارقىراش» دەپ ئەمەس، بەلكى «مەرەش» دەپ ئېلىش كېرەك. مىسال (3) تە ئاپتور كونتېكستتا چۈشەنگىلى بولىدىغان جەريانلارنىمۇ ئارتۇقچە بايان قىلىپ، جۈملىنى زىيادە ئۇزارتىۋەتكەننىڭ ئۈستىگە «كۆيدۈرۈپ» سۆزىنى خاتا قوللىنىپ، جۈملىنى تېخىمۇ كېلەڭسىزلەشتۈرۈۋەتكەن. تىل ئادىتىمىز بويىچە، ئوتۇن - كۆمۈر قاتارلىق يېقىلغۇلارنى «كۆيدۈرۈپ» ئەمەس، بەلكى «قالاپ» دەيمىز. مىسال (4) تە بىرىنچىدىن، «خۇشال ھالدا» سۆزى ئارتۇق ئىشلىتىلگەن. چۈنكى، چاقچاقلىشىپ، كۈلۈشۈپ، دېگەك قىلىۋاتقان ئاكا - سىڭىلنىڭ خۇشاللىقى ئۆزىدىن مەلۇم، ئۇنىڭغا ئارتۇقچە ئېنىقلىما بېرىش بىھاجەت. ئىككىنچىدىن، «مەھەللىۋى ئوغۇت» بىر خىل ئۇقۇملاشقان كەسپىي ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەدەبىي تىلدا «قىغ، ئوغۇت» دەيدىغان مەنىداشلىرى بار. ئادەتتە تىلىمىزدا كۆپىنچە مۇشۇ مەنىداشلىرى قوللىنىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر بولغانىكەن، ئەلۋەتتە ئۆزىگە خاس سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك.

مىسال (5) تە «زەخمەك تۇتقان» دېگەن سۆز توغرا ئىشلىتىلمىگەن، ئادەتتە راۋاب، ماندالىن قاتارلىقلار زەخمەك بىلەن، تەمبۇر ناخۇن بىلەن چېلىنىدۇ.

كونتېكىستتا مەمتىلى تەۋپىقنىڭ تەمبۇر چېلىۋاتقانلىقى بايان قىلىنىۋاتقانىكەن، ئەلۋەتتە ناخۇن بولۇشى كېرەك.

ئومۇملاشتۇرغاندا، تىلنى مەنە ئېھتىياجىغا ئاساسەن دەل، توغرا، ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئىشلىتىش ئوي - پىكىرنى ئاپتورنىڭ مۇددىئاسى بويىچە توغرا ئىپادىلەشنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا ئاپتور، مۇھەررىرلەرگە قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپ.

4) پەشنى قالايمىقان ئىشلىتىش

تىنىش بەلگىلىرى ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى بىلەن مەيدانغا كېلىپ، تىل ۋە تەپەككۇرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مۇكەممەللەشكەن ھەمدە ئوي - پىكىرنى توغرا ئىپادىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان ۋاستىگە ئايلانغان.

تىلدا تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا قوللىنىش بىر تەرەپتىن ئالغاندا ئىلمىي مەسىلە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا ئادەت مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا قوللىنىش - قوللانماسلىق ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش - قىلماسلىققا بېرىپ تاقىلىدۇ. مەن بۇ يەردە ئاساسلىقى تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىچىدىكى پەشنىڭ قالايمىقان ئىشلىتىلىشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچى.

پەش ئادەتتە جۈملىدىكى تەڭداش تەركىبلەرنى ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ، تەڭداش تەركىبلەرنى ئايرىشتىكى رولى چېكىتلىك پەشتىن سەل تۆۋەن تۇرىدۇ. مەسىلەن:

مەمەت، ئەمەت، سەمەتلەر بىللە ئۆگىنىش قىلدى.

ئۇ ھەم شائىر، ھەم ئۇستا ھەيكەلتىراش ئىدى.

ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەتبۇئاتلىرىمىزدا پەشنى قالايمىقان قوللىنىش ئەھۋالى خېلىلا كۆپىيىپ قالدى. پەش قويسىمۇ، قويمىسىمۇ، بولىدىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، پەش قويۇش ھاجەتسىز بولغان جايلارغىمۇ زورلاپ پەش قويىدىغان ئىشلار تولا ئۇچرايدۇ. ئەگەر شۇنچە سىلىق، راۋان جۈملىگە مەجبۇرىي پەش قويۇلسا، مۇقەررەر ھالدا جۈملىنىڭ راۋانلىقىغا دەخلى يېتىدۇ. مەسىلەن:

(1) بىر ساقچى، قاتناش ھادىسىسى يۈز بەرگەن جايغا يېتىپ باردى.

(2) بىردەمدىن كېيىن، دىرېكتور قايتىپ كەلدى.

(3) گاگارىنىنىڭ تاللىشى، تاسادىپىي ئەمەس.

يۇقىرىقى مىساللاردا پەش ئارتۇقچە. ئالدىنقى مىسالدا ئەگەر «بىر ساقچى، بىر دوختۇر قاتناش ھادىسىسى يۈز بەرگەن جايغا يېتىپ باردى» دېيىلگەن بولسا، «ساقچى» بىلەن «دوختۇر» نىڭ ئوتتۇرىسىغا پەش قويۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان بولاتتى. كېيىنكى مىساللاردا پەش قويۇلمايدىغان ئورۇنغا خاتا پەش قويۇلغان.

## 2. تەرجىمىدە كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەر

نۆۋەتتە، تەرجىمىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىن تارتىپ، تېخنىكىلىق پائالىيەتلىرىمىزگىچە بولغان تەسىرى زور بولماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە، تەرجىمىنىڭ تىلىمىزغا بولغان تەسىرى ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ، تەرجىمىنىڭ ئىجابىي تۈرتكىسى بىلەن تىلىمىزنىڭ سىغىمچانلىقى، ئىپادىلەش ئۈنۈمى ۋە قۇرۇلمىسى كۈندىن - كۈنگە بېيىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تەرجىمىنىڭ تىلىمىزغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىش ئەھۋالىمۇ كۆرۈلمەكتە، ئەڭ مۇھىمى بىزنىڭ مەتبۇئاتلىرىمىزدىمۇ بۇ خىل ناچار ئەھۋاللار ئەۋج ئالماقتا. بۇنىڭدا تەرجىمانلىرىمىز ۋە مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ زور مەسئۇلىيىتى بار، مۇھەررىر ئەسەرنى ياخشى تەھرىرلىيەلەيمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئۆز ئانا تىلىغا پىششىق بولۇشى، ئۆز ئانا تىلىدىكى سۆز ئىبارىلەرنىڭ مەنتىقىسى، مەنىسىنى ئېنىق بىلىشى كېرەك. شۇندىلا مۇھەررىر تەھرىرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىيەلەيدۇ ھەم ئانا تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئانا تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

نۆۋەتتە كىتاب - ژۇرناللاردا مۇشۇنداق مەسىلىلەر پات - پات كۆرۈلۈۋاتىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئېسىلغىنى: «گىلدىڭباش كومىلىچى» (شىنجاڭ گېزىتى، 2005 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى). توغرىسى: باش گىلدىڭلىتىش كومىلچى.

(2) ئېسىلغىنى: «خاربىن شەھەرلىك ئايلىنىپ ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ساقچىلار» (شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى؟).

توغرىسى: خاربىن شەھەرلىك چارلىغۇچى ساقچىلار.

(3) ئېسىلغىنى: «مىكرو يۇمشاق دېتال شىركىتىنىڭ لىدىرى بېئېرگەيتىسنىڭ ...»، (ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى، 2000 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى).

توغرىسى: مىكروسوفت شىركىتىنىڭ لىدىرى بىل گېيتسنىڭ ...

تامچە سۇدىمۇ قۇياش نۇرى ئەكس ئېتىدۇ دېگەندەك يۇقىرىقى خاتالىقلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تىل - يېزىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەرقانداق ئادەم جۈملىدىن تەرجىمان، مۇھەررىر، كوررېكتور ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تىل - يېزىق خادىملىرى چوقۇم ئۆز

ئانا تىلنى قەدىرلىشى، ئۇنى كۆز - قارچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، ئۆز ئانا تىلىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى پىششىق ئىگىلىشى، كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

تۆۋەندىكى مىسالغا قارىساق:

今天,在乌鲁木齐接受培训的 9 名学员返回喀什.

بۈگۈن ئۈرۈمچىدە تەربىيەلەنگەن توققۇز نەپەر كۇرسانت قەشقەرگە قايتتى. بۇ جۈملىدىكى «بۈگۈن» سۆزى تەرجىمىدە دەل جايىغا قويۇلمىغان، مۇھەررىرمۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان. بىر قارىسىڭىز، بۇ جۈملىدىن «توققۇز نەپەر كۇرسانت ئۈرۈمچىدە بۈگۈن تەربىيەلەنگەن» دېگەن خاتا مەنە چىقىپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ. خەنزۇچە جۈملىدە ئەسلىي دېمەكچى بولغىنى «ئۈرۈمچىدە تەربىيىلەنگەن توققۇز نەپەر كۇرسانت بۈگۈن قەشقەرگە قايتتى» ئىدى. مۇھەررىر بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلماي ئۆتۈپ كەتكەن - دە، ئەسلىدىكى ئېنىق مەنىلىك جۈملىنى ئىككى بىسلىق قىلىپ قويغان. دېمەك، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۈملە تۈزۈش قائىدىسى بىر - بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، خەنزۇچە يازمىلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق قائىدىسىگە چۈشۈرۈپ، ئۆلچەملىك ئىپادىلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

ھازىر بىزدە «ھويلا - ئارامنى ئالىيە سۈپۈرۈپ پاك - پاكىز قىلىۋېتىپتۇ» دېسە، ھېچكىم ھەيران قالمايدۇ. بۇنى ئەسلىي «ئالىيە ھويلا - ئارامنى سۈپۈرۈپ پاك - پاكىز قىلىۋېتىپتۇ» دېسە توغرا بولاتتى ھەم شۇنداق دېيىلەتتى. مۇشۇنداق دەسلەپتە غەلىتىلىك ھېس قىلساقمۇ «مەنە چۈشىنىشلىك بولغاندىكىن بولدى» دەپ كېتىۋەرسەك، بولۇپمۇ بۇنداق خاھىشلارغا رەسمىي مەتبۇئاتلاردىمۇ يول قويۇۋەرسەك، تىلىمىزنىڭ تەرەققىياتى نەگە بارىدۇ؟!

ئومۇملاشتۇرغاندا، تەھرىرلىك كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە يۇقىرى سەزگۈرلۈك تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە خىزمەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھەررىر تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسى ۋە ئىستېمال مەنىسىنى توغرا ئىگىلىشى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۈملە تۈزۈش قانۇنىيىتىدىن خەۋەردار بولۇشى لازىم. مۇھەررىر ئاپتورنىڭ دېمەكچى بولغان ئوي - پىكرىنى توغرا تونۇپ، ئۇنى مۇۋاپىق سۆز بىلەن دەل ۋە كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەندىلا، ئاندىن ئۇ ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە مۇئەييەن تۈيغۇ ۋە تەسىرات پەيدا قىلالايدۇ.

## پايدىلانمىلار

1. ئەنۋەر ھوشۇر، ئابدۇرېھىم زۇنۇن: «ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى تىل مەسىلىلىرى»، تورپان، «تورپان» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 4 - سانى.

2. خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 104 - بەت.

3. كۆرەش تاھىر: «ئەدەبىيات تىلشۇناسلىقى ھەققىدە»، ئۈرۈمچى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىللىق 1 - سانى.

4. قەمەرىدىن ئەخمەت: «تىل ئادىتىمىزنى بۇزمايلى»، ئۈرۈمچى، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2005 - يىللىق 3 - سانى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# 2010 - يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجە

× × ×

ئۇيغۇرلارنىڭ تۆت تەرەپ ھېرىسمەنلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە ……………………
…………………… غەيرەتجان ئوسمان ئۇدغۇر (1 - سان 1 - بەت)

ئۇيغۇر كلاسسىك لىرىكىلىرىدىكى «يار» ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ مەنە قاتلاملىرى توغرىسىدا……………
…………………… گۈلجامال مەمتىمىن (1 - سان 15 - بەت)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ماكياۋېللىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى توغرىسىدىكى ئىدىيەسى ئۈستىدە سېلىشتۇرما مۇلاھىزە …………………… تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا (1 - سان 25 - بەت)

ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ۋە فولكلور تەتقىقاتى توغرىسىدا …… ئابلىمىت يۇنۇس (1 - سان 35 - بەت)

رامكا سېمانتىكىسى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ رامكا سېمانتىكا قامۇسى تەتقىقاتى توغرىسىدا ……………
…………………… ئۆمەرجان قۇربان، غالىپ قۇربان (2 - سان 1 - بەت)

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كارىزغا مۇناسىۋەتلىك ئېتىقاد ئادەتلىرى ……………………
…………………… ئامانگۈل ھەبىبۇل (2 - سان 9 - بەت)

«چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئىملاسى توغرىسىدا ……………
…………………… ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ (2 - سان 15 - بەت)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيەسى توغرىسىدا……………
…………………… ئابدۇرېھىم راخمان (2 - سان 24 - بەت)

«تۇرپان مۇقامى» ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە…………… تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش (3 - سان 1 - بەت)

يازغۇچى ئۇچۇن تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە باشتىن كەچۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ……………
…………………… ئەخمەت سەيدۇللا (3 - سان 15 - بەت)

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار يېتەكچىلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسىنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىدىكى رولى توغرىسىدا ……………
…………………… ئەركىن مۇھەممەتتۇرسۇن (3 - سان 21 - بەت)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدا
…………………… ماھىرە ئابلىز (3 - سان 29 - بەت)

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ئات ۋە ئات مەدەنىيىتى ……………………
…………………… ئابدۇكېرىم رەخمان (4 - سان 1 - بەت)

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ……………
…………………… ئابلىكىم ياسىن (4 - سان 9 - بەت)

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئادەت قانۇنلىرى بىلەن دۆلەت تۈزگەن قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە……………
…………………… تۇرسۇننىياز ساۋۇر (4 - سان 17 - بەت)

شىنجاڭنىڭ 60 يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر، ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ تەدبىرلىرى توغرىسىدا …………… خېلىل مۇھەممەت (4 - سان 26 - بەت)

× × ×

ھۆكۈمەتنىڭ «خەلق رازى بولىدىغان مائارىپ بەرپا قىلىش» ئىستراتېگىيەسى ۋە دۇچ كېلىدىغان خىرىس
…………………… تۇرسۇن قادىر (1 - سان 42 - بەت)

ئالىي مەكتەپلەر ئەخلاق تەربىيەسىدىكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشلەك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇياقىي ئۆزگىرىشلەرگە نەزەر ........................ خالىق جاپپار (1 ـ سان 48 ـ بەت)
جەمئىيەت كەيپىياتى بىلەن پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ........
........................ ئابدۇللا ئىسمائىل (1 ـ سان 55 ـ بەت)
يېڭى دەۋردىكى ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ يېڭى ئىدىيەسى، يېڭى تەلىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىش ۋە توغرا ئىگىلەش توغرىسىدا ........................ قاسىمالى جۇماخۇن (1 ـ سان 61 ـ بەت)
مۇھىت مەسىلىسى ۋە بايلىق تېجەر، مۇھىت سۆيەر جەمئىيەت بەرپا قىلىش توغرىسىدا........................
........................ ياقۇپجان تىلەك (2 ـ سان 30 ـ بەت)
شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئاممىۋى مۇلازىمەت قۇرۇلۇشى ۋە يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشى توغرىسىدا
........................ ئابدۇۋەلى ھېمىت (2 ـ سان 35 ـ بەت)
مەمۇرىي نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا ........................
........................ ماھىرە مۇتەللىپ (3 ـ سان 38 ـ بەت)
ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتى — ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ ئاساسى ........
........................ ئىلھام ياسىن، غۇنچەم رەجەپ (3 ـ سان 42 ـ بەت)
باي ـ نامراتلىق پەرقىنى كىچىكلىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقتا كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا ........................
........................ ھۆرنىسا قاسىم (3 ـ سان 46 ـ بەت)
ستۇدېنتلارغا قارىتىلغان سەممىيەت تەربىيەسىنىڭ ئۇسۇلى ۋە يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش ........................
........................ ئەنۋەر ئېزىز (4 ـ سان 35 ـ بەت)
تارىخىي كوچا مەھەللىلەرنى قوغداش، ئېچىش خىزمىتىنى ماس ھالدا ئېلىپ بېرىشنىڭ قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى ھەقىقىي نامايان قىلىشتىكى مۇھىملىقى توغرىسىدا........................
........................ مۇھەممەت زۇنۇن ئابدۇكېرىم، ۋاڭ جيەنبىن (4 ـ سان 42 ـ بەت)
شەھەرلىشىش تەرەققىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان تەسىرى توغرىسىدا ........................
........................ گۈلزەپەر مۇھەممەت (4 ـ سان 50 ـ بەت)

× × ×

«سېمانتىكا» ئاتالغۇسى توغرىسىدا ........................ مۇبارەك ناسىر (1 ـ سان 64 ـ بەت)
شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەرجىمە پروگراممىلىرى ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل ........................
........................ شەمشىقەمەر ئەمەت (1 ـ سان 68 ـ بەت)
قارشىلاشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى توغرىسىدا ........................ ئامىنەم مەمتىمىن (2 ـ سان 40 ـ بەت)
ئۇيغۇر تىلى جۈملە تەھلىلچىلىكىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ........................
........................ يارى ئەبەيدۇللا (2 ـ سان 46 ـ بەت)
ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى قوللىنىش جەريانىدىكى رېتىمدارلىق مەسىلىسى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ........................ مياۋ دۇڭشيا، ئاسىمە ئىلھام (2 ـ سان 54 ـ بەت)
«ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەرنى لاتىن ھەرپلىرى بىلەن ئىپادىلەش لايىھەسى»گە پىكىر ۋە تەكلىپ ........
........................ نىزامىدىن نىياز شانلا (2 ـ سان 60 ـ بەت)
ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى يولڭ توقۇمىچىلىقى توغرىسىدا........................
........................ گۈلزار سابىت (2 ـ سان 63 ـ بەت)
توپونومىيەلىك ئەسەر — «ئاتۇش» توغرىسىدا ........................ مۇلۇك ھاجى (2 ـ سان 67 ـ بەت)
قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ........................
........................ ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات (3 ـ سان 51 ـ بەت)
قوش تىل ئوقۇتۇشىنىڭ ھازىرقى ھالىتى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرى توغرىسىدا
........................ گۈلباھار ھېيت (3 ـ سان 55 ـ بەت)
ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا ...... مالىك چانىشىق (3 ـ سان 60 ـ بەت)

يىپەك يولىدىكى قىياتاش سىزمىلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئىپتىدائىي تەنتەربىيە ......
...... ماھىنۇر غوپۇر (3 ـ سان 64 ـ بەت)

سۆزنىڭ كۆچمە مەنىلىرىنىڭ شەكىللىنىش يوللىرى توغرىسىدا ......
...... يارى ئەبەيدۇللا (4 ـ سان 55 ـ بەت)

ئالىي مەكتەپ ئىستىلىستىكا ئوقۇتۇشى ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىيالىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر توغرىسىدا ......
...... ئىسمەت قاسىم (4 ـ سان 60 ـ بەت)

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىغا نەزەر ......
...... زۇلپىيە ياسىن (4 ـ سان 68 ـ بەت)

«قۇتادغۇبىلىك»تىكى كۆپ خىل مەدەنىيەت توغرىسىدا قىسقىچە بايان ......
...... ئەزىزە ئەبەيدۇللا (4 ـ سان 74 ـ بەت)

بۇددا «جاتاكا» چۆچەكلىرى ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدا ......
...... ئەنۋەر مەتسەيدى (4 ـ سان 81 ـ بەت)

ئابدۇرېھىم نىزارى داستان ئىجادىيىتىدىن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتۈشۈش ـ سىڭىشىش ھادىسىسىگە نەزەر ...... ئابدۇۋەلى ئابدۇكېرىم (4 ـ سان 92 ـ بەت)

× × ×

ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» ...... كېرىمجان ئابدۇرېھىم (1 ـ سان 75 ـ بەت)

غەزەل ژانىرى ھەققىدە ...... ئابلىز ھەمدۇللا (1 ـ سان 83 ـ بەت)

«ئۆچمەس ئىزلار» رومانى توغرىسىدا ...... گۈلشەن بەسىر (1 ـ سان 91 ـ بەت)

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ۋە فولكلور مەدەنىيىتى ...... زۇمرەت غاپپار (1 ـ سان 99 ـ بەت)

«ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى پوقراسى» ئۆز دەۋرىنىڭ بەدىئىي سۈرىتى ......
...... مۇھەررەم مىرئابدۇللا (1 ـ سان 109 ـ بەت)

روزى سايىت شېئىرلىرىدىكى رادىفلار ھەققىدە ......
...... ئابلىمىت ئابدۇراخمان (2 ـ سان 73 ـ بەت)

1930 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئويغىنىش ھەرىكىتى ۋە يېڭى مائارىپ ......
...... رىشات ئاسىم (2 ـ سان 83 ـ بەت)

دىيالوگ ۋە ئۇنىڭ ئاخبارات ئەسەرلىرىدە قوللىنىلىشى ......
...... ئوسمان ئۆمەر ئوغلاقچى (2 ـ سان 90 ـ بەت)

مۇكەممەللىك پىسخىكىسى توغرىسىدا ...... دىلمۇرات باۋدۇن (2 ـ سان 102 ـ بەت)

دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق ئىش ـ ئىزلىرىغا دائىر شېئىرىي ـ داستانلار توغرىسىدا ...... نۇرگۈل نۇرسۇن (3 ـ سان 71 ـ بەت)

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ......
...... ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق (3 ـ سان 78 ـ بەت)

تۇرسۇن قۇربانىنىڭ باللار ئەدەبىياتى تەتقىقاتى توغرىسىدا ...... بۇلبۇل ئەكرەم (3 ـ سان 90 ـ بەت)

لايىھەلەش سەنئىتى كەسپىنىڭ ئىسلاھاتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ......
...... ياسىنجان جارۇللا (3 ـ سان 101 ـ بەت)

ئەدەبىياتتىكى مۇھىت ئېڭى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئەھمىيىتى ......
...... ئابلاجان مۇھەممەد ئۇمىدىيار (4 ـ سان 99 ـ بەت)

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە «ئاياللار ئەدەبىياتى»نىڭ ئىپادىلىرى ......
...... ئايىسىمە ئىدرىس، ئامانگۈل ئىمىن (4 ـ سان 105 ـ بەت)

كىنو ـ تېلېۋىزىيە تەنقىدچىلىكىمىز توغرىسىدا ئومۇمىي تەھلىل ......
...... ئەنۋەر رەھىم (4 ـ سان 113 ـ بەت)

× × ×

جىنايەت ئۆتكۈزگەن قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە بېرىلىدىغان قانۇنىي جازا توغرىسىدا ئىزدىنىش ...............
............... راملە رەخمىتۇللا، ئايشەم ئەخمەت (1 ـ سان 117 ـ بەت)
قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى رولى توغرىسىدا ...............
............... ئارزۇگۈل موھىدىن (1 ـ سان 122 ـ بەت)
فازشىزىمغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا ...............
............... ئابدۇفەيۇم مۇسا (1 ـ سان 129 ـ بەت)
يىپەك يولىدىكى سودا ۋە پۇل............... مۇھەممەتزۇنۇن ئابدۇكېرىم (1 ـ سان 135 ـ بەت)
ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ۋە غەرب مۇتەپەككۇرلىرىدىن يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلەن توماس ئاكۇيناسىنىڭ قانۇن ئىدىيەسى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات............... ئەركىن سامساق (2 ـ سان 108 ـ بەت)
«ئەمگەك توختامى قانۇنى»دىكى يېڭىلىقلار توغرىسىدا ............... مۇھەممەد ھاجى (2 ـ سان 116 ـ بەت)
يوللۇق قوغدىنىشتىكى چەكسىز قوغدىنىش توغرىسىدا ............... نىياز ئىمىن (3 ـ سان 106 ـ بەت)
ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى ۋە خەلقئارا ئىقتىسادىي قانۇن تەرەققىياتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى توغرىسىدا مۇلاھىزە
............... ئەخمەت مامۇت (3 ـ سان 114 ـ بەت)
مەملىكىتىمىزدە يېڭى دەۋردە ئۇيغۇر تارىخىنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا...............
............... ئەخمەت مۆمىن تارىمى (3 ـ سان 121 ـ بەت)
تەشۋىش ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى پىسخىك ئامىللار توغرىسىدا ...............
............... ئاسىيە ھېكىم (3 ـ سان 128 ـ بەت)
ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاق ساپاسى توغرىسىدا ...............
............... شەرىپە ئابدۇغوپۇر (3 ـ سان 132 ـ بەت)

× × ×

مۇھەررىرلەر ساپاسىنىڭ نادىر ئەسەرلەرگە بولغان تەسىرى توغرىسىدا...............
............... مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار (3 ـ سان 137 ـ بەت)

ئىلمىي ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى قانداق يېزىش توغرىسىدا...............
............... شېرىن قوربان (4 ـ سان 123 ـ بەت)
كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ «كىرىش سۆز» ۋە «بەت بوسۇغىسى» ھەققىدە يۈزەكى مۇلاھىزە ...............
............... راملە مەمتىمىن (4 ـ سان 128 ـ بەت)
كىتاب ـ ژۇرنال تەھرىرلىكىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ...............
............... ئېلنۇر سابىر (4 ـ سان 132 ـ بەت)

# Journal of Xinjiang University

**(Philosophy And Social Sciences, Uygur Edition)**

№. 4. 2010 (**Total**: 124)


# Contents


On the Horse and Horse Culture in Divanu Lughat it Türk(The Complete Turkish Dictionary) ........ *Abdukerim Rehman* (1)

On the Historical Backgrounds of Ancient Uyghur Secular Records ........ *Ablikim Yasin* (9)

On the Relationship between Minority Customary Law and the National Law ........ *Tursunniyaz Sawur* (17)

On Achievements, Existing Problems and Measurements of Social and Economical Developments of XJ ........ *Helil Muhammad* (26)

Ways and Means Credit Education of College Students ........ *Enwer Eziz* (35)

On the Importance of Protection of Streets and Aleys, Rational Development and Manifestation of the Historical Features of Ancient City—Kashgar ...... *Muhemmet Zunun Abdukerim, Wang Jianbin* (42)

On the Impact of the Urbanization on the Traditional Culture ........ *Gulzeper Muhammad* (50)

On the Ways of Transferred Meaning ........ *Yari Ebeydulla* (55)

Problems on University Teaching Rhetoric and Teaching Materials ........ *Esmet Qasim* (60)

A Brief View of Grain—processing Technic of Uygur Ancestors ........ *Zulpiye Yasin* (68)

A Brief Analysis of Multi—culture in Wisdom of Royal Glory ........ *Ezize Ebeydulla* (74)

On the Jataka Stories of Buddhism and Uyghur Folk Oral Literature ........ *Enwer Metseydi* (81)

See the Interpenetration of Uyghur Written and Oral Literature from Abdurehin · Nizari's Narrative Poem ........ *Abduweli Abdukerim* (92)

The Significance of Environmental Awareness and Ecocriticism in Literature ........ *Ablajan Muhemmed Umidyar* (99)

Manifestation of "Female Literature" in Uyghur Poetic Circles in the New Era ........ *Aysime Idirs, Amangul Imin* (105)

Thorough Analysis of Film and Television Reviews ........ *Enwer Rehim* (113)

On the Wording of Abstracts ........ *Sherin Kurban* (123)

A brief Talk about Foreword and Preface of Publications ........ *Ramile Memtimin* (128)

Some Existing Problems in Publication Editing ........ *Elnur Sabir* (132)

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трехмесячный журнал философи и общественной науки на уйгурском языке)

№. 4. 2010г (общий № 124)


## Содержание


Конь и культура коня в《Словаре тюрских наречий》 ······················ Абдукэрим Рахман (1)

Исторический фон общественного обычая в древнем уйгурском языке ······ Абликим Ясынь (9)

Отношение между обычным правом национальных меньшенств и государственным законом ······
······························································ Турсуньнияз Савур (17)

Успехи и существующие проблемы социальной экономики СУАР за 60 лет и путь общественного развития ······························································ Хэлил Мухаммад (26)

О способах и пути воспитания честности среди студентов ······················ Анварь Эзыз (35)

Важность сохранения и открытия исторических улиц в развёртывании исторической особенности города Кашгарь ································ Мухаммад Зунун Абдукэрим, ВанДжяньбинь (42)

Влияние урбанизации на традиционную культуру ····················· Гульзапар Мухаммад (50)

Разные способы проявления переносного значения слов ···················· Ярн Эбейдулла (55)

Существующие проблемы в преподавании и учебных пособиях стилистики в вузах ···········
······························································ Исмат Касым (60)

О технических мастерствах в обработке зерна предников ····················· Зульфия Ясынь (68)

О разных культурах в эпосе《Кутадкубелик》 ··························· Эзизэ Эбейдулла (74)

О буддиских сказках《Джаката》и уйгурская устная народная литература ····················
······························································ Анварь Матсэйди (81)

Взгляд на уйгурскую письменную и устную литературу через эпос Абдурэхим Низари ······
······························································ Абдувэли Абдукэрим (92)

Роль сознания охраны природы и изучения экологии в литературе ···························
······························································ Абладжань Мухаммад Умидярь (99)

Проявление《Женской литературы》в современной уйгурской поэзии ·························
······························································ Айсимэ Идирись, Амангуль Имин (105)

Анализ кино—телевизионной критики ······························· Анварь Рэхим (113)

О правильном писании реферата научных статей ······················ Щирынь Курбань (123)

Анализ оглавления и предсловия книг и журналов ···················· Рамилэ Мамтимин (128)

О существующих проблемах в редактировании книг и журналов ········ Ильнур Сабыр (132)

# ئاپتورلار سەمىگە

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەملىكەت بويىچە «211 قۇرۇلۇشى»غا كىرگەن نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) بولسا، ئۇيغۇرچە تىل - يېزىقتا چىقىدىغان، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسى بويىچە نوپۇزلۇق پەسىللىك ژۇرنال. بۇ ژۇرنال 1999 - يىلى 9 - ئايدا ئۈتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپلەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇھاكىمە يىغىنىدا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرنىلى» بولۇپ باھالانغان. 2008 - يىلى «5 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. ژۇرنىلىمىزدا تۆت ئاساسىي پىرىنسىپنىڭ يېتەكچىلىكىدە پەلسەپە، لوگىكا، سىياسىي، ئىقتىساد، قانۇن - تۈزۈم، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، تىل - ئەدەبىيات، مائارىپ، مىللەتشۇناسلىق، ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق، دىن، قوش تىل ئوقۇتۇشى، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئائىت سەھىپىلەر ئېچىلغان. ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىمىز كۈچلۈك بولغان تەھرىر ھەيئەت قوشۇنىغا ئىگە. ئاپتورلارنىڭ ژۇرنىلىمىزنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشىنى ئارزۇ قىلىمىز. ژۇرنىلىمىزغا ماقالە ئەۋەتمەكچى بولغان ئاپتورلارنىڭ ماقالىنى تۆۋەندىكى تەلەپلەر بويىچە تەييارلاپ ئەۋەتىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!

ماقالىنىڭ ئۆلچىمىگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر:

1. ماقالە ئېمىسىنىڭ ئاستىغا ئاپتورلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، خىزمەت ئورنى، تۇرۇشلۇق شەھەر ۋە ئۇنىڭ پوچتا نومۇرى قاتارلىقلار ئەسكەرتىلگەندىن سىرت، ماقالە باش بېتىنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئاپتورنىڭ جىنسى، مىللىتى، يۇرتى، خىزمەت ئورنى، ئېلخەت ئادرېسى، ئىلمىي ئۇنۋانى ۋە كەسپىي ئۇنۋانى قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ئېنىق يېزىلىشى كېرەك. ئەگەر ئەۋەتىلگەن ماقالە ئاپتور ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەلۇم تەتقىقات تۈرىنىڭ بىر قىسمى بولسا، شۇ تەتقىقات تۈرى ۋە تۈر نومۇرى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.

2. ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى چوقۇم ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئۈچ خىل تىلدا يېزىپ چىقىلىشى كېرەك. قىسقىچە مەزمۇنى خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 300 خەت ئەتراپىدا، ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە خەت سانى شۇنىڭغا ماس مىقداردا بولۇشى كېرەك.

3. ماقالىنىڭ ئىملا ۋە گىراماتىكىسى توغرا، سۆز - جۈملىلەرنىڭ باش - ئايىغى ماسلاشقان، راۋان ۋە مەنتىقىغە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

4. ماقالىنىڭ ئابزاس، بۆلەكلەرگە ئاجرىتىلىشى مۇۋاپىق بولۇشى، ماقالىنىڭ ھەرقايسى تارماق تېمىلىرى دەرىجىگە ئايرىلىپ، تەرتىپ بويىچە يېزىلىشى كېرەك. ماقالىنىڭ خەت نۇسخىسى ئەلكاتىپ خەت كىرگۈزۈش يۇمشاق دېتالى تەمىنلىگەن خەت نۇسخىلىرى ئىچىدىن تاللانسا بولىدۇ. ماقالىدە پايدىلىنىلغان رەسىم، ھۆججەتلەر رەسىملەر شەكلىدە ماقالە بىلەن بىرلىكتە قوشۇپ ئەۋەتىلىشى كېرەك.

5. ماقالىدە پايدىلانمىلار ۋە ئىزاھلار (ئىزاھلار بەلگىسى تېكىست ئىچىدە رەت نومۇرى بويىچە ئېنىق كۆرسىتىلىشى) ماقالە ئاخىرىدا رەت تەرتىپى بويىچە بىر - بىرلەپ ئېنىق بېرىلىشى كېرەك.

پايدىلانمىلارنىڭ فورماتى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

پايدىلانما مەخسۇس ئەسەردىن ئېلىنغان بولسا "مەسئۇل كىشى ئىسمى: «ئەسەر ئىسمى»، نەشر قىلىنغان شەھەر: نەشرىيات نامى، نەشر قىلىنغان يىلى، پايدىلىنىلغان قىسمىنىڭ باشلانغاندىن - ئاخىرلاشقىچە بولغان بەت سانى". مەسىلەن: (115 ~ 111)

پايدىلانما تەرجىمە ئەسىرىدىن ئېلىنغان بولسا "ئەسلىي ئاپتور: «ئەسەر ئىسمى»، تەرجىمە قىلغۇچى، نەشر قىلىنغان شەھەر: نەشرىيات نامى، نەشر قىلىنغان يىلى، پايدىلىنىلغان قىسمىنىڭ باشلانغاندىن - ئاخىرلاشقىچە بولغان بەت سانى".

پايدىلانما ژۇرنال ماقالىلىرىدىن ئېلىنغان بولسا "ماقالە ئاپتورلىرى: «ماقالە نامى»، ژۇرنال نامى، يىلى، توپلام (سان): شۇ ماقالىنىڭ باشلانغاندىن - ئاخىرلاشقىچە بولغان بەت سانى".

پايدىلانما گېزىت ماقالىسىدىن ئېلىنغان بولسا "مەسئۇل ئاپتور، «ماقالە نامى»، گېزىت نامى، نەشر قىلىنغان يىل، ئاي، كۈن".

6. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەر بىرلا ۋاقىتتا باشقا ژۇرناللارغا ئەۋەتىلمەسلىكى كېرەك. ژۇرنىلىمىز ماقالىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۈچ ئاي ئىچىدە، قوبۇل قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ماقالە ئەۋەتىلگەندىن كېيىن قوبۇل قىلىنىش قىلىنماسلىقىدىن قەتئىينەزەر بىردەك ئاپتورغا قايتۇرۇلمايدۇ.

7. ژۇرنىلىمىز ماقالىلەرنى بىردەك تور ئارقىلىق قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. ماقالىلەرنى يۇقىرىدىكى ئۆلچەملەر بىلەن تەييارلاپ تۆۋەندىكى ئېلخەت ئادرېسى بويىچە ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسى قىلىپ ئەۋەتىشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!


ئالاقىلاشقۇچى: ئەخمەتجان ئۆمەر　　　يانفون: 13609976557

ئېلخەت ئادرېسى: ahmadjan@xju. edu. cn　　　مۇقىم تېلېفون: 0991—8582927


**شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

主　　编：阿布里克木·亚森
副 主 编：阿布都肉苏力·克其克阿洪
副 主 编：康巴尔尼沙·买买提阿吉
本期执行编辑：康巴尔尼沙·买买提阿吉
封面设计：亚森江·木沙

باش مۇھەررىر: ئابلىكىم ياسىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئابدۇرۇسۇل كىچىككىناخۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى
بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ياسىنجان مۇسا





# 新疆大学学报

（哲学社会科学维文版）

（季刊）

（1980 年创刊）

2010 年 12 月 1 日(第 31 卷第 4 期)

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

(پەسىللىك ژۇرنال)

نەشر قىلىنغان يىلى: 1980 ـ يىلى

2010 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (31 ـ يىللىق 4 ـ سان)

主管单位：新疆大学
主办单位：新疆大学
出版单位：新疆大学学报编辑部
地　　址：乌鲁木齐市胜利路 14 号
邮　　编：830046；电话：0991－8582927
电子信箱：xuebao@xju.edu.cn
印刷单位：新疆大学印刷厂
国内发行：全国各地邮政局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
（北京 399 信箱）
国际标准刊号：ISSN 1005－5878
国内统一刊号：CN 65－1034/G4－W
国外代号：5798(QR)
国内代号：58－13

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
نەشر قىلغۇچى ئورۇن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830046؛ تېلېفون نومۇرى: 0991－8582927
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: xuebao@xju.edu.cn
باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى خەلقئاراغا تارقىتىدۇ
(بېيجىڭ 399 ـ نومۇرلۇق خەت ساندۇقى)
خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى: ISSN 1005－5878
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65－1034/G4－W
خەلقئارالىق ۋاكالەت نومۇرى: 5798(QR)
مەملىكەت ئىچىدىكى ۋاكالەت نومۇرى: 58－13


定价：6.00 元

باھاسى: 6.00 يۈەن